

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر قەشقەرى




# ئاخىرلاشمىغان پاراڭلار



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئابدۇرۇسۇل ئۈمەر قەشقەرى



# ئاخىرلاشمىغان پاراڭلار

( مۇلاھىزە - مۇھاكىمىلەر توپلىمى )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

未完结的论谈/阿布都肉苏里·吾麦尔喀什噶尔编.
喀什:喀什维吾尔文出版社,2006.7
ISBN 7-5373-1493-4

Ⅰ.未… Ⅱ.①阿…②吾… Ⅲ.社会科学—文集
维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.C53

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 078575 号

责任编辑:欧斯满江·祖农
责任校对:阿尔祖姑丽· 斯迪克

未完结的论谈(论谈集)

作者:阿布都肉苏里·吾麦尔喀什噶里

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编:844000)
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 8.25 印张 2 插页
2006 年 7 月第 1 版 2006 年 7 月第 1 次印刷
印数:1 —— 3080 定价:14.80 元



# مۇھەررىردىن

سەمەرلىك مۇخبىر، پېشقەدەم ئەدىب، جەمئىيەتشۇناس ئابدۇ-رۇسۇل ئۆمەر قەشقەرى 1945 ـ يىل 11 ـ ئايدا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىنىڭ قۇمباغ (ئازىق) كەنتىدە ھۇنەرۋەن ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1967- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، «قايتا تەربىيە» ئالغاندىن كې-يىن، مەكىت ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، رادىئو ئۇزېلىدا تەشۋىقات ۋە مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1977- يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ «قەشقەر گېزىتى»دە مۇخبىر، مۇھەررىر، گۇ-رۇپپا باشلىقى، باش مۇھەررىر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى ۋە ئىدارە پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن.

ئۇ 36 يىللىق ئاخبارات ھاياتىدا، ياردەمچى مۇھەررىر، مۇھەر-رىر، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، ئالىي مۇھەررىرلىك كەسپىي ۋەزى-پىلىرىگە باھالىنىپ، جاپالىق ھەم تىرىشىپ ئىشلەپ، پۈتۈن ھاياتى-نى گېزىتچىلىك خىزمىتىگە بېغىشلاپ، گېزىت چىقىرىش خىزمىتى-نىڭ پۈتۈن ھالقىلىرىنى ھەم سىياسىي ۋە سۈپەت ئۆتكەللىرىنى چىڭ ئىگىلەپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەشۋىقات ـ ئاخبارات خىزمىتىگە زور تۆھپە قوشتى.

ئۇ، ئاخبارات كەسپىگە ئائىت نۇرغۇن ئىلمىي، تەتقىقات ماقا-لىلىرىنى ئېلان قىلىپ، ھەم مەخسۇس دەرسلىك تۈزۈپ ئاخبارات كۇرسلىرىدا دەرس ئۆتۈپ، مۇخبىر ـ مۇھەررىرلەرنى تەربىيىلىدى. ئاخبارات ژانىرلىرىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە 1000 پارچىدىن

ئارتۇق ئوقۇشچانلىقى كۈچلۈك ئاخبارات ئەسىرى، تەتقىقات، مۇلاھىزە ماقالىلىرىنى يازدى، بۇنىڭدىن 500 پارچىدىن كۆپرەكنى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرنال سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلدى. بىر قىسىم ماقالە - ئەسەرلىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئاخبارات ئەسىرى، ئىلمىي ماقالە بولۇپ باھالاندى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «يۇمۇرلار» (بىرلىكتە، 1986 - يىل)، «مەھمۇد كاشغەرى» (بىرلىكتە، 1985 - يىل)، «دېھقانلارنىڭ نىجاتلىق يولى» (1987 - يىل)، «جانان بىلەن ئېيتقان ناخشىلار» (بىرلەشمە شېئىرلار توپلىمى، 1992 - يىل)، «ئالدار كوسا لەتىپىلىرى» (2003 - يىل) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىندى.

ئۇ 1989 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى ۋە 1995 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىدا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات-سەنئەت خادىمى بولۇپ باھالاندى ھەم نامى «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر لۇغىتى» گە كىرگۈزۈلدى.

ئۇ، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

ئۇنىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن مۇھاكىمە - مۇلاھىزە ماقالىلىرىنىڭ قايىل قىلىش، تەسىرلەندۈرۈش، جەلپ قىلىش كۈچى يۇقىرى، تىلى راۋان، چۈشىنىشلىك، ئاممىباب، ئوقۇشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزنى چوڭقۇر ئىجتىمائىي بىلىمگە، تەجرىبە - ساۋاققا، بەلگىلىك قاراشقا ئىگە قىلىدۇ.

# مۇندەرىجە


نورۇز — تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىمى ............ 1
«كوكاچ بار» دەپ قورقۇتماسلىق، بەلكى ئەقىلغا ئىلھام
بېرىش لازىم ........................................ 10
ياشلار ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتكە داغ تەگكۈزمەسلىكى
كېرەك .......................................... 16
ياشلار ۋاقىتنى قەدىرلىشى كېرەك ........................ 18
چالىسى تولۇقلانغان گەپ ................................ 22
دەرەخ يوناشتىن ئويلىغانلىرىم ............................ 24
كوچىدىكى غەلىتە ھەييارلىق سەنئىتى ......................... 26
تىرىشقان بىلىم ئالار، ھورۇن كىشى يولدا قالار… ... 29
ئادىلىنىڭ روھىغا ئاپىرىن ............................... 34
«كۆرۈك توخۇ دانغا ئامراق» ............................ 38
ئىشقا قوبۇل قىلىنىدىغان ئورۇن نېمىشقا بوش
قالدى........................................... 40
كۆڭلۈمنى غەش قىلغان ئىككى ئىش .......................... 49
ئوقۇرمەنلەر نېمە دەيدىكىن ................................ 52
«قىرلىق ئىستاكان» تىراگېدىيىسىدىن تۇغۇلغان
ئويلار............................................ 57
قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلار ئالدىدا «ۋاك» دېمەسلىك
كېرەك .......................................... 62
خەلق جياۋ يۈيلۇدەك كادىرلارنى ياخشى كۆرىدۇ ......... 67
«ئەمەلدار» بولسا كۆڭ فەنسىيەندەك بولسا ... ........... 70

جەمئىيەت لېي فېڭ، كۇڭ فەنسېن روھىغا موھتاج ... 73

ھەر دەقىقە — پۇرسەت غەنىيمەت ...... 77

«كۆچەت» ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك ...... 83

«ئەللامە»لىق ھەممىدىن ئەلا ...... 87

«تونۇيدىغان كۆز بولسا يىلقىدا تۇلپار كۆپ» ...... 96

زېمىستان قىش رەھبەرلەرگە كۆز تىكىدۇ ...... 99

زېمىن كۈلۈمسىرىمەكتە ...... 102

ئىئانە ۋە جەرىمانە ...... 105

كىشىلەر «قىستۇرۇلما» بولۇۋالىدىغانلاردىن بىزار ...... 108

كۆزىڭىز قىزارمىسۇن ...... 110

«سۆزنىڭ قايمىقى تەنقىد» ...... 112

ئامىيۇبا تىپىدىكى كىشىلەر توغرىسىدا ...... 114

ئاسانلىقچە باش لىڭشىتمايدىغانلار ...... 116

«شۇكۇر» دەپ ياشاۋەرمەيلى ...... 118

«سەندىنمۇ قالىدۇ»غا لوقما ...... 122

«چويۇن قۇلاق» كىشىلەر يېنىمىزدا ...... 125

«قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» ...... 130

ئاق خالاتلىق «پەرىشتە»لەرنىڭ ئوبرازى خۇنۇكلەشمىسۇن ...... 133

تېلېفوندا سۆزلەشكەندە سۆز ئىخچام، مەزمۇنلۇق بولسۇن ...... 136

«بىلسىڭىز راۋاب چېلىڭ، بىلمىسىڭىز چاۋاك» ...... 139

ستاتىستىكا خىزمىتىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش لازىم ...... 142

سۆرەلمىلىك قىلماڭ، شاللىنىپ كېتىسىز ...... 146

«ئاز سۆزلە، كۆپ ئاڭلا، ئاز يە، كۆپ چاينا» ...... 150

كاسىپلارمۇ كەسپىي ئەخلاقنى گەۋدىلەندۈرۈشى لازىم ...... 153

«ياغاچ قازان بىر قېتىم قاينار» .................... 155
«كـۇس - كـۇس» گەپـلـەرنىڭ «قۇدرىـتى» گە سەل قارىماڭ .................................... 160
توي-تۆكۈن، نەزىر- چىراغلاردىكى ھەشەمەتچىلىك ئادەت ئەمەس، ئىللەت .................................... 164
ئائىلىدە فامىلە، نەسەبنامە بولۇش — مەدەنىيـلىكنىڭ بەلگىسى .................................... 167
كىتاب — كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قۇۋۋەت دورىسى...... 174
كەرەمـلىك ئاتا - بوۋىـلارنىڭ مۇبارەك تەۋەررۈكلىرى يۇرتنىڭ، مىللەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى .................... 179
تۇرمۇش بىر تۈگىمەس داستان .................... 186
سالاپەتلىكرەك بولۇڭ ........................... 192
«ئۆزىنى سورىغان شەھەر سوراپتۇ» .................... 195
«ھاراق سورۇننىڭ گۈلى» مۇ .................... 198
دېھـقانچىـلىقـمۇ بىر خىل تىـجارەت، دېھقانـمۇ بىر تىجارەتچى .................................... 207
دېھقان بېيىمىسا، ھاللىق جەمئىيەتمۇ بولمايدۇ......... 212
دېھقانلارنىڭمۇ ئارام ئېلىش كۈنلىرى بولسۇن .......... 220
«ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز» .................... 223
تەننەرخ ھېساباتىغا سەل قارىماڭ .................... 247
«مېھىر - شەپقەت» ئەبەدىي باھار ئاپتىپىدەك يېقىملىق تۇيۇلسۇن .................................... 250
يەنىمۇ كامال تاپ .................................... 254

# نورۇز — تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىمى

## — ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرىگە نەزەر

ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بايرام - مۇراسىملىرى بار، ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ نۇرغۇن ئەنئەنىۋى بايرام، مۇراسىملىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە «نورۇز بايرىمى» ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ بايرام مىللىتىمىزگە خاس ئۆرپ - ئادەت، ئېتىقاد ۋە ئىستېتىك قاراشلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇراسىم شەكلىدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ، كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن باشقا بايراملاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، «نورۇز بايرىمى» تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن. مەشھۇر تىلشۇناس، ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋان لۇغەت تۇرك» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلىنىشى ۋە ئەل ئاغزىدىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، «نورۇز بايرىمى» تارىختا مۇنداق باشلانغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى II ئەسىرلەردە تۇرك خاقان (پادىشاھ) لىرىدىن بىرى يىل ئايرىش مەسىلىسىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆز پۇقرالىرىنى ئىلى دەرياسىنىڭ بويىغا جەم قىلغان ھەم ئۇۋچىلار

تۇتقان نۇرغۇن چوڭ - كىچىك ھايۋانلارنى توپلاپ، ئۇلارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، قايسى ھايۋان بۇرۇن ئۈزۈپ ئۆتسە يىلنىڭ بېشىنى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتاشنى قارار قىلغان. نەق مەيداندا ھايۋانلار دەرياغا ھەيدەلگەن. نەتىجىدە، چاشقان بىرىنچى بولۇپ ئۈزۈپ ئۆتكەن، يىلنىڭ بېشى چاشقاننىڭ نامىغا بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن كالا، يولۋاس، توشقان، تىمساق، يىلان، ئات، قوي، مايمۇن، توخۇ، ئىت ئۆتۈپ، ئۆز نۆۋىتى بويىچە يىللارنىڭ ئىسمى قىلىنغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئالاھىدە مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەن، مۇراسىم ئىنتايىن ئۇتۇقلۇق ئۆتكەن. خەلق (پۇقرالار) خۇشاللىقىدىن ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناپ قانغۇچە تاماشا قىلغان. شائىر - قوشاقچىلار بۇ يىل بېشىغا «نورۇز» (يىل بېشى) نامى بىلەن شېئىرلار يېزىپ مەدھىيىلەشكەن، «نورۇز بايرىمى» شۇنداق مەيدانغا كەلگەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان بارلىق تۈركىي خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان.

«نورۇز» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «يېڭى كۈن، باش باھار» دېگەنلىك بولۇپ، يىلنىڭ باشلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. يىل ئايرىش يەنى كونا يىلنى ئۇزىتىپ، يېڭى يىلنى قۇتلۇقلاش، يىلنىڭ ئاسايىشلىق ۋە توقچىلىق ئېلىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىش مۇراسىمى بولۇپ، «نورۇز بايرىمى» بولىدىغان ئاينى ئۇيغۇر خەلقى «ھەمەل» (يىل بېشى) دەپ ئاتايدۇ. بۇ دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھلارنىڭ ھەممىسىگە سۇ يۈگۈرۈپ، قىشنىڭ قەھرى يېنىپ، كۈن ئىسسىغان، ماللار تۆللەپ، جان - جانىۋارلار ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان چاغ. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىختىن بۇيان، يېڭى يىلنى تەبىئەت ئويغانغان ئەنە شۇ چاغدىن، يەنى ھەر يىلى باھارنىڭ تۇنجى كۈنى (كېچە بىلەن كۈندۈز تەڭلەشكەن كۈن، مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3 - ئاينىڭ 21 -، 22 - كۈنلىرى) ئۆتكۈزۈش ئادەتكە ئايلانغان. توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتالغان غەرب ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەڭ قەدىمكى بايرىمىنى «مەشرەپ» بىلەن بىرلەشتۇ-

روپ ئاتىغان، شەرق ئۇيغۇرلىرى «نورۇز بايرىمى»نى «كۆك بۇرناق»، «كۆك مەشرىپى» نامىدا ئاتىغان. شۇڭا، «نورۇز بايرىمى» ئالدى بىلەن تەبىئەت بايرىمى، يىل بېشى — باھار بايرىمى، گۈل ۋە خۇشبۇي گىياھلار مەۋسۇمى. «نورۇز» تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىمى بولۇپ، بۇ چاغدا باھار شامىلى دالا ۋە ساھىللارنى يېشىللىققا پۈركەيدۇ. ئۆلگەن، چىرىگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ. تەبىئەت يېڭىۋاشتىن ئۇستۋاش كىيىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا يېڭى ھۆسن قوشۇلىدۇ. بۇ بايرام نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ، شەكلى، مەزمۇنى ئۈزلۈكسىز بېيىپ، مىللىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال، ساغلام، خاس مەدەنىيەت - سەنئەت تۈسىگە ئىگە بايراملىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئەجدادلىرىمىز «نورۇز بايرىمى»نى يېڭى يىلنىڭ باشلىنىشى، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ مۇقەددىمىسى، يىلنىڭ خاسىيەتلىك كۈنى ھېسابلاپ كەلگەن ھەم بۇ بايرامنى تولىمۇ خاسىيەتلىك ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن. ئېلىمىزنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدە ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىككە كۆچۈش جەريانىدا پەسىل ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈرلۈك مۇراسىم - بايراملارنى ئۆتكۈزۈش ئادىتى بارلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن مەلۇماتلار بار، بۇ ھەقتە نۇرغۇن خاتىرىلەر يېزىلغان. مەسىلەن، تاڭ دەۋرىنىڭ تارىخچىسى خۇي لىنىنىڭ «مۇزىكا تەزكىرىسى» ناملىق كىتابى بىلەن شاڭ دا ئىسىملىك بىر مۆتىۋەر يازغان «تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي دىيار ۋە چاڭئەن مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابتا «نورۇز بايرىمى»نىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تۈردە ئومۇملاشقانلىقى، بۇ بايرام تىياتىرلاشقان ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، تۈرلۈك ئويۇنلار ئوينىلىدىغانلىقى، سورۇن ئىنتايىن قىزغىن، جۇشقۇن كەيپىياتتا ئۆتىدىغانلىقى، تۇلپار ئۇسسۇلى، سالما تاشلاش ئۇسسۇلى، ھايۋانلار قىياپىتىدىكى نىقابلىق ئۇسسۇللار، كۇسەن ئۇسسۇلى قاتارلىق ھەر خىل ئۇسسۇللارنىڭ ئوينىلىدىغانلىقى، شۇ ئارقىلىق كونا يىلنى

ئۆزىتىپ، يېڭى يىلنى كۈتۈۋالىدىغانلىقى، جىن - شاياتۇنلارنى قوغلاپ، خەلقە تىنچ - ئامانلىق تىلەيدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، ھەرقايسى جايلار «نورۇز بايرىمى» نى ئۆزلىرىنىڭ شارائىتىغا، ئەۋزەللىكىگە قاراپ، ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل مەزمۇندا ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. مەسىلەن، مەكىت دىيارىدا ئىلگىرى باياۋان، چۆل - جەزىرىلەر، جاڭگال - ئوتلاقلار كۆپ بولغان، شۇ ۋەجىدىن بۇ جاي ياۋايى ھايۋانلار، ئۇچار - قانات، جان - جانىۋار، چارۋا - ماللارغا باي بىر ماكان بولغان. شۇ ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن، بۇ جايدىكى كىشىلەر سەرخىل چارۋا - ماللار، يەنى ئات - تۆگىلەر، ئۆي - كالىلار، قوچقار - ساغلىقلار، خوراز، ئىت ۋە تۈلكە قاتارلىق ھايۋانلار، ھەتتا قەپەسلەرگە سولانغان بۈركۈت، قارچۇغا، كەكلىك، قۇشقاچ، كەپتەر قاتارلىق خىلمۇخىل جان - جانىۋارلاردىن نەمۇنە قىلىشقا ئەرزىيدىغانلىرىنى تاللاپ كۆرگەزمە قىلىش، مۇسابىقىغا سېلىش ئادەتلىرى بىلەن «نورۇز بايرىمى» نى قۇتلۇقلىغان. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىپ، دولان مۇقاملىرى، دولان مەشرەپلىرى، دولان ناخشا - ئۇسسۇللىرى بىلەن «نورۇز بايرىمى» تېخىمۇ قىزىقارلىق تۈسكە كىرگەن.

نۇرغۇن جايلاردا «نورۇز بايرىمى» يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، پۈتۈن مەھەللە بويىچە ئۆي، ھويلا - ئارامىلار، تالا - تۈزلەر پاكىز تازىلىنىپ، كىر - قاتلار يۇيۇلۇپ، مۇقەددەس ئىبادەت ئورۇنلىرى، ساپ ھاۋالىق، مەنزىرىلىك جايلار، دەريا بويلىرى پائالىيەت سورۇنى قىلىپ تاللىنىپ ھەم راسلىنىپ، تەييارلىق پۇختا قىلىنغان. «نورۇز بايرىمى» كۈنى كىشىلەر چىرايلىق، يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىپ پائالىيەت ئۆتكۈزۈلىدىغان سورۇنغا جەم بولۇشقان ھەم قىشتىن ئامان- ئېسەن چىققانلىقىنى قۇتلۇقلاپ، بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، «يىل مۇبارەك، ئەل مۇبارەك، ئاش مول بولسۇن، بالا - قازا يەتمىسۇن، ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولسۇن» دەپ ئۆزئارا تەبرىكلىشىپ، ياخشى ئۈمىد - تىلەكلىرىنى ناخشا - قوشاقلار

بىلەن ئىزھار قىلىشقان. بەزى جايلاردا «نورۇز بايرىمى» ئۆتكۈزۈلىدىغان مەيدانلارغا چوڭ داشقازانلار ئېسىلىپ، «نورۇز ئېشى» (بۇغداي، قوناق، ئارپا يارمىسى، نوقۇت، گۈلە - قاق، چامغۇر، سامساق، گۆش، كاللا- پاچاق قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ پىشۇرۇلىدۇ، بۇنى كىشىلەر ئابى ئىنسان دەپمۇ ئاتايدۇ)، «نورۇز چېيى» تەييارلاپ، باراۋەت قىلىشىپ، كەمبەغەل، يېتىم - يېسىرلارنى ئاشقا تويدۇرۇپ، مەمۇرچىلىقنى، شاد - خۇراملىقنى نامايان قىلىشقان. تەييارلانغان «نورۇزنامە» لەرنى ئوقۇشۇپ، بىر - بىرىنى تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ مول ھوسۇل ئېلىشقا ئۈندەشكەن. بەزى جايلاردا (خوتەن ۋە باشقا تاغلىق رايونلاردا) «نورۇز بايرىمى» دىن ئىلگىرى ئالاھىدە تەييارلىق كۆرۈپ «يولۋاس ئويۇنى» ئويناشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان، يەنى بىر ئادەم يولۋاس تېرىسى ياكى شۇنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغان رەخت، تېرە بىلەن نىقابلىنىپ، تۆت پۇتلۇق بولۇپ يولۋاس ھەرىكىتىنى دورايدۇ، داپ - راۋابلار تەڭكەش قىلىنىدۇ. بىر كىشى قولىدا قىزىلگۈل تۇتۇپ، «يولۋاس» نى ھەر خىل ئۇسسۇل ھەرىكەتلەرگە سالىدۇ. ئاخىرىدا «يولۋاس» بولغان كىشى نىقابنى ئېلىپ تاشلىغاندىن كېيىن، قىزىلگۈل تەقدىم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسسۇل - ھەرىكەتلىرىدىن سۆيۈنگەن تاماشىبىنلار ئۇزاققىچە چاۋاك چېلىپ، ئىسقىرتىپ، قىقاس - چۇقان سېلىشىپ ئاپىرىن ئوقۇشىدۇ. يەنە بەزى جايلاردا «ئارغىماق ئويۇنى» ئويناشمۇ نورۇز پائالىيەتلىرىدىن بىرى بولغان، يەنى بىر كىشى «ياغاچ ئارغىماق» قا مىنىپ ئۇسسۇل ئويناپ مەيدانغا كىرىدۇ، بۇنىڭغا نەي، بالىمان قاتارلىق سازلار تەڭكەش قىلىنىپ، ھەر خىل قىزىقچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئورۇندايدۇ. بەزى جايلار كۈچتۈڭگۈر پەلۋانلارنى جەم قىلىپ، چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ پالۋانلىقىنى نامايان قىلىشقان. سەرخىل ئاتلارنى تەييارلاپ، ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى ئۆتكۈزۈپ، چەۋەندازلارنىڭ ئات ئۇستىدىكى ماھارىتىنى سىنىغان ھەم ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈپ، ئۇچقۇر ئاتلارنى تاللىغان. قوچقار سوقۇشتۇ-

رۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، قوچقار بېقىپ يېتىشتۈرۈش ئۇستىلى-رىنىڭ ۋە قوچقارلارنىڭ داڭقىنى تارقاتقان. قىسقىسى، ھەر خىل قىزىقارلىق، جانلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق «نورۇز بايرىمى» نى تېخى-مۇ جەلپ قىلارلىق تۈسكە كىرگۈزگەن. يەنە بەزى جايلار شائىرلار، قىززىقچىلار، ۋايىزلارنى جەم قىلىپ، «مۇشائىرە كېچىلىكى»، «مەشرەپ كېچىلىكى»، «ھەپتە سالام» (ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيدىغان ناخشا - بېيىت) پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، شائىرلار «نورۇزنامە» لىرىنى، ۋايىزلار قىسسە - داستانلارنى ئوقۇشۇپ، قىزىقچىلار، ئو-يۇنچىلار، سەنئەت خۇمار كىشىلەر ھەر خىل ئويۇن - ئۇسسۇللارنى ئويناشقان. جاي - جايلاردىكى كىشىلەر خالىغان ئويۇن تۈرلىرى بويىچە سورۇن تۈزۈشۈپ، ھەر خىل قىزىقچىلىقلارنى قىلىشقان. قىسقىسى، شۇ كۈنلەردە ھەممە كىشى ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلى-رىنى، ھۈنەر - كارامەتلىرىنى مەيدانغا چىقىرىشىپ، ئۆزئارا بەسلى-شىپ، سورۇن ئەھلىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغان. بۇ خىل پائالىيەتلەر ماھارەت كۆرسىتىش، زېھىن سىناش، ماھىر تاللاش مەيدانىغا ئايلى-نىپ كەتكەن. يەنە بەزى جايلاردا دارۋازلار ئېگىز كۆككە چىقىپ قىل ئارغامچىدا مېڭىپ، دارۋازلىق كارامىتىنى كۆرسەتكەن. قىز - چو-كانلار، قىز - يىگىتلەر ئىلەڭگۈچ، چىمچاچاق (ئاياللار جۇپ ئو-چۇش)، سارغايىدىدا ئۇچۇش، پاپۇز، تەپكۈچ ئويۇنى قاتارلىق ھەر خىل قىزىق ئويۇنلارنى كەچ كىرگۈچە داۋاملاشتۇرۇپ، كىشىلەرگە ئاجايىپ روھىي ئوزۇق، خۇشاللىق بەخش ئەتكەن. يەنە بەزى جايلاردا كۆچەت تىكىش، كۆچەت ئۇلاش قاتارلىق ساۋابلىق، ئەھمىيەتلىك، خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئىشلەپچىقى-رىشنى، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۈچ چىقارغان.

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى زامانىسىدا «نورۇز بايرىمى» ئۆزگىچە شەكىل، مەزمۇندا ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن. بۇ-يۇك ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «مەھمۇدىيە مەدرىسە» سىنىڭ تالىپلى-

رىنى شېئىر - نەزمە يېزىش، ئوقۇشتا بەسلەشتۇرگەن. تالىپلار ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىخ كەنتىدىكى «ئېيىقتىكەن» دارىسىغا جايلاشقان «نورۇز بۇلاق» بېشىغا بېرىپ، «نورۇزنامە» يېزىشىپ، شېئىر ئوقۇشتا بەسلەشكەن، يازغان نورۇزلۇق شېئىر - نەزمىلىرىنى «نورۇز بۇلاق» قا تاشلىشىپ، ئېقىپ كەلگەن يېرىدىن سۇ ئىچىشىپ، «ئەقىل سۈيى» بىلەن ۋۇجۇدىنى كۈچلەندۈرگەن. شۇ زامانلاردا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن «چەشمە زىلال» دېگەن بۇلاقنىڭ بېشىدىكى «هاي-هاي تېرەك» بويىدا، ئۇنىڭدىن 20 — 30 مېتىر يىراقلىقتىكى «جەگە تېرەك» بويىدا نورۇز پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، بۇ جايدا «تەربىيەت» پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. بۇ پائالىيەتتە شاگىرتلار ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ قاتار ئولتۇرۇشىدۇ، يېتەكچىلىك قىلغۇچى ئۇستاز «باشلانسۇن» دەپ كوماندا بېرىش بىلەن بىر گۇرۇپپىدىكى ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغان كىشى مەلۇم هەرپ (ئا، ب ياكى ت، م) نى باش هەرپ قىلىپ شېئىر ئوقۇيدۇ، شېئىر تۈگىشىگىلا قارشى گۇرۇپپىدىكى يەنە بىر كىشى شېئىرنىڭ ئاياغلاشقان هەرپىنى باش هەرپ قىلىپ شېئىرنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شېئىر تۈگىشىگە قارشى گۇرۇپپىدىكى يەنە بىر كىشى يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە شېئىرنى داۋاملاشتۇرىدۇ. قايسى گۇرۇپپىنىڭ ئادەملىرى شېئىر باشلىيالماي (داۋاملاشتۇرالماي) تۇرۇپ قالسا، يېڭىلىپ قالغان بولىدۇ. شېئىرنى ئۈزۈلدۈرمەي ئوقىيالىغانلار ئۇزۇپ چىققانلار بولۇپ هېسابلىنىدۇ. يېڭىلگەنلەر ئۇزۇپ چىققانلارغا «هاي - هاي كۆكلىدىڭلار» دەپ ئاپىرىن ئوقۇشىدۇ (بۇ خىل شېئىر شەكلىنى كىشىلەر «پەر بېيىت» دەپ ئاتاشقان). يېڭىلگەنلەر يەڭگەنلەرگە قولىياغلىق، كىتاب ۋە باشقا ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى سوۋغا قىلىشقان ياكى قىزىقچىلىق قىلىپ بەرگەن. بۇ پائالىيەتلەر تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە يۇرت - يۇرتلاردىن تالىپلار، تاۋاپ قىلغۇچىلار، سەيلە - ساياهەتچىلەر كېلىپ «نورۇز بايرىمى» ئۆتكۈزۈپ، «تەربىيەت» پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ هەم «پەر

بېيىت» ئوقۇشتا بەسلىشىپ، ئۇتۇپ چىققانلارنى قۇتلۇقلاشقان، پائالىيەتتىن كېيىن ئۇلار ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىپ، دۇئا - تەكبىر ئوقۇشۇپ قايتىشقان. يەنە بەزى خېلى بىر قىسىم يۇرتلاردا كوللېكتىپ بىر جايغا جەم بولۇپ، «نورۇز بايرىمى» ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتى يوق، تارقاق ئائىلىلەر ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ كۆك چۆچۈرىسى، كۆك سامسىسى، كۆك ئۇمىچى، سىقماق قاتارلىق تاماقلارنى ئېتىپ، قولۇم - قوشنىلارنى چىللاپ، تەڭ يېيىشىپ «نورۇز بايرىمى»نى قۇتلۇقلاشقان؛ بەزى جايلار «نورۇز بايرىمى» كۈنى ئىشىك - تۈڭلۈكلەرنى ئېچىپ، باھارنىڭ ساپ ھاۋاسىنى ئۆيگە «باشلاپ» كىرگەن، تېرەك، ئۈجمە دەرەخلىرىگە قاپاق، ئۆرۈك، ياغاچ ساندۇقلارنى ئېسىپ، قارلىغاچ، قارىقۇشقاچ قاتارلىق قۇشلارغا «ئۇۋا» تەييارلىغان؛ بەزى جايلاردا قىشچە تۇجۇپىلەپ ئۆستۈرگەن سامساق، بۇغداي مايسىلىرىنى ھويلا - ئارام، ئىشىك ئالدىلىرىغا ئېلىپ چىقىپ تىزىپ قويۇپ، مېھمان كەلسە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا مايسىلارنى توغراپ تاماق ئېتىپ بەرگەن، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ياخشى ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىز خەلقىمىز ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان.

يېقىنقى يىللاردا ئۆتكۈزۈلگەن ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىز بىلەن زامانىۋى روھ بىرلەشتۈرۈلگەن «نورۇز بايرىمى» مۇ كىشىنى مەمنۇن قىلىدۇ. مەھمۇد يۇرتى — كونىشەھەر ناھىيىسى 1990 - يىلى ئۆتكۈزگەن كاتتا «نورۇز بايرىمى»نىڭ كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى، پائالىيەت مەزمۇنىنىڭ موللۇقى بىلەن ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ ئېسىدە ساقلانماقتا.

قىسقىسى، بۇ بايرام ھەرقايسى يۇرت، قەبىلىلەردە ئۆزىگە خاس مەزمۇن، شەكىللەردە ئۆتكۈزۈلۈپ، ئامان - ئېسەنلىكنى، سالامەتلىكنى، مەمۇرچىلىق، ئاسايىشلىقنى، ئىناق - ئۆملۈكنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ماھىر- چەۋەندازلارنى، ئىلھامى قايناپ تۇرىدىغان شائىر- قوشاقچىلارنى تاللايدىغان، باھالايدىغان، ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇل

ۋە قىزىق ئويۇن - تاماشالار بىلەن كۆڭۈل ئاچىدىغان، يېڭىلىقلارنى كۆرەك قىلىدىغان، تارقىتىدىغان، ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان، مۇقىملىقنى قوغداپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئۇرغىتىدىغان، ئىشقا يىل بېشىدا خۇشاللىق بىلەن كۈچ - ئىلھام توپلاپ پۇختا ئاتلىنىدىغان ئاجايىپ خاسىيەتلىك كۈن بولۇپ كەلگەن. بۇ بايرام سەنئەتنىمۇ، مەدەنىيەتنىمۇ، ئەدەبىياتنىمۇ، تەنتەربىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەزمۇنى چوڭقۇر، شەكلى خىلمۇخىل بولغان ئۇنىۋېرسال بايرام بولۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەتنى جانلاندۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش جەھەتتە ئۇنۇملۇك رول ئوينىغان.

ھەممىگە ئايانكى، بۇگۈنكى دەۋر كەڭ، ئازادە، مەمۇرچىلىق تولۇپ تاشقان دەۋر بولۇپ، ھەرقانداق پائالىيەتلەرگە ئىمكانىيەت تولۇق، مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىتتا ھەرقايسى جايلار - ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، خاسلىقىغا تايىنىپ، نورۇز بايرىمىنى مەزمۇنى مول، شەكلى ئۆزگىچە قىلىپ ئۆتكۈزەلىشى تامامەن مۇمكىن. ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىز بىلەن زامانىۋى روھنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر جاي بىرخىل شەكىل، بىرخىل مەزمۇندا، يەنە بىر جاي بىرخىل شەكىل، بىرخىل مەزمۇندا، يەنە بىر ئورۇن باشقا بىر خىل شەكىل بىر خىل مەزمۇندا ئۆتكۈزسە، نورۇز بايرىمى رەڭگارەڭ گۈللەرگە تولغاندەك ھەممە جاي مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ خۇش ھىدلىرىغا تولىدۇ. بۇنداق بولغاندا كىشىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنى، خىزمەتنى جانلاندۇرۇشقا، ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە، يېڭى ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش تېخىمۇ ئوڭاي بولىدۇ.

# «كوكاچ بار» دەپ قورقۇتماسلىق، بەلكى ئەقلىگە ئىلھام بېرىش لازىم

بەزى ئاتا - ئانىلار كىچىك بالىلىرى خاپا قىلىپ قويسا، «ئەنە ئاۋۇ پاختا قۇلاقنى كۆردۈڭمۇ؟»، «ئەنە كوكاچ كېلىۋاتىدۇ»، «جىن كەلدى» دەپ قورقىتىپ، بالىلىرىنى جىملەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىلارنىڭ بەزىلىرى چوڭ بولغاندا قورقۇنچاق، جۈرئەتسىز بولۇپ قالىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ئىلىم - پەن ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان، ھەممە ئىلىم- پەن چوققىسىغا قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ، بەزى پەن- تەتقىقاتچىلار بىرەر ئىلمىي مۇھاكىمە ياكى بىرەر مەسىلىگە نىسبەتەن ئۆزگىچىرەك بىرەر قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويسا ياكى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئىلمىي پاكىتلار بىلەن بىرەر مەسىلىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرسە، ئايرىم كىشىلەر نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمەيلا، ھەتتا ئۆزى بىلمەي تۇرۇپمۇ ئۇپۇل - توپۇل: «ئۇ يېرى خاتا، بۇ يېرى خاتا، پالان بولىدۇ، پوكۇن بولىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. يوقىلاڭ بىرنەرسىلەرنى «كوكاچ» قىلىپ كۆرسىتىپ، ئىلىم - پەن خادىملىرىنى يۈرەكئالدى قىلىپ قويىدۇ. مېنىڭچە، ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى ئىشلارغا ئالدىراپ - سالدىراپ قالپاق كۆتۈرۈپ چىقىپ، كوكۇلىسىغا ئېسىلىۋېلىشتىن، پالان - پوكۇن... دەپ ھۆكۈم قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

پەن بىر خىل ئىدېئولوگىيە بولۇپ، ئۇ مەلۇم جەمئىيەت ئىقتىسادى ۋە سىياسىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى تېپىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ تارىخى - بىلىش ھەرىكىتىنىڭ تارىخى بولۇپ، ئۇزاق بىر تارىخىي جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئىلىم - پەننى ئالغا سۈرگۈچى مەنبە. پەن پەقەت ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا، جۈملىدىن كۆپلىگەن ئىلىم-پەن تەتقىقاتچىلىرى، ئىلىم - پەن خادىملىرى ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچىلىرى، نۇقتىئىنەزەرلىرى، قاراشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بەس-مۇنازىرىلەر ئارقىلىق راۋاجلىنىدۇ. بۇ ئىلىم - پەنگە يېڭىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، يەنى بىر تەتقىقاتچى بىرەر يېڭى كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇش، بىرسى يەنە بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، تەتقىق قىلىنىۋاتقان شەيئىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىققىلى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر مېڭىمىزنى ھەرىكەتلەندۈرمەي، باشقىلار نېمە دېسە، بىزمۇ «ھە» دەپ تۇرۇۋەرسەك، دۆلىتىمىزنى تېز سۈرئەتتە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

ئوخشاش بولمىغان ئىلىم چۈشەنچىسىدىكى كىشىلەرنى ئەركىن پىكىر بايان قىلىش، مۇھاكىمە قىلىشقا يول قويۇش، بەس - مۇنازىرىنىڭ بولۇشىغا ئىمكان بېرىش ئىلىم - پەننى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى. بەس - مۇنازىرە ئەركىن ۋە كەڭ قانات يايسا، تەتقىقات ئوخشىمىغان نۇقتىلار بويىچە دادىل ئېلىپ بېرىلسا، ئاندىن پەندىكى مۇرەككەپ، چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى، پەندىكى «تىلسىمات»لارنى ئاچقىلى بولىدۇ. گەرچە، بەزى نۇقتىئىنەزەرلەر، قاراشلار ھەقىقەتەن توغرا بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئالدىراپ - سالدىراپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەسلىك، بەلكى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىغى ئارقىلىق ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاش لازىم. چۈنكى، بەزى ھادىسىلەر ھەقىقەتەن ساختا ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ، كىشىلەرنى خاتا چۈشەنچە، خاتا تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، ئەمە-

لىيەتتىنىڭ راۋاجى ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەقىقىي خاتالىقى ياكى توغرىلىقى ئىسپاتلىنىدۇ - دە، ئاخىرىدا كىشىلەرنى ئەمەلىي جەھەتتىن قايىل قىلغىلى بولىدۇ، ھەتتا بەزى خاتا دېيىلگەن نەرسىلەرمۇ كېيىن توغرا نەرسە بولۇپ ئىسپاتلىنىشى مۇمكىن. شۇڭا، ھەرقانداق چاغدا ھەر-قانداق بىر ئىلمىي چۈشەنچە، مۇھاكىمىلەر ئېتىبارسىز قالدۇرۇلماس-لىقى، شۇ جەھەتتىكى ھەقىقەتنى ئوڭۇشلۇق تېپىشىش ئۈچۈن، ئۇقتىئىنەزىرى خاتا دېيىلگەن كىشىلەرنىڭمۇ ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قېلىشىغا، ئۆز قارىشىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇشىغا، كىشىلەر بىلەن مۇنازىرە قىلىشىغا، ھەتتا ئۆزىنى ئاقلىشىغا يول قويۇلۇشى لازىم. مىسال قىلىپ ئالساق، نورۋېگىيىلىك 22 ياشلىق ئابېل بىر ئىلمىي ماقالە يېزىش ئارقىلىق ماتېماتىكىدىكى بىرقانچە 100 يىلدىن بېرى ھەل قىلىنماي كەلگەن مەسىلىنى ھەل قىلغان، ئەينى ۋاقىتتا ياۋرو-پادىكى «دورىكا ماتېماتىكچى» گائۇس بۇ ئىلمىي ماقالىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ، «قورقۇنچلۇق...» دەپ ئەيىبلىگەن. گېرمانىيىلىك ماتېماتىكا نوپۇزلۇقى شېل ماقالىگە «قاراپمۇ قويمىدىم» دېگەن. قىسقىسى ئۇلار بۇ ماقالىنى مەنسىتمىگەن، بىراق ئابېلنىڭ بۇ ماقالە-سى ئۆزى ئۆلۈپ كېتىپ 12 يىلدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان. ئاۋست-رىيىلىك بىئولوگىيە ئالىمى مېنېدىلىۋ دەسلەپتە ئىرسىيەت ئايرىش قانۇنى بىلەن مۇستەقىل تەقسىمات قانۇنىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر ماقالە يېزىپ، شۋېتسارىيىلىك ئۆسۈملۈكشۇناس يىنگىرغا ئەۋەتىپ بەرگەندە، ئۇ بۇ ماقالىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن. ئارىدىن 34 يىل ئۆت-كەندىن كېيىن، ئاندىن كىشىلەر بۇ ماقالىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ، شۇ ئىلمىي قاراش ئارقىلىق 1900 - يىلى ئاندىن يېقىنقى زامان ئىرسىيەت ئىلمىنى ياراتقان. ئىلمىي فانتازىيە يازغۇچىسى ر. ۋېرنا-نىڭ «شار ئۈستىدە ئۆتكەن بەش ھەپتە» دېگەن ئەسىرىنى نەشرىيات ئورۇنلىرى 15 نۆۋەت قايتۇرۇۋەتكەن. ئۇ ئەسىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىش ئۈچۈن مەشكە تاشلىغاندا، ئايالى ئوتتىن ئېلىۋالغان ۋە يەنە بىر قېتىم باشقا نەشرىياتقا ئەۋەتىپ بېرىش مەسلىھەتىنى بەرگەن. ئەسەرنى 16-

قېتىم نەشرىياتقا ئەۋەتكەندە، ئەسەر مال تونۇيدىغان بىر مەتبۇئاتچى-نىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئۇ كىتابنى دەرھال نەشر قىلغان. بۇ ئەسەر نەشردىن چىقىپ، ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈ-ۋەتكەن. ھېلىقى مەتبۇئاتچى ۋېرنا بىلەن توختام تۈزۈپ، 20 يىلغىچە يازغان ئەسەرلىرىنى نەشر قىلماقچى بولغان… تارىختا مۇنداق مىسال-لار ناھايىتى كۆپ. بەزى ياخشى، يېڭى نەرسىلەر دەماللىققا خېلى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ، ھەتتا ئۇنى خاتالىق تامانىدا ئەيىبلەپ ئۇجۇقتۇرىدۇ. پەقەت مەلۇم مەزگىل ئۆ-تۈپ، ئۇنىڭ توغرىلىقى ۋە ياخشىلىقى ئىسپاتلانغاندىلا ۋەياكى بىرەر سەزگۈر، خالىس نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە يولۇققاندىلا، ئان-دىن شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا سازاۋەر بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك، ئىلىم - پەن ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا، يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا دادىل بولۇش لازىم. قانچە دادىل بولسا، دادىل تەسەۋۋۇر قىلىنسا پىكىر يۈرگۈزۈش دائىرىسى شۇنچە كەڭ، نەتىجىسى شۇنچە مول بولىدۇ. پەننىڭ راۋاجلىنىش سۈرئىتى تېز بولىدۇ. ئەگەر دادىل تەسەۋۋۇر قىلماي، «ئۇياقتىن - بۇياققا ئويلىماي» ، سىزىق بويلاپ ئاددىيلا پىكىر يۈرگۈزگەندە، پەندە يېڭى-لىق يارىتىلى، ئىلگىرىلىگىلى بولمايدۇ. بەلكى بىر چەمبەر دائىرى-سىدە ئايلىنىش داۋاملىشىدۇ - دە، كونا يول، كونا ئىجاد، كونا تۆھپە دائىرىسىدىن ھالقىپ چىققىلى بولمايدۇ. شۇنى ئېيتىش كې-رەككى، ئۇنداقمۇ ئويلىمايدىغان، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلماي-دىغان، بىر ئىزدا توختاپ قالغان كىشىلەر ياكى توغرىنى خاتا، خاتانى توغرا دەپ، بىر پىكىردىلا تۇرۇۋالىدىغان«كاج» لار ئاخىرقى ھېسابتا ھەقىقەتنى بىمەنىلىككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ ياكى شۇنداق قىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن سۇبيېكتىپ تونۇش بىلەن ئوبيېكتىپ ئەمەلى-يەت بىر- بىرىدىن ئاجرىلىپ كېتىدۇ - دە، پەننىڭ تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ.

ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى مۇرەككەپ ئىجادىي ئەمگەك، پەننىڭ تەرەققىياتى يېڭىنى ئىجاد قىلىشتىن ئايرىلمايدۇ. ئۇ پەقەت كىشىلەر تېخى تاپمىغان ساھەلەرگە قاراپ ئىزدىنىش ئارقىلىق يېڭىنى يارىتىش بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. يېڭىلىق بولمايدىكەن، تەرەققىيات بولمايدۇ. دۇنيادىكى ھەرقانداق ئاتاقلىق ئالىملارنىڭ ھەممىسى يېڭى پىكىر، يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، يېڭى كەشپىياتلارنى ئىجاد قىلىش ئارقىلىق ئاندىن ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى ئىختىرالارنى ھەتتا دەۋر بولگۈچ ئىختىرا ـ كەشپىياتلارنى قىلغان. يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدىكەن، ئۇ جەزمەن ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىش ۋە قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىنىش ئارقىلىق ئاندىن تەرەققىياتقا ئىگە بولالايدۇ. مۇنداق ئىجادىي ئەمگەك داۋامىدا، ئىلىم ـ پەن خادىملىرىنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق خاتا چۈشەنچە، خاتا تونۇشلارنى پەيدا قىلىپ قويۇشى ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، يەنى بىلىشنىڭ يېتىشسىزلىكى ياكى مەلۇم ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ كاشىلىسى بىلەن مەلۇم تەرەپنى ھەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغە قىلىۋېتىش ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خاتا يەكۈنلەرنى چىقىرىپ قويۇش ئېھتىمالى مەۋجۇت. ئىلمىي تەتقىقاتتا مەغلۇپ بولۇشقا يول قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ كوكۇلىسىغا ئېسىلىۋېلىپ تاپا ـ تەنە قىلماستىن، كالتەك تەگكۈزمەستىن، بەلكى سەۋرچانلىق ۋە ئىلمىي قائىدە ـ داۋىلار بىلەن ئۇنى قايىل قىلىش لازىم. بۇنداق چاغدا مەلۇم ئىلىم ـ پەن ئېقىمىدىكى كىشىلەر ياكى شەخسلەر ئۆزىنىڭ بىلىشى، چۈشەنچىسى، نۇقتىئىنەزىرىنىڭ خاتالىقى ئىسپاتلانسىلا، ئەلۋەتتە تۈزىتىشى، تەتقىقاتنى يېڭىۋاشتىن باشلىشى لازىم. چۈنكى، كىشىلەر ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى ساھەسىدە بەزىدە ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىشقا، بەزىدە ئېگىز چوققىلارغا يولۇقۇپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭىدىغان، ئاتلاپ ئۆتىدىغان چاغلارمۇ، ھەتتا يولدىن ئېزىپ يەنە توغرا يولنى تېپىۋالىدىغان، ئاندىن پەننىڭ ئېگىز چوققىلىرىغا چىقىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بىر قېتىملىق ئەجىر قىلىش بىلەنلا ئېگىز چوققىغا مەنزىلگە يېتىش

پەنگە، دىئالېكتىكىغا زىت. پەندە بەزىدە چوڭ ياكى كىچىك سەۋەن-
لىكلەرنى، ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرمەي تۈرۈپ، توغرا
بىلىشكە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، «666» - نومۇرلۇق
دورىنى ئىجاد قىلغۇچىلار 665 قېتىم مەغلۇپ بولۇپ تۈرۈقلۇق ۋە
تەجرىبىسىنىڭ خاتالىقى ئىسپاتلانغان تۈرۈغلۇق، يەنە داۋاملىق تىرى-
شىپ سىناق قىلىش ئارقىلىق ئاخىر 666 - قېتىم مۇۋەپپەقىيەت
قازانغان. پەندە مۇنداق مىساللار ئاز ئەمەس. تەتقىقاتتا بەزى نۇقتىئى-
نەزەرلەرنىڭ خاتا بولۇپ چىقىشى، ئىلىم - پەن خادىملىرىنىڭ دۇنيا
قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىسىمۇ، ئاساسىي تەرەپ ئۇ ئەمەس.
شۇڭا، ئەمەلىي مەسىلىلەردىكى ھەممە خاتالىق - سەۋەنلىكلەرنى
ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەردىن دەۋېرىشكە بول-
مايدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەمەلىي تەجرىبىلەرنىڭ كەم
بولۇشى، بەزى زۆرۈر بىلىم - چۈشەنچىلەرنىڭ كەم بولۇشى سەۋەبى-
دىن بولىدۇ. پەقەت ئىلىم - پەن خادىملىرى سەمىمىيلىك بىلەن
تىرىشىپ ئىلمىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق دادىللىق بىلەن تەتقىقات ئې-
لىپ بارسىلا، ۋەتەن - خەلققە يەنىلا زور تۆھپىلەر قوشالايدۇ. شۇڭا،
ئىلىم - پەن خادىملىرى ھەقىقەتكە مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسى
بىلەن ئۆز پىكرىدىنمۇ ئاسانلىقچە ۋاز كېچىپ كەتمەي ياكى بىر
قالپاق، بىرەر كالتەك بىلەنلا دۈم چۈشۈپ يېتىۋالماي، ھەقىقەت
يولىدا جان پىدا قىلىشى لازىم. چۈنكى، ھەقىقەت سىناقتىن، تەنقىد-
تىن، تۆھمەتتىن، قالپاق، كالتەكتىن قورقمايدۇ. «كوكاچ»تىن
تېخىمۇ قورقمايدۇ. ھەقىقەتەن چاقماق تېشىدەك سۈركەلگەنسېرى
نۇرلىنىدۇ. قورقۇنچاق كىشىلەر پەننى ئىگىلىيەلمەيدۇ، ھەقىقەتنى
تاپالمايدۇ.

# ياشلار ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتكە داغ تەگكۈزمەسلىكى كېرەك

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن قەشقەر شەھىرى كوچىسىنىڭ پىيادىلەر يولىدا كېتىپ باراتتۇق. كوچىنىڭ بىر تەرىپىدىكى قەۋەتلىك ئىمارەتنىڭ تۆۋىدە سالاپەتلىك بىر يىگىتنىڭ ئۆرە تۇرۇپلا كىچىك تەرەت قىلىۋاتقىنىغا كۆزىمىز چۈشۈپ قالدى. بىر توپ كىشىلەر ئۇ ياشنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە لەنەت ئوقۇپ ئۆتۈپ كېتىشتى. بىزمۇ نەپرەتلەنمەي تۇرالمىدۇق. يېقىندىلا ھاجەتخانا تۇرسا، بۇ يەرگە تەرەت قىلغان ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئەدەپسىزلىكىدىن قىلچىمۇ ئۇيالمايتتى.

شەھەر كوچىلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ خىل بەتقىلىق ئەھۋاللار بۇلا ئەمەس، يەنە ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ كوچىلاردا دەلدەڭشىپ يۈرىدىغان، ھەتتا يىقىلىپ يەر قۇچاقلاپ ياتىدىغان، بىر - بىرىنى سەت تىللار بىلەن تىللىشىدىغان، مۇشتلىشىدىغان، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا غۇژمەكلىشىۋېلىپ، سەت چاقچاقلارنى قىلىشىدىغان، يولدا ۋېلىسىپىتنى تېز ۋە قالايمىقان ھەيدەپ، باشقىلارنى سوقۇۋېتىپ، «ئەپۇ قىلىڭ» دېيىش ئورنىغا ئارقىسىغا قارىماي قېچىپ كېتىدىغان، قىزلارنىڭ ئالدىنى توسىدىغان، ئاپتوبۇسلاردا ئورۇن ئىگىلىۋېلىپ، قېرى - ئاجىز كىشىلەر ۋە قۇچىقىدا بالىسى بار ئاياللارنىڭ ئۆرە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدىغان، يولدا كېتىۋاتقاندا ياكى باغچىلارغا كىرگەندە دەل - دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى سۇندۇرى-

دىغان، گۈل - گىياھلارنى دەسسەپ - چەيلەيدىغان بىر قىسىم ياشلار دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ناچار خاھىشلار كىشىنى سەسكەندۈرىدۇ ھەم بىزار قىلىدۇ. بۇنداق ئەخلاقسىز كىشىلەرنى تۈركىيىلىك يازغۇچى كامال جاغداش ناھايىتى ئوبدان سۈرەتلىگەن: «ئىلىمدىن، تەربىيىدىن، سېخىيلىقتىن، ياخشى ئىش - ھەرىكەتتىن خەۋىرى يوقلار ئىنسان شەكلىدىكى ھايۋاندۇر، يەر يۈزىگە يۈك بولۇپ تۇرغان كېرەكسىز نەرسىلەردۇر». بۇ ئوخشىتىش ۋە ئەيىبلەش ھازىرقى زاماندىكى ھېلىقىدەك قىلىقسىز ياشلىرىمىزغىمۇ ناھايىتى باب كېلىدۇ. بۇ خىل ياشلار ئۆزلىرىنى ئىنسانلار ئارىسىدا ياشاۋاتقاندەك ھېسابلىسىمۇ، كىشىلەر ئۇلارنى ھەقىقىي ئادەم ھېسابلىمايدۇ، بەلكى ئۇلارنى ئادەم سۈپەت ھايۋان قاتارىدا كۆرىدۇ. كىشىلەر ئۇلارنى تۈكۈرۈلگەن تۈكۈرۈك بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەرگە سىڭدۈرۈۋەتكۈسى، تىل قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ غەزەپ بىلەن چېپىۋەتكۈسى كېلىدۇ، كىشىلىك دۇنياسىدىن ھەيدىۋەتكۈسى كېلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ياشلارنى كىشىلەر چىن دىلىدىن ياقتۇرىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدىن سۆيۈنىدۇ. ھەر قەدەمدە تەرىپلىگۈسى، نۇرلۇق ئوبرازىنى ئۈلگە قىلىپ ئۇنىڭدىن ئۆگەنگۈسى كېلىدۇ.

بىزنىڭ بۇ گۈزەل دىيارىمىز ئەزەلدىن ئەدەپ - ئەخلاق ماكانى. ياشلارنىڭ ھەممىسى ئەدەپ - ئەخلاق، مەدەنىيەتلىك بولۇپ، قوپال، ئەدەپسىز، بەتقىلىق ھەرىكەتلەردىن خالىي بولسا، شەھىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىي يەنىمۇ گۈزەل تۈس ئېلىپ، كىشىنىڭ زوقى كەلگۈدەك يېڭى قىياپەت بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا، بەتقىلىق ھەرىكەتلەرنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالغان ياشلار ئۆزىدىكى ناچار قىلمىشلارنى تۈزىتىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرتىپىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشى، جۈملىدىن بارلىق ياشلار كوممۇنىستىك ئەخلاق - پەزىلەتنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

# ياشلار ۋاقىتنى قەدىرلىشى كېرەك

كىشىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى بىر يىلغا قىياس قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرى باھار پەسلىگە توغرا كېلىدۇ. ئۆمۈرنىڭ بۇ پەسلى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ قىممەتلىك، شۇڭا كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇنى «ئالتۇن دەۋر» دېيىشىدۇ. بۇ «ئالتۇن دەۋر» ھەممە ياش ئۈچۈن ھارماي ئۆگىنىپ، بىلىم ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى، كەلگۈسىدە دۆلەت ۋە خەلققە شان - شەرەپ كەلتۈرۈش، تۆھپە قوشۇشقا ئۇل سېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى. بۇ پەيتنى قولدىن بېرىپ قويۇش ھاياتنىڭ قىممىتىنى قولدىن كەتكۈزۈۋەتكەنلىك بولىدۇ. ھەربىر ئوت يۈرەك ياش بۇ دەۋرنى ئەتىۋارلاپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يارىتىپ بەرگەن ياخشى شارائىتتا پېشقەدەملەرنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا تولۇپ تاشقان روھ، جۇش ئۇرۇپ تۇرغان جاسارەت بىلەن بىلىم دېڭىزىغا شۇڭغۇش كېرەك، ئىلىم - پەن ئىشقىدا پەرۋانە بولۇش كېرەك. كونىلار «بىلىمسىز كىشى مېۋىسىز دەرەخ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. قىسقىسى ئۆگىنىش، ئۆگىنىش يەنە ئۆگىنىش كېرەك.

ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك. ۋاقىت بىباھا گۆھەر. ۋاقىت چەكلىك ھەم چەكسىز بولىدۇ، شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئۇ چەكسىز بولىدۇ. بىرەر ۋەزىپىنى ئورۇنداش، بىرەر باسقۇچنى بېشىمىزدىن كەچۈرۈشكە نىسبەتەن ئۇ چەكلىك بولىدۇ. مەيلى چەكلىك ۋەياكى چەكسىز بولسۇن، ئۇنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ۋاقىت خۇددى ئېگىز تاغدىن شاۋقۇن بىلەن

ئوخچۇپ چۈشۈۋاتقان بەڭۋاش سۇغا ئوخشايدۇ. ئۇنى تۇتۇپ باشقۇرالىساڭ باغ- ئېتىزلارنى ياشارتىشىدۇ، ئىنسانىيەتكە نەپ بېرىدۇ. قويۇۋەتسەك بېشى قايغان جاي بىلەن كېتىۋېرىدۇ، ھەتتا باغ - ۋارانلارنى ۋەيران قىلغاندەك ئىنساننى پۇشايمانغا قالدۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ قۇلى ئەمەس، خوجايىنى بولۇپ، ئۇنى ئۆز ئىلكىمىزدە چىڭ تۇتۇش كېرەك.

خىزمەت ۋە باشقا ۋەزىپىلىرىمىز قانچىلىك ئالدىراش ۋە ئېغىر بولسۇن، ۋاقىتنى ئىگىلەش، ئۆگىنىشكە ۋاقىت چىقىرىش لازىم. لۇشۇن: «ۋاقىت سۇنئىي بۇلۇتتىكى سۇغا ئوخشاش، ئۇنى چىقىرىشنى خالىساڭلار ئۇ ھامان چىقىپ تۇرىدۇ» دېگەنىدى. قەتئىي ئىرادە، چىن نىيەت بولىدىغانلا بولسا ۋاقىت بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، چۈنكى ۋاقىتنى «مىنۇت» لاپ ھېسابلايدىغان كىشىنىڭ ۋاقتى «سائەت» لەپ ھېسابلايدىغان كىشىنىڭكىدىن 59 ھەسسە كۆپ بولىدۇ. ئەنە شۇنداق ئىنچىكە ھېسابلاپ بىر - ئىككى يىل ھەتتا توققۇز — ئون يىل بىر ياقتىن خىزمەت قىلىپ، بىر ياقتىن ئۆگىنىدىغان بولسا، كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ، بىلگەنلىرىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا تېخىمۇ بېيىتىپ، تولۇقلىيالايدۇ.

ھازىر دەۋر ئۆزگەردى، دەۋر ئىلگىرىلىمەكتە. بۇ كىشىلەردە، بولۇپمۇ ياشلاردا ۋاقىتقا نىسبەتەن يېڭى چۈشەنچە، يېڭى ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى قوزغىدى، بۇرۇن قىلمىغان ۋە قىلالمىغان ئىشلارنى ئىشلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇردى. بۇ ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئۆگىنىش، زامانىۋىلاشتۇرۇشتا پەن - تېخنىكىنى، ئىلىم - پەننى ئىگىلىمىگەندە، چەت ئەلنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرمىگەندە «زامانىۋىلاشتۇرۇش» تىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «ئۆگىنىش، ئۆگىنىش يەنە ئۆگىنىش» دېگەن چاقىرىقنى چىقاردى. پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەكىتلىدى. پەقەت

ئۆگەنگەندە ئاندىن بىلمەسلىكتىن بىلىشكە، زۆرۈرىيەت ئالەمدىن ئەركىنلىك ئالەمگە ئۆتۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

شۇڭا، پۈتۈن ياشلار پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي، ھارماي - تالماي پۈختا ئۆگىنىشى كېرەك. خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك: «ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق بىلىم بايلىقلىرى بىلەن مېڭىنى بېيىتقاندىلا، ئاندىن كوممۇنىزمچى بولغىلى بولىدۇ». زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كىشىلەر ئارزۇ قىلغان ھەقىقىي گۈزەل، ئاۋات سوتسىيالىزم قۇرغىلى ۋە كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

شۇنى ئۇچۇق ئېيتىش كېرەككى، بەزى ياشلار ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ، «ئالتۇن دەۋر» نى نابۇت قىلماقتا، ۋاقىتنى ئويناپ - كۈلۈش، ئەيش - ئىشرەت، يەپ - ئىچىش، كەيپ - ساپا، ھاۋايى - ھەۋەسلەرگە سەرپ قىلماقتا. بۇ چۈشكۈنلىشىش ھالىتى بولۇپ، سۆرەلمىلىك، بوشاڭلىق، چېچىلاڭغۇلۇقنىڭ، ئالغا بېسىشقا ئىنتىلمەسلىك، ھازىرقى ھالەت بىلەن قانائەتلىنىش، ئۇلۇغۋار غايە، ئىرادىنىڭ يوقلۇقىنىڭ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى كۆڭۈل - كۆكسىگە پۈكمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بۇ خىلدىكى يارىماس ئىللەتنى سىقىپ چىقىرىپ، ۋاقىتنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىش كېرەك. كونىلار «ئادەم بالىسىنىڭ باھاسى بىلىم بىلەن» دەپ ھەرگىزمۇ بىكار ئېيتمىغان، ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ يارىماس ئادەم بولۇپ قېلىپ، كېيىن پۇشايمان قىلغان بىلەن ھەرگىز ئورنىغا كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياشلار ۋاقىتنىڭ خوجايىنلىرىدىن بولۇپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ، جۇشقۇن جاسارەت، قەيسىرانە ئىرادە بىلەن ئۆگىنىشكە بېرىلىشى، پەن - تېخنىكىغا، بىلىمگە خۇددى ئاش - نانغا يېپىشقاندەك يېپىشىشى لازىم. بارلىق ياشلار ۋاقىتنى قەدىرلىشى، ۋاقىتنى ئىنچىكە ھېسابلىشى، ۋاقىتنىڭ ئالدىدا مېڭىشى، ئىنسانىيەت توپلىغان بىلىم بايلىقى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇشى لازىم. ياشلىقتا ئەنە شۇنداق ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، تىرىشىپ پەن-

تېخنىكا ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ «ھۈنەر» ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، خەلققە پايدىلىق ئادەملەردىن بولۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان، ئىنسانىيەت ئىستىقبالى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان كامالەت ئىگىسى بولۇپ يېتىشكىلى بولىدۇ. شۇندىلا ئۇزۇن سەپەر يولىدىكى ئەڭ قىسقا، لېكىن مۇشەققەتلىك پەيتتە ئەڭ ئۇلۇغ، ئەھمىيەتلىك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ غەلىبە قىلىپ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى خەلققە، ۋەتەنگە سوۋغا قىلغىلى بولىدۇ.



# چالىسى تولۇقلانغان گەپ

بىر دوستۇمدىن سورىدىم:

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟

— نېمە ئىش قىلاتتۇق، بىكارچىلىق، گېزىت ئوقۇپ ئولتۇر-دۇق... ھا - ھا - ھا...

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەلۇم ئىدارىدە ئىشلەيدىغان يەنە بىر دوستۇمدىن سورىدىم:

— ئىشىڭلار قانداقراق؟

— ئالدىراش ئىشلەيمىز، ئىشلار ئارقا - ئارقىدىن ئۇلۇشۇپ چىقىپ تۇرىدۇ... ھەي...

كېيىنكى بۇ سۆزدىن سۆيۈنۈپ قالدىم. «ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق». دۆلەتنىڭ كادىرى بولغان ئىكەنمىز، ئىشلىشىمىز، ئىشلى-گەن ئىشىمىزدىن قىممەت يارىتىشىمىز لازىم. ئەقەللىيسى دۆلەت، خەلق بەرگەن ئىش ھەققىگە لايىق ئىشلەپ، پارتىيىگە، دۆلەتكە، خەلققە، مىللەتكە ئاز - تولا پايدا يەتكۈزۈشىمىز لازىم. بۇ ئەلۋەتتە «توغرا كەيپىيات ناخشىسى» دۇر.

ئەپسۇسكى، بىرىنچى سۆزدىن ناھايىتى خىجىللىق ھېس قىلى-دىم. قورساقنى تويدۇرۇۋېلىپ، ھېچ ئىش بىلەن كارىمىز يوق «كۈننىڭ ئۆتكىنى غەنىيمەت» دەپ، لاغايلاپ، «بىكار تەلەپلىك كۈل-كىسىنى كۈلۈپ» يۈرسەك، ھاياتنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن! كۈن-لەرنى ئەنە شۇنداق مەنىسىز ئۆتكۈزۈش چەكلىك ھاياتنىڭ قىممىتىنى

بىلمىگەنلىك، ھاياتنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق. بىز ئىش ئورنىمىزدا بىر كۈن بولىدىكەنمىز، بىر كۈن خەلق، دۆلەت ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلىپ بېرىشىمىز لازىم، بولۇپمۇ «كۈن ئۆياققا، پۇل بۇياققا» دەپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان كىشى-لەر، مەن خەلققە، دۆلەتكە قانچىلىك ئىش قىلىپ بېرىۋاتىمەن، قانچى-لىك پايدا يەتكۈزۈۋاتىمەن، قانچىلىك قىممەت يارىتىپ بېرىۋاتىمەن، دېگەنلەرنى ئويلىشى لازىم، بولۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ «كوممۇنىست»، «دۆلەت خىزمەتچىسى» ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، «ھېسسىيات تارازىسى» نىڭ تېشىنى خەلق تەرەپكىلا قويۇشقا بولىدى-غانلىقىنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز لازىم. «باشقىلار قىلالىغان ئىشنى مەنمۇ قىلالايمەن، تېخىمۇ ياخشى قىلىشىم لازىم» دېگەن مەردانە سۆزنى ئېيتالىشىمىز لازىم. ئەنە شۇنداق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان كىشىلەرلا ھاياتنىڭ قىممىتىنى تاپقان بولىدۇ.

گەپنى چالا قىلغانلارنىڭ چالىسىنى مانا شۇنچىلىك تولۇقلاپ قويدۇم، بۇ ئارتۇقچە بولماس.



# دەرەخ يوناشتىن ئۈيلىغانلىرىم

بىر كۈنى كەچ ئىشتىن چۈشۈپ «مەدەنىيەت يولى» دا كېتىۋاتات-
تىم. كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ پىچى-
قى بىلەن ھەدەپ بىر تۈپ ياش چىنار دەرىخىنىڭ قوۋزىقىنى يوناۋاتقان
بىر ياش يىگىتكە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنى بىرەر ئىشنىڭ خاتىرى-
سى ئۈچۈن خەت ئويۇۋاتامدىكىن، دېسەم، پىچىقى بىلەن دەرەخ
تېنىنى باشتىن - ئاياغ شىلىپ چۈشۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا
ھەيران بولۇپ، يىگىتكە سىنچىلاپ قارىسام، بېشىدا ياغلىشىپ كەت-
كەن شەپكە، ئۈچىسىدا نىمكەش كاستۇم، پۇتىدا كونا بىر بەتىنكە
بار ئىكەن. پەرەز قىلىشىمچە، يىگىت ئىشسىز بولسا كېرەك، شۇڭا،
قىلىدىغانغا ئىش تاپالماي، دەرەخ يوناپ كۆڭلىنى ئۇۋلاۋاتقان بولسا
كېرەك. بۇنىڭغا بىر تەرەپتىن ئېچىندىم، بىر تەرەپتىن غەزەپلەند-
دىم. ئويلىدىمكى، بۇ يىگىت يالغۇز دەرەخنىلا يونىمىسا كېرەك،
ئاشۇ ھالىتىدىن قارىغاندا، ئاتا - ئانىسىنىمۇ يوناپ تۇرىدىغاندەك
قىلىدۇ.

راست، جەمئىيىتىمىزدە ئەنە شۇنداق ئاتا - ئانىسىنى يونايدىغان
بىر قىسىم ياشلار بار، ئۇلار بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسىمۇ
تېگىشمەيدىغان ئىككى قولى، پاتمانلاپ دەپىنە - دۇنيا بەرسىمۇ سې-
تىپ بېرىشكە ئۇنىمايدىغان ئىككى كۆزى تۇرۇقلۇق، بىرەر ئىشنىڭ
پېشىنى تۇتۇپ ئىشلەشنى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىش-
نى خالىمايدۇ، ئەمگەك قىلىشنى يامان كۆرىدۇ، ئەتىگەندىن كەچ

كىرگۈچە ئەنە شۇنداق دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. قورسىقى ئاچسا، ئۆيگە كىرىپ ئاتا - ئانىسى تېپىپ ئېتىپ بەرگەن تەييار تاماقنى داخىل بولىدۇ. ئاتا - ئانىسى ئىش ھەققى ئالغان كۈنلىرى بەزىدە يېلىنىپ، بەزىدە قورقۇتۇپ يۇرۇپ پۇل ئالىدۇ - دە، ئاشخانا، قاۋاقخانىلاردا ئۇلپەتلىرى بىلەن بەزمە قۇرىدۇ. پۇلى يوق چاغلاردا يېگەننىڭ ئاغزىغا قاراپ يۇرۇشنى راۋا كۆرىدۇكى، ئىشلەپ پۇل تېپىپ لەززەت سۇرۇشنى، قولدەك ئىشلەپ پۇل تېپىپ، بەگدەك خەجلەشنى، كۈچىنى خار قىلىپ، ئۆزىنى خار قىلماسلىقنى خىيالىغا كەلتۇرۇپمۇ قويمايدۇ...

مۇلاھىزەم داۋاملىشىۋاتاتتى. گۇركىرىگەن بىر ئاۋاز دىققىتىمنى تارتتى. قارىسام بېشىغا بادام دوپپا، ئۇچىسىغا چىرايلىق كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن بىر ياش يىگىت «خوندا» ماركىلىق موتسىكلىتنى مىنىپ ئۇچقاندەك ئۆتۇپ كەتتى. مۇنداق قارىغاندا، شەھەرنىڭ يېڭى بايلىرىدەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەغرۇر ھالىتى «ئىشلىسەڭ چىشلەيسەن» ، ھالال ئىشلەپ، ھالال پۇل تاپساڭ مانا ماڭا ئوخشاش خۇشال ياشايسەن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

مېنىڭ دەرەخ يوناپ ئولتۇرغان يىگىتكە يەنە بىر قېتىم قارىغىم كەلدى: ماقۇل، ھازىرغۇ سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ ھايات، ئىشلىمىسەڭمۇ سېنى باقار، يونۇساڭمۇ ماقۇل دەر، ئاتا - ئاناڭدىن كېيىن قالساڭ كىمنى يونارسەن؟! ياش ئىنىم، مەن سەندىنمۇ بەكرەك غەمدە قالماقتىمەن.

# كوچىدىكى غەلىتە ھەييارلىق سەنئىتى

بىز ھەييارلىق - قىزىقچىلىق ئويۇنلىرىنى سەنئەتكارلارنىڭ سەھنىلەردە ئورۇندىغان سەنئەت نومۇرلىرىدىن كۆرەتتۇق. لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل ھەييارلىق نومۇرلىرىنى شەھەر - بازار كوچىلىرىدىمۇ كۆرىدىغان بولدۇق.

بىر يەكشەنبە كۈنى مەن كوچا ئايلىنىپ يۈرەتتىم. ياش قۇرامى بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ئۈچ ياشنىڭ ئىككىسى بىرىنى ئەيىبلەپ «سوراق» قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بىرى ئۇنىڭ گەدىنىدىن تۇتۇۋېلىپ: «ئالدىڭمۇ؟» دېسە، يەنە بىرى ئۇنىڭ بۇرنىغا نوقۇپ تۇرۇپ: «ئالغان بولساڭ بەر، بەرمىسەڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن...» دەپ ھەيۋە قىلاتتى. بىردەمدىن كېيىن بىرى ئۇنىڭ پۇتىغا تېپىپ، بىقىنىغا مۇشتلاپ: «راستىڭنى ئېيت، بۇ ئاكىمىزنىڭ پۇلىنى زادى ئالدىڭمۇ - يوق؟» دەپ تېخىمۇ قاتتىقراق سوراق قىلغىلى تۇردى. بۇ ئۈچ ياشنىڭ يېنىدا ئوتتۇرا بوي، 40 ياش ئەتراپىدىكى بىر دېھقان كىشى ئۈمىد كۆزلىرىنى ھېلىقى ئىككى ياشقا تىككىنىچە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

كىشىلەردىن ئۇقتۇمكى، ھېلىقى دېھقان تېلېۋىزور ئالماقچى بولۇپ ماگىزىنىدا تېلېۋىزور تاللاۋاتقاندا، يېنىدىن 410 يۈەن پۇلىنى ئوغرى ئاپتۇ. ھېلىقىلارنىڭ «سوراق» قىلىشى شۇ ۋەجىدىن ئىكەن.

ئۇلار ھېلىقى ياشنى تارتقۇچلاپ، سۆرەپ يۈرۈپ، ئاخىر ماگىزىن ئالدىدىن 50 — 60 مېتىر يىراقلىقتىكى بازار مەركىزىگە ئېلىپ باردى. ئاڭغىچە ھېلىقى «سوراق» قىلىنىۋاتقان ياش بىر ئېڭىشىپلا «يەل گۈمپىسى» يىغىپ «مەست» قىياپىتىگە كىرىۋالدى - دە، دەلدەڭشىپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى، كېيىن ئاغرىق كىشىدەك يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا يېتىۋالدى. ئۇنىڭ بىر ئېغىز، بۇنىڭ بىر ئېغىز سالا قىلىشى بىلەن ھېلىقى ئىككى ياش ئىلاجسىز قالغاندەك: «ھەي، بۇ يانچۇقچىنى ساقچىخانىغا ئاپىرىپ بەرسەك بولاتتى» دەپ بېشىنى قاشـ لىغىلى تۇردى، بىر دەمدىن كېيىن ئىككى ياش «مەست» نى ھېلىقى دېھقانغا تاشلاپ بېرىپ تىكىۋەتتى. دېھقان ئىككى ياشتىن مەمنۇن بولغان ھالدا «مەست» نى ساقلاپ قالدى... لېكىن، ئاخىر دېھقانمۇ ئىلاجسىز قالدى. كېيىن ھېلىقى «مەست» ۋە ئۇنى «سوراق» قىلـ غان ئىككى ياشنىڭ كەسپىنى بىلىدىغان بىرى ماڭا: «ھەي، بىچارە دېھقانغا ئۇۋال بولدى... ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى شېرىك يانچۇقچىلاردىن ئىدى، ھەييارلىق قىلىپ قېچىپ قۇتۇلۇپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان» دېدى.

مەن بۇ بىر مەيدان «قىزىقچىلىق» تىن تەئەججۇپلەنگەن ھالدا بىچارە دېھقانغا ئىچ ئاغرىتتىم. پىژغىرىم ئىسسىق، قەھرىتان سوـ غۇقتا كەتمەن چېپىپ تاپقان پۇلنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە «قوي باقماي پاخلان يەيدىغان، بۇغداي تېرىماي ئاقنان يەيدىغان» ئاشۇ ئالدامچى ھەييارلار سۇغۇرۇپ كەتسە، كىشىگە ئۇۋال بولمامدۇ؟

ناھايىتى ئېنىقكى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوغرى، يانچۇقـچىـ لارنى بەك يامان كۆرىدۇ، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۇلار بار جايدا كىشىلەر دەككە - دۈككىدە يۈرىدۇ، چۈنكى، بۇگۈنكى كۈندىكى يانچۇقچىلارنىڭ قولىدىن ھېلىقىدەك «ھەييار» لىقمۇ، ئالدامچىلىقـ مۇ، بۇلاڭچىلىقمۇ، ھەتتا قاتىللىقمۇ كېلىدۇ. ئۇلار كىتابمۇ، ناخـ شىمۇ ئوقۇيالايدۇ، قارتا ئويناپالايدۇ، ھەر خىل كەسپلەرنىڭ ھەمـ مىسى ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. كۆزى چۈشۈپلا قالـ

سا، كىشىلەرنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلمۇ ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلال-
مايدۇ. ئۇلار كىمكى بوشاڭ، گول بولسا، پۇل - ماللىرىنى مەھكەم
تۇتمىسا، شۇ يەردە قىستا - قىستاڭچىلىق، ئۆرە - تۆپە پەيدا قىلىپ
ھەرىكەت باشلايدۇ. بۇنداق شارائىتتا بىرنەچچىسى شېرىكلىشىپ
ھايت - ھۇيت دېيىشىپ، كىشىلەر توپىنى مالىمان قىلىپ، توپىلاڭ-
دىن توغاچ ئوغرىلايدۇ. ئەگەر چاندۇرۇپ قويسىمۇ يۇقىرىقىدەك
«ھەيىيار» لىق ھۇنىرىنى ئىشقا سېلىپ قېچىپ قۇتۇلىدۇ. شۇنداق
قىلىپ، ئاخىر بوزەكنى قاقشىتىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى زەردە گۆش
قىلىدۇ. ئويلايمەنكى، ھەربىر كىشىدە بىردىن «جاھاننامە» بولغان
بولسا، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشىۋالغان ئاشۇ جىن - شەيتانلار-
نىڭ قىياپىتىنى ئاشكارىلىۋەتسە، ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلى-
كىنى كىشىلەر بىلىۋالغان بولسا...



# تىرىشقان بىلىم ئالار، ھۇرۇن كىشى يولدا قالار...

ئىقتىدار ۋە قابىلىيەت بىلىمدىن كېلىدۇ، بىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشمۇ ئۆگىنىشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، بەلكى مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىقتىدارلىق بولغان، جەمئىيەتكە ئالاھىدە تۆھپە قوشۇۋاتقانلار ئاز ئەمەس. تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇنلىغان ئىختىساس ئىگىلىرى ئالىي مەكتەپ تۈگۈل ئوتتۇرا مەكتەپلەردىمۇ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان. بىراق، ئۇلار شۇنچە ناچار شارائىتتا تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىگە قارىماي، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جاپاغا چىداپ ئۆگەنگەنلىكى، تەتقىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاجايىپ كەشپىياتلارنى ياراتقان، جاھانغا مەشھۇر ئالىم، ئىختىساس ئىگىلىرى بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

كوپېرنىك ئەسلىي دوختۇر ئىدى، ئۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئاسترونومىيە ئىلمىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلغاچقا، ئاخىر «قۇياش مەركەز نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئىلمىي ئەسىرى تەبىئىي پەننىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسى دەپ نام ئالغان.

ئېلېكتر ئىلمىگە ئاساس سالغۇچى فرانكلىن 12 يېشىدىن باش-

لاپ باسمىخانىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ بارلىق بوش ۋاقىتلى-رىنى چىڭ تۇتۇپ، بەش يىل ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەن. كېيىن، سىرتقا بېرىپ يەتتە يىل ئىشچى بولغان. بۇ جەرياندا بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىرياقتىن ئۆزلۈكىدىن قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن. قاتتىق ھەۋەس، كۈچلۈك ئىنتىلىشچانلىق روھى بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ XVIII ئەسىردىكى ئاتاقلىق كەشپىياتچىسى بولۇپ قالغان.

ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئالىم ئېدىسون پۈتۈن ھاياتىدا ئاران ئۈچ ئاي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئۇزاق يىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاخىر تېلېگرامما ئاپپاراتى، كىنو ئاپپاراتى، ئېلېكتر لامپىسى، پاتېفون قاتارلىق 200 خىلدىن ئارتۇق يېڭى كەشپىيات يارىتىپ، دۇنيا بويىچە مەشھۇر «كەشپىيات پادىشاھى» دەپ داڭق چىقارغان.

ئېنگېلس تەرىپىدىن XIX ئەسىردىكى ئۈچ چوڭ كەشپىياتنىڭ بىرى دەپ ئاتالغان «ئېنېرگىيىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى» نى ئىل-گىرى - ئاخىر بولۇپ تۆت كىشى مۇستەقىل ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ بىرى ھاراق ئىشلەپچىقارغۇچى سودىگەر، بىرى دوختۇر، بىرى ئادۋوكات، يەنە بىرى پسىخولوگىيە پروفېسسورى ئىدى. ئۇلار بۇ مەسىلە ئۈستىدە پۈتۈنلەي ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئىز-دەنگەن.

بۇگۈنكى كۈندە ئېلىمىزدە بۇنداق كىشىلەر ئاز ئەمەس. مەلۇم قىسىم كاتىبات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دۇڭ خېيچاڭ ھەر-بىي قىسىمنىڭ دوختۇرخانىسىدا دورىگەر، تۆەن سىياسىي باشقارمى-سىدا مائارىپ كادىرى بولغان، ئۇ كاتىبات باشقارمىسىغا باشلىق بولغان ۋاقىتلىرىدا بولسۇن ۋە باشقا جايلاردا ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىدا بولسۇن، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەن ئاساستا، ھەر خىل قىيىنچىلىق، توسالغۇلارنى يېڭىپ، بارلىق پۇرسەتنى قولدىن بەر-مەي، ئۆز ھەۋىسى بويىچە يەر تەۋرەش، ھاۋارايى، بىئولوگىيە ئىل-مى، يەر شارى فىزىكىسى، ئاتموسفېرا فىزىكىسى قاتارلىق پەنلەرنى

بىرلىپ ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان. ئۇ 1975 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى تەتقىقات خىزمىتىگە سەرپ قىلىپ، كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ چىققان ھەمدە يەر تەۋرەش بۇلۇتلۇقى ئىلمىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا كۆپلۈك يەر تەۋرەش توغرىسىدا نۇرغۇن قىممەتلىك مەلۇمات بېرىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئاپىرىن ئوقۇشىغا ئېرىشكەن.

يىراقتىكىنى قويۇپ، يېنىمىزدىكى كىشىلەردىنمۇ مىسال ئالساق، بۇ نۇقتا يەنىمۇ تولۇق ئىسپاتلىنىدۇ. «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىدىن پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم مۇھەررىر ۋە تالانتلىق يازغۇچى ئابلا ئەخمىدى ئەسلىدە بىر ھەرپ تىزىش ئىشچىسى ئىدى. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق پېشقەدەم مۇھەررىر، ئاتاقلىق يازغۇچىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى، بىر تۈركۈم ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلىغا، بەزى ئەسەرلىرى چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە «ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلاشقان خادىم» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدىبلىرى»، «جۇڭگو ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلاشقان ئىشچى-خىزمەتچىلەر لۇغىتى»، «جۇڭگو ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن ئىختىساس ئىگىلىرىدىن ئۈرنەكلەر»، «جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلار» قاتارلىق كىتابلاردىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدى. ئۇ پېنسىيىگە چىقىشتىن بۇرۇن «قاپاق تېرەكلىك ھويلا» قاتارلىق بەش پوۋېست، 50 پارچىغا يېقىن ھېكايە، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە بىر تۈركۈم شېئىر ئېلان قىلدۇرغانىدى. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن بىر كۈنىمۇ بىكار ئۆتكۈزمەي، بېرىلىپ ئۆگەندى. ئۇ قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە، «بۇزۇلغان قەسەم»، «يول ئۈستىدە» قاتارلىق ھېكايىلار توپلىمى، «ئوغولخان»، «ئادىراسمان چېچەكلىدى

گەندە» قاتارلىق پوۋېستلار توپلىمى، «تۆشۈك مونچاق»، «يىللار» ۋە «داۋالغۇش» رومانلىرىنى روياپقا چىقاردى. 93 پارچە ھېكايە، نەسر، ئوچېرىكلىرى، 350 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، باللادا، داستانلىرى ئېلان قىلىندى. يەنە «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەرجىمانى، مەرھۇم داۋۇت غازىمۇ ئاران باشلانغۇچ مەكتەپكىچىلا ئوقۇيالىغان. لېكىن ئۇ، جاپاغا چىداپ بېرىلىپ خىزمەت قىلىپ، بېرىلىپ ئۆگىنىپ، داڭدار ئەدەبىي تەرجىمانغا ئايلىنىپ، 30 پارچە رومان، پوۋېست، 100 پارچە ئەدەبىي ئەسەر ۋە تارىخىي كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ، مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا زور تۆھپە قوشقان.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھەرقانداق كىشىنىڭ خىزمەت، ئىش ۋاقتىدىن باشقا، يەنە بەلگىلىك ئىشتىن سىرتقى ۋاقتى بولىدۇ. مانا شۇنداق ۋاقىت ۋە قىزىقىشقا ئاساسەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالىم، كەشپىياتچىلارغا، ئەدىب، تەرجىمانلارغا ئوخشاش بىرەر پەن، ساھەنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرسا، ئەلۋەتتە بىرەر نەتىجە چىقماي قالمايدۇ، بۇگۈنكى كۈندە ھەرقانداق بىر كىشىگە نىسبەتەن ئۆگىنىش شارائىتى كەڭتاشا، ماتېرىياللار مول، تەشكىل، ئامما قوللايدۇ. ئىشتىن سىرتقى مەكتەپلەرنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق، ئوقۇتۇش خىراجىتىدىن قىينالمايدۇ. قىسقىسى، ئۆگىنىش، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ھەممىلا جايدا قوللاشقا ئېرىشەلەيدۇ. بىراق، شارائىت ياخشى، تەتقىقات ئورۇنلىرى كەڭتاشا بولسىمۇ، بۇ خىل ئەۋزەللىكلەردىن پايدىلىنىشقا ئىنتىلگۈچىلەر كۆپ ئەمەس، بولۇپمۇ بۇگۈنكى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇۋاتقان پەيتتە، بىر قىسىم كىشىلەردە بىلىم — كۈچ، بىلىم ئېلىش ھەممىدىن ئەلا، دېگەن ئىدىيىلەر «پۇل تېپىش ھەممىدىن ئەلا، خوجايىن بولۇش ھەممىدىن ئەۋزەل» دەيدىغان ئىدىيىگە ئۆزگىرىپ كەتمەكتە. بۇنىڭ بىلەن يانچۇق پۇلغا توشقانسېرى كاللا نامراتلىشىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقماقتا. بەزىلەر ھەتتا ئۆزىنىڭ

بىلىمسىزلىكنى ئەيىبلىمەكتە يوق، ھەتتا پەرزەنتلىرىنىمۇ مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ، پۇل تېپىش، ھۈنەر ئۆگىنىشكە سالدى. بېيىغان كىشىلەر پۇلنى كۆز - كۆز قىلىپ ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى تانسا، ماجاڭ، قارتا، بورت ئويناشقا، قۇرۇق پاراڭ سېلىشقا، كارا OK زاللىرىدا، قەھۋەخانىلاردا كۆڭۈل ئېچىشقا سەرپ قىلماقتا.

يۇقىرىقىلار مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈنمۇ، ھەربىر شەخسنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا خەۋپلىك ھادىسە بولۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا مىللەتنىڭ روناق تېپىپ گۈللىنىشىگە، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىسىز. مىللىتىمىزنىڭ ئىلغار پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەپ، باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئالغا بېسىشنى توسالغۇغا ئۇچرىتىدۇ. ۋەتەننىڭ گۈللىنىشى، مىللەتنىڭ روناق تېپىشى يەنىلا بىلىمگە باغلىق. بىلىم — كۈچ دېمەكتۇر، ۋەتەننىڭ كەلگۈسىنى، مىللەتنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئويلىغان ھەربىر كىشى مۇنتىزىم ئۆگىنىش شارائىتىدىن باشقا يەنە ئەۋزەل شارائىت، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ قىزىقىشى، ھەۋىسى بويىچە بىرەر پەن، بىرەر ساھەنى مەخسۇس ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ نەتىجە يارىتىش، كەشپىيات يارىتىش، بۇ ئارقىلىق جەمئىيەت ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم.

# ئادىلنىڭ روھىغا ئاپىرىن

1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن بۇيان رادىئودىن كىشى يۈرىكىنى ھاياجانغا سالىدىغان تەنتەنىلىك خۇش خەۋەر، تېلېۋىزوردىن ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلەر تارقىلىپ، گېزىت سەھىپىلىرىدە كىشىنى جەلپ قىلىدىغان قۇرلار تىزىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسى ساھىلىدىن تارىم، يۈرۈڭقاش ۋادىلىرىغىچە، چاڭبەيشەن تاغلىرىدىن تەڭرىتاغ ئېتىكىگىچە بولغان پۈتكۈل زېمىندا شادلىق ساداسى پەلەككە يېتىپ، پۈتۈن جۇڭخۇا ئېلى ئۇيغۇر ئوغلى ئادىل ھوشۇرنىڭ «ئۈچ بوغۇز» ئۈستىدىكى بوشلۇقتىن ئۆتۈپ، كوكلۇن ياراتقان جىنىس رېكورتىنى بۇزغانلىقىدىن ئىبارەت قۇتلۇق غەلىبىگە شادلىق ئىچىدە تەنتەنىلىك ئالقىش ساداسى ياڭراتتى. بۇ، جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقاندا قالتىس مۆجىزە. بۇ پۈتۈن جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شان - شەرى-پى، ئادىل ھوشۇر جۇڭگونىڭ پەخرى. جۇملىدىن ئۇيغۇر مىللىتى-نىڭ پەخرى. بىز جاراڭلىق ئاۋازىمىز بىلەن ئادىلنىڭ روھىغا ئاپى-رىن دەپ توۋلايمىز!

كانادالىق كوكلۇن 1995 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ «ئۈچ بوغۇز» ىدىكى بىرىنچى بوغۇز - چۈتاڭشيا بوغۇزىنىڭ ئەڭ تار يېرى بولغان كۈيمىن ئۈستىگە تارتىلغان پولات سىمدىن 53 مىنۇت 10 سېكۇنتتا ئۆتكەندە، كۈنىمىزدا ئازسانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئادىل ھوشۇر ئۇ خەۋەر-نى ئاڭلاپ، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر ئارقىلىق كوكلۇنغا جەڭ ئېلان

قىلىپ، بۇ پولات سىمدىن تېخىمۇ تېز سۇرئەتتە ئۆتۈپ، بۇ تۈردە دۇنيا جىننېس رېكورتىنى يېڭىلايدىغانلىقىنى دۇنياغا جاكارلىغانىدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئادىل ھوشۇر تەنتەنىلىك جاكارسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، كوكلۇننى يېڭىپ، دۇنيا جىننېس رېكورتى سەھىپىسىگە شان ـ شەرەپ بىلەن ئىسمى يېزىلدى.


قاتتىق تۇپراقنىڭ بېسىمىغا تېز پۈكمىگەن قومۇشلا ئاندىن زېمىندىن باش چىقىرالايدۇ، تار جىلغىلاردىن بۆسۈپ ئۆتەلىگەن ئېقىنلا دەرياغا قاراپ ئاقالايدۇ. ئادىل ھوشۇرنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكى، خەلقئارالىق كاتتا مۇسابىقىلەرنى باشتىن كەچۈرمىگەنلىكىگە قارىماي، خەلقئارالىق مۇسابىقىلەردە پىشىپ يېتىلگەن كانادالىق بىر مەشھۇر ئەربابقا جەڭ ئېلان قىلىشى ئۇنىڭ تاغ يۈرەك ئوغلان ئىكەنلىكىنى، جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقماسلىقتەك بۈيۈك غەيرەت ـ شىجائەتكە ئىگە قەھرىمان، ئەزىمەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ «يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن يانماس» روھى، تولۇپ ـ تاشقان كۆتۈرەڭگۈ قىياپىتى، قىيىنچىلىقتىن، ئوڭۇشسىزلىقتىن قورقماسلىقتەك روھىي قىياپىتى كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ. بۇ ئۇلۇغ غايە، ئارزۇ ـ ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈككەن ھەربىر جۇڭگو ياشلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ. بەزى كىشىلەر ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا ئازراق قىيىنچىلىققا يولۇقسىلا بەل قويۇۋېتىدۇ، بۇ خىل كىشىلەر قىلغان، قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن ھەرگىز نەتىجە يارىتالمايدۇ. يىگىت بىرەر مەقسەت، ئارزۇ ـ غايىسىنى كۆڭلىگە پۈككەنىكەن، جەزمەن ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. سۇنىڭ ئېقىشىغا قارشى كېمە سىلىپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئالغا بېسىشى كېرەك. پەقەت ئادىل ھوشۇرغا ئوخشاش ھەر خىل قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىقلارنى قەتئىي ئىرادە بىلەن يەڭگەندىلا، ئاندىن توسقۇنلۇق، قىيىنچىلىق ھەم ناچار شارائىتلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، شان ـ شەرەپ قۇچقىلى بولىدۇ. قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن مەشھۇر ئىرادىلىك ئەزىمەتلەر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسىمۇ، ئىرادىسىنى

بوشاشتۇرماي، مىلىك بىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى نامايان قىلغان ۋە قىلماقتا.

قەدىمكى زامان ھېكايىلىرىدا كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مۇنداق بىر ئىش سۆزلەنگەن: بىر كۈنى جەنۇبىي دېڭىزنىڭ ئەجدىھا پادىشاھى ئىككى تال مەرۋايىت قۇسۇپتۇ. مەرۋايىت ۋال - ۋۇل قىلىپ سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرۈپتۇ. شۇ ئەسنادا قارشى قىرغاقتا بېلىق تۇتۇۋاتقان ئاكا - ئۇكىلار ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇلار مەرۋايىتنى قولغا چۈشۈرمەكچى بوپتۇ، ئىنىسى مەرۋايىتنى ئالىمەن دەپ لەھەڭلەرگە يەم بولۇپ كېتەرمەنمۇ، دەپ قورقۇپ دېڭىز بويىدا ئولتۇرۇپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، دېڭىز دولقۇنىنىڭ مەرۋايىتنى ئىتتىرىپ ئالدىغا ئەكېلىپ بېرىشىنى تىلەپتۇ، ئاكىسى بوراندىنمۇ، دولقۇندىنمۇ قورقماي، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ كېمە ھەيدەش ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، مىلىك بىر جاپا - مۇشەققەتتە ئاخىر بۇ چوڭ دېڭىزدىكى مەرۋايىتنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. بۇ ھېكايە ئادىل ھوشۇرنىڭ بوشلۇقتىكى پولات سىمدىن ئۆتۈش جەريانىدىكى ئىشلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئادىل ھوشۇر ئەگەر 646 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، 405 مېتىر ئېگىزلىكتىكى پولات سىمدىن ئۆتۈشتە خەتەردىن قورقۇپ، ئارقىغا داجىغان، قىيىنچىلىق ئالدىدا تىز پۈككەن بولسا، دۇنيا جىننىس رېكورتىنى بۇزالمىغان، ئەڭ چوڭ شان - شەرەپنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولاتتى. ئۇ يۈكسەك ئارزۇ - ئارماننى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۆزىگە «بىر چەت ئەللىك يېڭىلىغان رېكورتنى مەن نېمىشقا يېڭىلىيالمايمەن؟» دەپ خىتاپ قىلىپ، يىمىرىلمەس كۈچ - قۇۋۋەت، تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ، توختىماي كۈرەش قىلىش روھى بىلەن جەڭگە كىرىشىپ، ئالەمنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان سۈرئەت بىلەن كوكلۇن ياراتقان رېكورتنى بۇزۇپ تاشلاپ، «پەلەك شاھى» دېگەن شەرەپلىك نامىغا ئېرىشتى. ئادىل ھوشۇرنىڭ ئەنە شۇنداق ئۆزىگە ئىشىنىش، مىللەتنىڭ شان - شەرىپىنى جاندىن ئەزىز بىلىشتەك قەيسەر روھى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. خەلقىمىز، مىللىتىمىز كىشى-

لىرى ئىچىدىن ئادىل ھوشۇرغا ئوخشاش ئەزىمەتلەرنىڭ يەنىمۇ كۆپ-
رەك چىقىشىنى، ھەرقايسى كەسىپ، ھەرقايسى سەپلەردە بىردىن
رېكورتنى بۇزۇپ تاشلىشىنى، بىردىن چوڭ نەتىجە يارىتىشىنى ئۈمىد
قىلىدۇ، شۇندىلا مىللىتىمىزدە ئۈمىد بولىدۇ، مىللىتىمىز دۇنيادا
قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ. بىز ئادىل ھوشۇرچە باتۇرلۇق، ئادىل ھو-
شۇرچە تىرىشچانلىق، ئادىل ھوشۇرچە ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ يەنىمۇ
كۆپرەك مەيدانغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۇلارنىڭ خەلقىمىزنىڭ
ئۈمىدىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ھەممىمىز
شوتا بولۇپ بېرەيلى.

1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى



# «كۆرۈك توخۇ دانغا ئامراق»

«كۆرۈك توخۇ دانغا ئامراق» دېگەن تەمسىل ھەم كۆرۈك توخۇغا قارىتىپ ئېيتىلغان، ھەم بۇ سىمۋول خاراكتېرلىك تەمسىل بولۇپ، ئىشلىمەي چىشلەيدىغان ياكى ئازغىنە ئىشلەپ قويۇپ مىننەت قىلىپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە ۋاتىلداپ يۈرىدىغان، ۋارقىراپ - جارقىراپ ئاغزى بېسىلمايدىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان.

دەرۋەقە، كۆرۈك توخۇنىڭ جېدىلى بىرقەدەر كۆپ، ئۇ داۋاملىق ئۇياقتىن بۇياققا چېپىپ روكۇلداپ يۈرۈپ، ھويلا - ئارامنى بېشىغا كىيىدۇ، دان بەرسە ئاغزى بېسىقىدۇ، بولمىسا ئۆي ئىگىسىنى توخۇ باققىنىغا تويدۇرىدۇ. ئادەملەر ئارىسىدىمۇ «كۆرۈك توخۇ» دىن قېلىشمايدىغان كىشىلەر بار. ئۇنداق كىشىلەر ئازغىنە ئىشلەپ قويۇپ قىلغان ئىشىنى مىننەت قىلىدۇ؛ خۇددى «تاغنى تالقان» قىلىۋەتكەندەك سۆزلەيدۇ، نەپ تەمە قىلىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ئىشلىمەي تۇرۇپمۇ «ياتقان ئېشەكنىڭ پوقى تولۇق»، «سۇتىسىز ئىنەك تولا مۆرەيدۇ» دېگەندەك، ۋارقىراپ - جارقىراپ جاھاننى مالىمان قىلىدۇ. مۇنداق كىشىلەر ئىشنى كۆرسە بېشى ئاغرىيدۇ، ئەمما ئالىدىغان، يەيدىغان يەر بولسا بېشىچە يۈگۈرۈپ بارىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر «ياز بولسا قىش بولمىسا، نان بولسا ئىش بولمىسا» دېگەن ناخشىغا بەك ئامراق. ئۇلار ئازغىنە ئىش قىلسا ياكى ئىش سەللا ئېغىر كەلسە، ئاغزى تالغۇچە كوتۇلدايدۇ. بەزى كىشىلەر بىر سائەتتە پۈتىدىغان ئىشنى بىر كۈندە، ھەتتا ئىككى كۈندە ئاران قىلىپ بولىدۇ، بىر

كۇندە قىلىپ بولىدىغان ئىشنى بىر - ئىككى ھەپتىگىچە سوزىدۇ، ئىشنى چالا - پۇلا قىلىدۇ؛ ئىش كۆڭۈلدىكىدەك قىلىنماپتۇ دېيىلسە، «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دېگەندەك، ئۆزىنى ئاقلاپ، قالاي-مىقان سۆزلەپ ئەزۋەيلەپ كېتىدۇ. بۇ خىل غۇدۇراش «تاراڭلىغان تۇگمەننىڭ ئۇنى يېرىك» دېگەن تەمسىلگە توغرا كېلىدۇ. مۇبادا، مۇنداق كىشىلەرنىڭ شەخسىي ئىشى چىقىپ قالسا، جاننى ئالىقىنىغا ئېلىپ قويۇپ قىلىدۇ، ھەرقانداق بالادىن قورقمايدۇ...

بۇنداق «كۇرۇك توخۇ»نىڭ قىلىقىنى قىلىدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز بولىسمۇ، بىراق ئامما ئارىسىدىكى سەلبىي تەسىرى خېلىلا يامان. بۇ خىل «كۇرۇك توخۇ»لارنى ۋاقىلدىتىۋاتقان نەرسە — ئۇ ئاش يەۋاتقان «تۆمۈر تاۋاق». ناۋادا «تۆمۈر تاۋاق» تولۇق چېقىلىپ، بۇ خىل «كۇرۇك توخۇ»لار ئىشلىمىسە «نان يوق» بولسا، ياخشى ئىشلىمىسە «نان ئاز» بولسا، ئاندىن ئۇلار ئىشقا ئىنتىلىدىغان بولىدۇ ۋە «نان»نى جىق يېيىش ئۈچۈن ئەجىر قىلىپ ئىشلەيدىغان بولىدۇ. مېنىڭچە، ئۇ كۈنلەرمۇ كېلەي دەپ قالدى. مانا شۇ چاغدا «كۇرۇك توخۇ»لارنىڭمۇ «كۇرۇك»لىرى يېشىلىپ كېتىدىغۇ دەيمەن.



# ئىشقا قوبۇل قىلىنىدىغان ئورۇن نىمىشقا بوش قالدى

يېقىندا «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان بىر خەۋەردە ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش بازىرى ئېچىلىپ، تۆرلۈك مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن 2000 دىن ئارتۇق ياشنىڭ «بازار» غا كىرىپ تەلىپىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن تىزىملاتقانلىقى، ئەسلىي 246 ئادەم قوبۇل قىلىنماقچى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 155 ئادەم قوبۇل قىلىنىپ، شىركەتلەر بىلەن توختام ئىمزالىغانلىقى، قالغان ئورۇننىڭ بوش قالغانلىقى بايان قىلىندى. بۇ خەۋەرنى ئوقۇۋېتىپ كاللامدا بىرمۇنچە سوئاللار پەيدا بولدى. كەسىپداشلىرىم ۋە باشقا تونۇش - بىلىشلىرىم ئارىسىدا غۇلغۇلا قىلىشقانمۇ بولدۇق. بەزىلەر ئىشقا قوبۇل قىلىش ئەھۋالى ۋە 91 ئورۇننىڭ بوش قالغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەرنى مىللەت ۋە تىل چەكلىمىسى قاتارلىق تەرەپلەردىن ئىزدىدى ۋە بۇنى چوڭ بىر قائىدە سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشتى. مېنىڭچە، بۇمۇ بىر مۇھىم سەۋەب بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم سەۋەبنى يەنىلا باشقا تەرەپلەردىن ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىمىزدىن ئىزدىگىنىمىز تۈزۈك.

دەرۋەقە، ئىلگىرى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشقا قوبۇل قىلىش ئىشلىرى مىللەت ئايرىمىسى بويىچە سان چۈشۈرۈپ بېرىش قاتارلىق يوللار بىلەن ھەل قىلىنىپ كەلگەن. بىراق، بازار ئىگىلى-

ـكى يولغا قويۇلۇپ، شىركەت، كارخانا، زاۋۇتلار ئۆز ئىگىلىكىگە، پايدا - زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەت يۆلىمەيدىغان بولۇش، «ئەمچەكتىن ئايرىش» ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن، مىللىتىمىزنى ھۇ- رۇنلاشتۇرۇپ، تەمەخور قىلىپ قويغان «ئېتىبار بېرىش»، «يۆ- لەش» ئىشلىرى، «ئاجىز» لارغا ئىلتىپات كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللار بارا - بارا تۈگەشكە باشلىدى، بولۇپمۇ دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلا- تى (WTO) غا كىرگەندىن كېيىن، بۇ مەسىلە تېخىمۇ گەۋدىلىنىشكە باشلىدى، يەنى «بىلىم - ئىقتىدار، قابىلىيىتىڭ بولسا، دولقۇن يېرىپ ئۈزۈپ قىرغاققا چىق، زەپەرقۇچ... بولمىسا ھالىڭغا ۋاي»، «ئۆزۈڭنىڭ شورى»... دەيدىغان ھالەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئۇزاق يىللاردىن بېرى مىللىتىمىز كىشىلىرى ئىچىدىن بەزىلەر باش- قىلارنىڭ «ئىلتىپات» كۆرسىتىشىگە، ياردەم بېرىشىگە كۆنۈپ قال- غاچقا، بىلىم ئىگىلەش، پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى قوبۇل قى- لىش، يېڭى كەشپىيات يارىتىش دېگەنلەرگە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمىگەن. ئەمدى رىقابەت دەۋرىدىكى تاللىنىش، شاللىنىش مۇھىتى- غا دۇچ كېلىپ، «مىخ» قا ئۇسىگەندە، ئاندىن كېچىكىپ بولسىمۇ ئويغىنىشقا باشلىدى.

نېمىشقا «مىخ» قا ئۇسىدۇق؟ نېمىشقا ئىشقا قوبۇل قىلىنىش جەريانىدا شاللىنىپ قېلىش كېلىپ چىقتى؟ سەۋەبى شۇكى، پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىمىز باشقىلاردىن ئارقىدا قالدى. بىلىم قۇرۇلمىمىز دەۋرگە يېتىشىپ ماڭالمىدى. مۇنداق دېسەم، بەزىلەر مىللىتىمىز كىشىلىرى ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان ئالىملار، ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقتى، چىقىۋاتىدىغۇ؟ بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ دېيىشى تۇر- غانلا گەپ. ئۇمۇ دەرھەقىقەت ھەم شۇنداق بولغان. چۈنكى، ئۇيغۇر خەلقىمىز بىلىمخۇمار، قەدىمىي مەدەنىيەتلىك خەلق. بىزنىڭ ئەجداد- لىرىمىز قەدىمكى زامانلاردا كۆپ خىل دىن، كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر- دىن ئوزۇق ئېلىپ، ھەربىر دەۋرلەردە ئاجايىپ دانا دۇنياۋى ئالىملار- نى يېتىشتۈرۈپ چىققان ۋە پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان. بۈددىزىم مەدە-

نىيىتى گۈللەنگەن دەۋرلەردە كۆسەنلىك ئالىم، بۈيۈك تەرجىمان كوماراجىۋا ھەزرەتلىرى «دۆلەت ئۇستازى» دېگەن سالاھىيەتكە ئېرى-شىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بۇددىزم مەدەنىيىتىنى تارقىتىشتا ئاجا-يىپ مۇھىم رول ئوينىغان. ئىسلامىزم مەدەنىيىتى دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان يېتۈك ئالىم فارابى «ئىككىنچى ئۇستاز» (ئارىستوتېلدىن كېيىنكى ئەڭ مەشھۇر دۇنياۋى ئالىم) دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇيغۇر قاراخانىيلار دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان جاھان تۈركولوگىيە-سىنىڭ ئاساسچىسى مەھمۇد كاشغەرى، دۇنياۋى مەشھۇر سىياسە-يون، يېگانە ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپلار مىللىتىمىزنىڭ پەخرى بولۇپ، دۇنيا خەلقىگە ئاجايىپ مول مەدەنىيەت بىلىملىرى، مەنىۋى ئوزۇقلارنى تەقدىم قىلغان. ئۇلار تىكلىگەن ئىلمىي ئابىدىلەر تارىخ-نىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ، ھازىرغىچە قىممىتىنى يوقاتماي كەلمەكتە. دېمەك، بىزدە ھەقىقەتەن ئىلىمنى سۆيىدىغان، ئىلىمگە قىزىقىدىغان روھ، شىجائەت بار، بۇنى دۇنيامۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. بىراق، بىر سوئال بىزنى قىينايدۇ، يەنى كېيىنكى دەۋرلەردە نېمىشقا يۇقىرىقى-دەك دۇنياۋى ئالىملىرىمىز، يېتۈك زىيالىيلىرىمىز كۆپلەپ يېتى-شىپ چىقالمىدى؟ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالدۇق؟ بۇنىڭدىمۇ نۇرغۇن سەۋەبلەر بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مۇھىم سەۋەب شۇكى، كېيىنكى دەۋرلەردە يۇقىرىقىدەك دۇنيا-ۋى ئالىملىرىمىزنىڭ مۇھىت - شارائىتىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي بېرى-لىپ ئىزدىنىش، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ئىلىمنى سۆيۈش روھىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈزۈلۈپ قالدى. دۇنيا سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى ئوزۇق قوبۇل قىلىش كەم بولدى. دىن ۋە خان - تۆرىلەر ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەپ، ئىلىم - پەنگە ئېتىبار بەرمىدى. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئاق تاغلىق، قارا تاغلىقلار نىزاسى ۋە سوپىزم ئەۋجىگە چىقىپ، كىتابلار كۆيدۈرۈلدى، ئىلىم ئەھلىلىرى نابۇت قىلىندى. مۇستەبىت كۈچلەر تەختكە چىقىپ، خەلقنى نادانلاشتۇردى ۋە ئالىي مەرتىۋە ئورنىدا

تۇرۇۋېلىپ خەلقتىن، ئىلىم - پەندىن يىراقلاشتى. يىراقلاشقانسېرى خەلق نادانلىق پاتقىقىغا شۇنچە چوڭقۇر پېتىپ كېتىۋەردى. دۆلەت ئازاد بولغاندىن كېيىن، خەلقىمىز ئىلىم - پەننىڭ قەدرىگە يېتىپ، كۆڭۈل قاراڭغۇلۇقىنى ئىلىم نۇرلىرى بىلەن يورۇتۇشقا باشلىغاندا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پارتىلاپ، ئەمدىلا قانات چىقىرىشقا باش- لىغان زىيالىيلىرىمىز «سېسىق توققۇزىنچى» قىلىپ تارتىپ چىقى- رىلىپ، ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «يېزىق ئۆزگەرتىش» شامىلى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، نۇرغۇن ياشلىرىمىز يېڭى «ساۋاتسىز» لارغا ئايلىنىپ قالدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، بىر تۈركۈم زىيالىيلىرىمىز ئەجدادلىرىمىز- نىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ يېتىشىپ چىقىۋاتقان بولسىمۇ، مەدەنى- يەت تارىخىدا خېلى يۇقىرى ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن بىر قەدىمىي مىللەت كىشىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس ھەم تولىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. نۆۋەتتە، شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ- كى، خېلى بىر قىسىم ياشلىرىمىز ئوقۇش جەريانىدا تىرىشىپ ئۆگە- نىپ، ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلمىدى. باشلانغۇچ مەكتەپ- تىن تاكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى سىناق ئىمتىھانلاردا ئەپلەپ - سەپلەپ كۆچۈرۈپ ئىمتىھان بېرىپ سىنىپ ئاتلىدى. قىسمەن ئوقۇتقۇچىلار، ئاتا - ئانىلار بۇنىڭغا «يېشىل چىراغ» يېقىپ بەردى. بەزى ياشلىرىمىز ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋات- قان مەزگىللەردە ياخشى يەپ، ياخشى كىيىنىپ، ياخشى ئويناپ، كۈنلەرنى «شاد» ئۆتكۈزۈپ، مەكتەپ پۈتكۈزۈپ دىپلوم ئالغان بول- سىمۇ، جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆ- تەلمىدى. دىپلوم مەكتەپتە ئوقۇغانلىقنىڭ ئىسپاتى بولغان بولسىمۇ، ئەمەلىي خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئىقتىدارىنى بەلگىلەپ بې- رەلمىدى. ئۇلاردا «ئىتتى ئۇلۇغ، سۇپىرىسى قۇرۇق»، «سەللە يو- غان، باش كىچىك»، «قالپاقتا تۇشلۇق قىرغىز يوق» بولۇپ قېلىش

ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقتى. ئۇلار جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن ئىشقا قوبۇل قىلىدىغانلارنىڭ ئەمەلىي ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدى، ئىش ئەنە شۇنداق بولۇپ، ئەھۋال بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. ھازىر ئىلگىرىكى پۈتكۈزگەن مەكتەپ، ئالغان دىپلومغا قاراپ خىزمەت تەقسىم قىلىش تۈزۈمى تۈپتىن ئۆزگەردى. ھازىر دىپلومغىلا ئەمەس، بەلكى دىپلومغا يارىشا ئىگىلىگەن ئەمەلىي پەن - تېخنىكا، بىلىم سەۋىيىسىگە، باشقۇرۇش سەۋىيىسىگە قاراپ ئۆزى ئىش تېپىش تۈزۈمى يولغا قويۇلماقتا. دېمەك، زامان، تەلەپ، ئېھتىياج ئۆزگەردى دېگەن سۆز. ئىلگىرى بىرەر كەسىپ، بىرەر تېخنىكا ئىگىلەپ قويسا، بىر ئۆمۈر «نان» تېپىپ بېرەتتى. ھازىر بىلىم، تېخنىكىنىڭ يېڭىلىنىشى ئاجايىپ تېز بولماقتا.

قانداق قىلىش كېرەك؟ مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن دىپلومغا قاراپ كۈتۈپ ئولتۇرۇش كېرەكمۇ؟ ياق! زامانغا، دەۋرگە ماسلىشىش ئۈچۈن بىلىم قۇرۇلمىمىزنى مۇستەھكەملەش، كامالەتكە يېتىش يولىدا بارلىق بەدەللەرنى بېرىپ تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز، ئىلىم نۇرى بىلەن قەلبىمىزنى يەنىمۇ تولۇق يورۇتىشىمىز، ئەقىل كۆزىمىزنى تولۇق ئېچىشىمىز، ۋۇجۇدىمىز پاراسەت، شىجائەت، ئۈمىد بىلەن كۈچ تېپىشى لازىم. بۈگۈنكى رىقابەت دەۋرىدە ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، مەڭگۈ ئۆگەنگۈچى ئورنىدا تۇرۇشى لازىم. ياشاش ۋە تېخىمۇ مەنىلىك ياشاش ئۈچۈن يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ جاي قاتارلىق تەرەپلەردە ياخشى شارائىتقا ئېرىشىش، ياخشى خىزمەت، ياخشى ئىش ئورنىغا چىقىش ئۈچۈن توختىماي ئۆگىنىش لازىم. يېڭى، مول، مۇستەھكەم بىلىم ئاساسىغا ئىگە بولمىغاندا، ھەربىر شەخس، ھەربىر مىللەت ئۆز نۆۋىتىدە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرالمايدۇ، قۇدرەت تاپالمايدۇ. شۇڭا، مىللىتىمىزنىڭ ھەربىر ئەزاسى مەيلى مەكتەپ پۈتكۈزۈپ دىپلوم ئېلىپ ئىش كۈتۈپ تۇرسۇن، مەيلى خىزمەتكە قاتناشسۇن، مەيلى باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولسۇن، ئۆگىنىش ئۈستىدە كۆپرەك باش قاتۇرۇشى، ئۆز

خىزمىتى، ئىشنى ياخشى قىلىشى، يېڭى بىلىم ۋە تېخنىكىلارنى، زامانغا لايىق تۈرلۈك كەسپىي بىلىملەرنى، ئىلمىي باشقۇرۇش ئۇ- سۇللىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى، زېرىكمەي ئىزدىنىشى، ئۆزى ياشا- ۋاتقان دۇنيانىڭ سىرلىرىنى ئېچىشقا ئۆزىنى بېغىشلىشى لازىم. ئە- گەر ئۆزىمىز ئىشلەۋاتقان كەسىپتىكى بىلىم قۇرۇلمىمىز زامانغا لايىق كەلمىسە، ئىلگىرىكى بىلىملىرىمىز، دەسمايىمىز يېڭى دەۋر تەلىپىنى، يېڭى خىزمەت ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىسا، دەرھال كە- سىپ قۇرۇلمىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلالىساق، ئاندىن يېڭى دەۋر تەلىپىگە، يېڭى ئىش ئورنىغا ماسلىشالايمىز، خىزمەت ئورنىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئىش ئورنىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ. قىسقىسى، خىزمەت دېمەك، نان دېمەك، ئىش ئورنى دېمەك، مەۋجۇتلۇق دېمەك- تۇر. جاننى بېقىش، تۇرمۇشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈش ئۇچۇنمۇ بىلىم، ئەقىل، شىجائەت بولمىسا بولمايدۇ. هازىر مىللىتىمىز كە- شىلىرى ئىچىدە باشقىلار يارىتىپ بەرگەن يېڭى كەشپىياتلارنىمۇ ئىگىلەپ بولالماسلىق، ئۆگىنەلمەسلىك ئەھۋاللىرى خېلىلا ئېغىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىم، هۈنەر، كەشپىياتلار هەر سائەت، هەر كۈنى دېگۈدەك يېڭىلىنىپ بارماقتا. باشقا مىللەتلەرنىڭ كەشپىيات، يېڭى- لىق، ئىجادىيەت ناملىرىمۇ لۇغەت تەركىبىمىزدە بارغانسېرى كۆپە- يىپ بارماقتا. هەر كۈنى نۇرغۇن يېڭىلىقلار، پەن - تېخنىكا مۆۋەپ- پەقىيەتلىرى تور دۇنياسىدىن تارقىلىپ تۇرماقتا. بۇ رىقابەت، ئۇ- چۇر، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ بىزگە جىددىي خىرىس قىلىۋاتقانلى- قىنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە بۇ بىزگە خىرىسنى قانداق يېڭىش لازىم؟ دېگەن سوئالنى قويماقتا.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ، مەكتەپكە كىر- گەندىن تارتىپ خىزمەتكە قاتناشقانغا قەدەر، خىزمەتكە قاتنىشىپ ئىش ئورنىنى مۇقىم ساقلاشقا قەدەر، قىسقىسى، هاياتلىقىمىزنى ئىسپاتلاش ئۇچۇنمۇ ئەمەلىي بىلىم، ئىقتىدار، پەن - مەدەنىيەت

سەۋىيىمىزنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ بېرىش، جەمئىيەت ئېھتىياج-
لىق كەسپلەرنى تالالاپ ئۆگىنىش، ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈ-
شەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىللىتىمىز خەلقى ھەقىقەتەن ئەقىللىق، تىرىش-
چان خەلق، تىرىشسىلا، بېرىلىپ تەتقىق قىلسىلا، باشقا ھەرقانداق
مىللەت كىشىلىرىدىن ئېشىپ چۈشەلەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىز «ئە-
قىللىق مىللەت» دەپ بوشاڭلىق، يالقاۋلىق قىلساق، تىرىشمىساق،
«مىخ» قا ئۇسۇپ، بۇرنىمىز قاناۋېرىدۇ. بۇگۈن تىرىشىپ ئىشلىمى-
سەك، ئەتە ئىش تېپىشقا ئالدىرايدىغان، ھالىمىزغا ۋاي بولىدىغان
گەپ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى تۆھپە، شان - شەرەپلىرىنى
«ياستۇق» قىلىپ ياتساق تېخىمۇ بولمايدۇ. جاپاغا چىداپ بېرىلىپ
تىرىشىپ ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن ئىسمى - جىسمىغا لايىق ھەقىقىي
ئالىي مەلۇماتلىق كىشىلەرگە ئايلانغىلى بولىدۇ.

مىللىتىمىز كىشىلىرى ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر بەزى خىز-
مەت، ئىش ئورنىدا ئىلگىرىكى تەجرىبىسىگە تايىنىپ، بەزىلەر ۋارقى-
راپ - جارقىراپ، ھەر قەدەمدە «سول بايراق» كۆتۈرۈپ، شوئار
توۋلاپ يۈرۈپ جان بېقىپ كەلمەكتە. ئۇلار كىتاب - گېزىت ئوقۇماي-
دۇ، يېڭى بىلىم، پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى ئۆگەنمەيدۇ، ھەتتا
باشقىلار يارىتىپ بەرگەن تەييار بىلىملەرنى، كەشپىياتلارنى، ماشىنا-
ئۈسكۈنىلەرنىمۇ ئىگىلەشكە بېرىلمەيدۇ. بەزىلەر «ئوتتۇرا ياشقا بې-
رىپ قاپتىمەن، ئەمدى ئۆگىنىپ نېمە قىلارمەن» دەيدۇ. بۇخىل
قاراش پەقەت توغرا ئەمەس. ئېسىمدە تۇرۇپتۇكى، بىر گېزىتنىڭ
خەۋىرىدە چەت ئەللىك 86 ياشقا كىرگەن بىر مويسىپىتنىڭ ئالىي
مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەنلىكى بايان قىلىنغان. يەنە بىر گېزىت
خەۋىرىدە ئىچكىرى ئۆلكىدىكى بىر مەدەنىيەتلىك دېھقان ئۆزىنىڭ
دېھقانچىلىق تىجارىتىگە ماسلىشالمىغان 38 ياشلىق ساۋاتسىز ئايالىنى
باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان. يېقىندا
چىققان يەنە بىر گېزىت خەۋىرىدە × ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ
ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ «ئېلىپبە» نى يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىپ، ئىملا جە-

ھەتتىكى سەۋەنلىكلىرىنى تۈزىتىپ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئوقۇتۇش خىزمىتىگە ماسلاشتۇرغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ كىشىلەر يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى دەۋرگە ماسلىشالمىغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇشقا، ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغان. بۇلارنى ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ھازىرقى دەۋر ئاسانلىقچە ئادەم ياراتمايدىغان ھەم ئادەم تاللايدىغان دەۋر بولۇپ قالدى. كىشىلەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى يۇقىرى بولمىسا، زاماننىڭ ئارقىسىدا قالىدىغان بولۇپ قالدى. بىلىم مىللەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم بولۇپ قالدى. بىلىم ئىنسانغا بەخت، ئىززەت، ھۆرمەت، شان - شۆھرەت ئاتا قىلماقتا. بىلىم ئىگىسى ئۆلسىمۇ، ئۇنىڭ تەرىپى ھەرگىز ئۆلمەيدۇ. بىلىم، ئىقتىدار ئىگىلىرى دۇنيانى سورايدىغان زامان يېتىپ كەلدى. بىلىمنى، بىلىم ئىگىلىرىنى ھەممە كىشى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدىغان بولدى. ھەرقانداق بىر ئورۇن ئىختىساس ئىگىلىرىنى، بىلىملىكلەرنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئىزدىنىدىغان بولدى. مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ، خىزمەت سۈپىتىنىڭ ئۆرلىشىنى ئىختىساس ئىگىلىرىگە باغلايدىغان بولدى. دېمەك، كىشىلەر ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى زىيالىي، ئىختىساس ئىگىسى دەپ ھۆرمەتلەيدىغان بولدى. بىراق، ھەقىقىي زىيالىي بولماق ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس. جەمئىيەتشۇناس، ژۇرنالىست ئىسلامجان شېرىپ: «زىيالىي ئوقۇتقۇچى دېمەكتۇر، ئەگەر سەن ئۆزۈڭنى زىيالىي دەپ قاراپ، بەرپا قىلىش ئەمەلىيىتىگە قاتناشمىساڭ، مىللىتىڭنىڭ، خەلقىڭنىڭ، دۆلىتىڭنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلمىسەڭ، ئالغان بىلىمىڭ، ئىقتىدارىڭ ئۆزۈڭگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان دەرىجىگە يېتەلمىسە، ئۇ ھالدا سېنى زىيالىي دېگىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. رۇس خەلقى: «زىيالىي بىر مىللەتنىڭ پاسپورتى» دېگەن. بىر مىللەت ئۆزىنىڭ تۇركۇم - تۇركۇم قابىل زىيالىيلىرى، ئالىملىرى بىلەنلا دۇنيا سەھنىسىگە چىقالايدۇ ۋە مىللەتنىڭ ئوبرازىنى نامايان قىلالايدۇ. بۇ خىل

روھ شۇ مىللەت كىشىلىرى ئىچىدىكى ئىلىم تەلەپكارلىرىنىڭ تىرىش-
چانلىقى، ئىزدىنىش روھى، ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ ئەتراپلىق يېتى-
لىشى ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ. ئەمدى كىچىككەن بولساقمۇ ئىختى-
ساسلىقلار رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرۇش، باشقىلاردىن ئارقىدا قال-
ماسلىق ئۈچۈن ھۇرۇنلۇق، قاشاڭلىق ئىللەتلىرىگە جەڭ ئېلان قىلى-
شىمىز، ھەربىر قەدەمدە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى قوزغىشىمىز، تە-
رەققىيات، ئالغا ئىلگىرىلەش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بىلىم ئىگە-
لىشىمىز زۆرۈر بولۇپ قالدى. ھازىرقى دەۋر ئۈچۈرلاشقان، تورلاش-
قان دەۋر، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى. ئۇخلاپ ياتقانلارنىڭ ئۇيقۇسىنى
ئاچىدىغان دەۋر. تاللىنىش ـ شاللىنىش ئۆزىمىزگە باغلىق. چۈنكى،
«ھەر كىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى».

يۇقىرىدىكىلەردىن 91 ئىش ئورنىنىڭ نېمە ئۈچۈن بوش قالغان-
لىقىنى ئاز ـ تولا چۈشەنگەن بولساق كېرەك. بىزدە پەقەت مەدەنى-
يەت، ساپا جەھەتتە باشقا مىللەت كىشىلىرى بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان،
ھەتتا ئۇلارنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان ئىقتىدار، قابىلىيەت بولغاندىلا،
ئاندىن چىقىش يولىمىز بولىدۇ، ئاندىن «ئىش ئورنى» بوش قالىدى-
غان ھالەتلەرگە خاتىمە بەرگىلى بولىدۇ.

ئىزدەنگۈچىلەر، ياشلار «تۇتقۇلۇق ھەربىر مىنۇتنى چىڭ تۇ-
تۇپ» دېگەن روھ بىلەن يەنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىڭلار، كەلگۈسى
سىلەر بىلەن روناق تاپقۇسى.

2002 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

# كۆڭلۈمنى غەش قىلغان ئىككى ئىش

يېقىندا، قەشقەر شەھىرىدىكى يېڭىدىن ئۆزگەرتىپ ياسالغان «1- ماي» كىنو - تىياتىرخانىسىغا كىرىپ، كىنو - تىياتىرخانىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە زامانىۋى تۈس بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئالاھىدە، ھەيۋەت، كۆركەم ياسىلىپ، تاماشىبىنلارغا يېڭىچە خۇشاللىق ئاتا قىلغانلىقىدىن كۆڭلۈم سۆيۈنگەنىدى. بىراق، بىردەمدىن كېيىن ئىككى ئىش كۆڭلۈمنى غەش قىلدى. بىرى، ئازساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر (ئاساسەن ياشلار) نىڭ بېلەتتىكى ئورۇن نومۇرى بويىچە ئۆز ئورنىدا ئولتۇرماي، بالدۇر كىرىپ ياخشى، ئالدىدىكى ئورۇننى تالىلاپ، باشقىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالغانلىقى، بۇنداق قىلىق تولىمۇ بولمىغۇر قىلىق ئىكەن. بۇ چاغدا ئەسلىي ئورۇن ئىگىسى ئۆز ئورنىغا كەلگەندە، ئۇلار ئورۇننى بوشىتىپ بېرىشكە ئۇنىماي، ئەسلىي ئورۇن ئىگىسىنى تەڭلىككە سېلىپ قويىدى، بەزىلەرگە ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ھەققەتەن تەسكە توختىدى؛ يەنە بىرى، ئازساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ گازىر، خاسىڭ، قوماچ قاتارلىقلارنىڭ شاكال، شۆپۈكلىرىنى ئورۇندۇق ئاستىغا تاشلىشى بولدى.

يۇقىرىقى ئىشلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ، بىردىنلا 70 - يىللاردىن بۇرۇنقى كىنو - تىياتىرخانىلاردىكى ئەھۋاللار كۆز ئالدىمغا كەلدى.

ئۇ چاغلاردا كىنو، ئويۇن كۆرۈشكە كىرگەن كىشىلەر بىر تەرەپتىن تاماكا چېكىپ، گازىر چېقىپ، يەنە بىر تەرەپتىن قوغۇن - تاۋۇز يەپ، ماروژنى، دوغ ئىچىپ، شاكال، شاپاق، شۆپۈكلەرنى ئورۇن-دۇق ئاستىغا تاشلاپ ئولتۇرۇۋېرەتتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر «هەي- هەي، هايت - هۇيت···» دېيىشىپ، ئىسقىرتىشىپ ئولتۇرۇ-شاتتى. كىنو - تىياتىرخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۇلارنى توسۇشىمۇ كار قىلمايتتى. ئۇغۇ ئۆتمۇش جەمئىيەتتىن سۆرۈلۈپ كەلگەن «ئىللەت» لەردىن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىمۇ شۇنچىلىك ئىدى. ئارىدىن 30 نەچچە يىل ئۆتۈپ، هالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە يەنە شۇ كونا «ئىللەت» لەرنى سۆرەپ يۈرسەك، زامانغا مۇناسىپ كېلەر-مۇ؟ «مەدەنىيەتلىك شەهەر پۇقراسى بولۇش مىزانى» غا ئۇيغۇن كې-لەرمۇ؟!

يۇقىرىقى ئىككى ئىش هەقىقەتەن جەمئىيەت ئەخلاقىغا زىت ئەھ-ۋال. كىنو - تىياتىرخانىلار ئاممىۋى سورۇن. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆزگە يارىشا ئاممىۋى تەرتىپى، قائىدىسى بولىدۇ. تەرتىپ ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ مۇھىم بەلگىسى، نورمال تۇرمۇشنى قوغداش-نىڭ مۇھىم كاپالىتى. هەممە كىشى ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ياخشى بولۇشىنى، مۇھىتنىڭ ئازادە، پاكىز بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇن-داق ئىكەن، ئازساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرماي، باش-قىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىشى، كىنو - تىياتىرخانىنى ئۆرە - تۆپە قىلىشى، خاسىڭ، گازىر چېقىپ، ئۇسسۇلۇق ئىچىپ، ئەخلەت - شۆپۈكلەرنى ئاستىغا تاشلاپ ئولتۇرۇشى ئەلۋەتتە مەدەنىيەتسىز-لىكنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم (چوڭ شەهەرلەر-دە، مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى كىشىلەر ئارىسىدا هەرگىزمۇ بۇنداق ئىش، ئىللەتلەر مەۋجۇت ئەمەس). مەدەنىيەت مەسىلىسى كىشىلەر-نىڭ مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەدەنىيلىك بولۇش مەسىلىسى ئەسلىي ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ نادانلىق، ياۋايىلىق، قالاقلىقتىن قۇتۇلۇش دەرىجىسى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ماددىي،

مەنىۋى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەرەققىيات دەرىجىسىنى كۆرسى-تىدۇ. بۇ يەنە ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئىجتىمائىي تەرتىپ، كىشىلەر-نىڭ مىجەز - خۇلقى، ئىجتىمائىي كەيپىياتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردىكى ھەرىكەت، پائالىيەتلى-رى قائىدىگە ئۇيغۇن بولۇشى، كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى، باشقىلارغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەسلىكى، باشقىلارنى تەڭلىكتە قويماسلىقى لازىم. ھېلىقى كىشىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ ئور-نىنى ئىگىلەپ گىدىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئورۇننى ئىگىسىگە بوشى-تىپ بېرىشكە ئۇنىماسلىقى، ئاممىۋى سورۇنلاردا گازىر، خاسىڭ چېقىپ شاكاللىرىنى ئورۇندۇق ئاستىغا تاشلاۋېرىش قاتارلىق قىلى-مىشلىرى ھەقىقەتەن مەدەنىيەتسىز قىلمىش، شۇنداقلا ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى مەنسىتمىگەنلىك، كىشىلەرنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلى-مىغانلىق؛ ئاممىۋى سورۇننىڭ تازىلىقىغا، مۇھىتنىڭ گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىك. بىز XXI ئەسىردە ياشاۋېتىپمىز، يەنىلا ئۆت-مۈشتىن قالغان ئىللەتلىرىمىزنى سۆرەپ يۈرۈۋەرسەك، زامانغا، دەۋرگە ھەرگىزمۇ مۇناسىپ كەلمەيدۇ. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا، كىشىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، مۇھىتقا زىيان يەتكۈزىدۇ. بىلىش كې-رەككى، بىز ياخشى، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشنىلا بىلىپ قال-ماي، يەنە ئىجتىمائىي ئەخلاققا، ئىجتىمائىي تەرتىپكە رىئايە قىلىش-تىمۇ، ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ تازىلىقىغا رىئايە قىلىشتىمۇ ئوخشاشلا ئاڭلىق بولۇشىمىز، ھەر ئىشتا ئۆزىمىزنى سورىشىمىز لازىم. شۇن-دىلا ئاممىۋى سورۇننىڭ ئازادە، تەرتىپلىك بولۇشىغا، مۇھىتنىڭ پاكىز، ئازادە، ساپ، ھاۋالىق بولۇشىغا، كىشىلەرنىڭ روھىي كەي-پىياتىنىڭ ساغلام بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى ھەم تەن ساغلاملىقى-نى، مەنىۋى تۇرمۇشنى ھەقىقىي بېيىتقىلى بولىدۇ.

**2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى**

# ئوقۇرمەنلەر نېمە دەيدىكىن

يېقىندا، بىرنەچچىمىز مەلۇم جايدىكى × رېستوراندىن چىقىپ، قايتىش تەرەددۇتىدا تۇراتتۇق، چاچلىرى ئارقىسىغا تارالغان زىيالىي سۇپەت بىرى رېستوراندىن چىقىپلا، يېنىمىزدىكى دەرەخ تۇۋىگە كىچىك تەرەت قىلىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن بىرنەچچىمىز جەمئىيەتنى، مۇھىتنى، بىزنى، شۇنداقلا ئۆزىنى مەنسىتمىگەن بۇ مەخلۇقنىڭ قىلمىشىدىن غەزەپلەندۇق. مەن ئاچچىقىمنى زادىلا باسالمىدىم - دە: «هايۋان» دەپ تىل تەگكۈزدۇم. ئۇ، ئىشىنى تۈگىتىپ بولۇپ، مېنى ئالاھىدە «زىيارەت» قىلغىلى يېنىمغا كەلدى.

— سىلى مېنى تىللىدىلىمۇ؟

— هەئە!

— مەن هايۋانمۇ؟

— هەئە!

— قانداقسىگە؟

— سىزنىڭ سىرتقى قىياپىتىڭىز ئادەمگە ئوخشىسىمۇ، هېلىقى قىلىقىڭىز هايۋانغا ئوخشايدىكەن، شۇڭا ئاشۇنداق دېدىم.

ئۇ، مېنىڭ جاۋابىمغا چىداپ تۇرالماي غەزەپ بىلەن ھۆرپەيدى. ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولغان ھەمراھلىرىدىن بىرنەچچىسى ئۇنى ئىتتىرگىنىچە رېستوران ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى؛ يەنە بىر نەچچەيلەن ئالاھىدە يېنىمغا كېلىپ: «خاپا بولمىسىلا، بىز تەربىيە قىلىلى» دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.

ئاڭلىسام، ئۇ خېلى ئوقۇمۇشلۇق «ئادەم» ئىكەن. شۇ هامان بىر پىكىر كاللامغا كەلدى: هېلىقى «ئادەم» تاماق شىرەسىدىن چىقىپ كىچىك تەرەت قىلدى، قولىنى يۇمايلا يەنە شىرەگە بېرىپ ئولتۇردى بولغاي. تەرەتنى جايىغا قىلىشنى بىلمىگەن، قولىنى يۇ- يۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان بۇ «ئادەم» قانداقمۇ باشقىلارغا ئۈلگە بولالى- سۇن؟ قانداقمۇ ئادەم تەربىيىلىيەلىسۇن؟!

بۇنداق «هايۋان» لارنىڭ قىلىقىنى قىلىدىغانلار يالغۇز بىز ئۇچ- راتقان بۇ جايدىلا ئەمەس، بەلكى شەهىرىمىزدە ۋە باشقا ۋىلايەت، شەهەرلەرنىڭ چوڭ يول، كوچا - مەيدان، بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىمۇ هەمىشە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق قىلىقنى مەي تەپتىدىن «مايمۇن» غا ئايلانغان ئەنە شۇنداق كىشىلەر، تەرىتىنى تۇتالمايدىغان كىچىك باللار ياكى خۇدىنى يوقاتقان «دەلدۈش» كىشىلەرلا قىلمىسا، ئەقلى تولۇق يېتىلگەن، مەلۇم مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە كىشىلەر هەرگىز- مۇ قىلمايدۇ. ئاشۇنداق قىلىقنى قىلىدىغانلار ناهايىتى ئازساندا بول- سىمۇ، بىراق ئۇنىڭ مۇهىتقا بولغان تەسىرى، كىشىلەرنىڭ سالامەت- لىكىگە، مەنىۋى تۇرمۇشىغا بولغان زىيىنى ناهايىتى چوڭ. مۇهىتنى بۇلغاشنى ئادەت قىلىۋالغان ئاشۇنداق «ئادەم» لەرنىڭ هەرىكىتى يال- غۇز ئۇدۇل كەلگەنلا يەرگە «كىچىك تەرەت» قىلىش بىلەنلا چەكلەن- مەيدۇ. بەلكى، ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ گازىر، خاسىڭ شاكاللىرى- نى، قەغەز پارچىلىرىنى، تاماكا قالدۇقلىرىنى، سوغۇق ئىچىملىك قۇتىلىرىنى ئۇدۇل كەلگەن يەرلەرگە تاشلاپ كېتىۋېرىدۇ، هەتتا ئۇلار قالايمىقان تۈكۈرۈپ، مىشقىرىپ يولنى راۋان بولۇۋېرىدۇ. بۇلار هەقىقەتەن مەدەنىيەتسىز قىلمىش هەم مىللىمىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقان- دىمۇ بىر خىل نومۇسلۇق ئىش.

مىللەت توغرىسىدىكى تارىخىي بىلىمگە ئىگە كىشىلەرگە مەلۇم- كى، ئۇيغۇر مىللىتى ئەزەلدىن تازىلىقنى مەنىۋى بايلىق، دەپ قارى- غان ۋە تازىلىق ئېڭى جەھەتتە باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن تۇرۇپ كەلگەن. شەهەر - بازار، يېزا - كەنتلەردىكى كىشىلەرنىڭ سەهەر

تۇرمۇشىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، «تازىلىقنى بايلىقتىن ئارتۇق» دەپ بىلگەن ئۇيغۇر كىشىلىرىنىڭ سەھەردىكى تۇنجى ئىشى تازىلىقتىن باشلىنىدۇ. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپلا ئالدى بىلەن ئۆي ئىچى، هويلا - ئاراملارنى، كوچا - يوللارنى، ئېغىل - قوتانلارنى، هاجەتخانىلارنى پاك - پاكىز تازىلاپ، سۇ چېچىپ، مۇھىتنى ئازادە قىلىدۇ، ئاندىن يۈز - قوللىرىنى پاك - پاكىز يۇيۇپ، غىزاغا تۇتۇش قىلىدۇ. هازىرقى ئەھۋالىمىزغا نەزەر سالساق، بىر قىسىم ياشلىرىمىز ئەتىگەن تۇرۇپ تازىلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، يۈز- كۆزىنى چالا- بۇلا يۇيۇپلا غىزاغا تۇتۇش قىلىدۇ، ھەتتا بىنا ئۆيلەردە بىرى تاماق يەۋاتسا، بىرى هاجەتخانىدا ئولتۇرۇۋاتقان، بىرى يۈز - كۆزىنى يۇيۇۋاتسا، يەنە بىرى سالپىيىپ ياتقان هالەتنى ئۇچرىتىمىز. بۇ خىل هالەت قاتتىقراق سۆز بىلەن ئېيتقاندا ئىنسانىي غۇرۇر، ئېسىل ئەنئەنە، ئېسىل ئەخلاق، ۋىجدان، ئار- نومۇس دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىك، شۇنداقلا بەزى كىشىلەرنىڭ مىجەز- خۇلقىنىڭمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت، خالاس. بۇ خىل هالەت مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل تازىلىق ئەنئەنىسى بىلەن نېمىدېگەن روشەن سېلىشتۇرما-ھە؟ ل. تولستوي: «قىلىق تېرىساڭ ئادەت ئالىسەن، ئادەت تېرىساڭ خاراكتېر ئالىسەن، خاراكتېر تېرىساڭ تەقدىر ئالىسەن» دېگەنىدى. مىللىتىمىز كىشىلىرى ئىچىدىكى ئىنتايىن ئازساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ يامان ئىللەت، بىمەنە قىلىقلىرىنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان ۋە خاراكتېر قىلىپ يېتىلدۇرۇۋاتقان بولۇپ، قانداق «تەقدىر»گە مۇپتىلا بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئۇلارغا «گازىر شاكىلىنى تاشلىماڭ» دېسىڭىز، قىزارماستىنلا: «گازىرنى پۇلغا ئالغان، چاقسام شاكىلىنى تاشلىماي قانداق قىلىمەن؟» دەپ بىلجىرلايدۇ؛ تۇكۇرمەڭ دېسىڭىز، «ساڭا تۇكۇردۇممۇ؟ يەرگە تۇكۇرۇۋاتىمەن» دەيدۇ. كوچىلارغا تەرەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، ئۇلارغا بىر - ئىككى ئېغىز نەسىهەت قىلغۇڭىز كەلسىمۇ، ئۇلارنىڭ لوكچەكلەرچە ئەلپازىدىن ئەيمىنىسىز. بۇلار

«شەھەر كۆندىن - كۆنگە تەرەققىي قىلىپ يېڭى تۈسكە، يېڭى قىياپەت-كە ئىگە بولۇۋاتسا، مېنىڭ قىلىقلىرىم كىشىلەر رايىغا ياقامدۇ - ياقمامدۇ؟» دېگەنلەرنى كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتكۈزۈپمۇ قويمايدۇ. ئەگەر بۇ خىل «ئادەت»، «قىلىق» لار ئۆزگەرتىلمەيدىكەن، دەۋر روھىغا، زامانغا ماسلىشالمايمىز، مەدەنىيەتسىزلىكىمىز ۋە نادانلىقى-مىزنى چاندۇرۇپ يۈرۈۋېرىمىز.

ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرگە مەلۇمكى، چەت ئەللەردە كىشىلەر مې-ۋە شۆپۈكلىرىنى، قەغەز پارچىلىرىنى ۋە باشقا ھەر خىل ئەخلەت، كېرەكسىز نەرسىلەرنى ھەرگىزمۇ ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلىمايدۇ. تاشلىۋېتىشكە تېگىشلىك نەرسە، ئەخلەتلەرنى سۇلياۋ خالتىلارغا قا-چىلاپ ئېرىنمەي مەخسۇس ئەخلەت تۆكىدىغان جايغا ئاپىرىپ تاشلاي-دۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى ۋە باشقا چوڭ شەھەرلەر-دىكى كىشىلەرمۇ شۇنداق قىلىدۇ؛ كوچا - يوللارغا تەرەت قىلىدىغان ئادەتلەرنى ئەسلا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. پەقەت شەھىرىمىزدىكى «مە-دەنىيەتسىز كىشىلەر» لا يۇقىرىقىدەك مەدەنىيەتسىز قىلمىشلىرى بى-لەن شەھىرىمىزنىڭ تازىلىقىغا، مۇھىتىغا، گۈزەللىكىگە، يېڭى قى-ياپىتىگە نۇقسان يەتكۈزۈپ كەلمەكتە. مۇھىت گۈزەللىكىنى كاپالەت-كە ئىگە قىلىدىغان ئامىللار ئىچىدە كىشىلەرنىڭ تازىلىق ئېڭى ھەم-مىدىن مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ. تازىلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى-نىڭ نەمۇنىسى، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ كۆركى، مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. مۇھىت گۈزەل، پاكىز، ئازادە بولسا، كىشى-لەرنىڭمۇ روھىي كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ تۇرىدۇ، تۇرمۇش رىتىمى ساغلاملىشىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىز «تەننىڭ ساقلىقى جاننىڭ راھى-تى» دېگىنىدەك، كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىمۇ ياخشى بولىدۇ. شەھىرىمىزنىڭ مۇھىتى گۈزەل، كوچا - يوللىرى پاكىز، ئازادە بولسا، چەت ئەللەردىن، قېرىنداش ئۆلكە - شەھەرلەردىن كەلگەن ساياھەتچىلەرمۇ شەھىرىمىزنىڭ مۇھىتىدىن زوقلىنىدۇ. مۇھىت پاسكىنا، مەينەت بولسا كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ،

كىشىلەرگە روھىي بېسىم پەيدا قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، خىزمەت كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بىز مەيلى كوچىلاردا، يول بويلىرىدا، مەيدانلاردا، ماگىزىن، ئاشخانا، رېستورانلاردا بولايلى، ھەممىلا جايدا ئاممىۋى مۇھىت تازىلىقىنى ئاسرىشىمىز، كۆرگەنلا يەرگە ئەسكى - تۇسكى نەرسىلەرنى تاشلىماسلىقىمىز، چەكلەنگەن جايلاردا تاماكا چەكمەسلىكىمىز، تەرەت قىلىپ قويۇشتىن ئەسلا خالىي بولۇشىمىز، قالدۇق نەرسىلەرنى تېگىشلىك جايغا، ئەخلەت تۇڭلىرىغا تاشلىشىمىز لازىم. بۇنداق قىلىش ئاممىۋى ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. خۇددى كونىلار ئېيتقاندەك: «دەرەخنىڭ گۈزەللىكى ياپراق بىلەن، ئادەمنىڭ گۈزەللىكى ئەخلاق بىلەن». ھەممىمىز ئىجتىمائىي ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىدىغانلا بولساق، تەرەققىياتقا، زامانغا مۇناسىپ ھالدا ياشىيالايمىز.

# «قىرلىق ئىستاكان» تراگېدىيە-سىدىن تۇغۇلغان ئويلار

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قىرلىق ئىستاكان» ناملىق ھېكايىسى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن «قىرلىق ئىستاكان» VCD پلاستىنكىسى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ قىزىقىپ كۆرۈشىگە ئېرىشتى. بەزى «ھەۋەسكار» لار ئاش-خانا - رېستورانلاردا مەخسۇس مۇشۇ پلاستىنكىنى قويدۇرۇپ، بىر تەرەپتىن كۆرۈپ ھۇزۇرلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەي - شاراب ئىچىپ پەيزىنى سۈرۈپ، ئەتىگەن - ئاخشاملىرى ھەر خىل سورۇنلاردا مۇشۇ ئىشلار توغرىسىدا باشقىلارغا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىنىپ، بۇنى قىزىق پاراڭنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا ئايلاندۇرۇۋالدى، داڭقىنى ئاڭلىغانلار بۇ پلاستىنكىنى مەخسۇس سېتىۋېلىپ، قايتا - قايتا كۆرۈپ، فىلىمگە باھا بېرىشتى ياكى ئوبرازلار توغرىسىدا قىزىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتى.

يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان كىشىلەرغۇ كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىپ، پەيزىنى سۈرۈپ، قانداقلا بولمىسۇن تىنچ - ئامان ياشاۋېتىپتۇ. بىراق، بەزىلەر ئۇنىڭ ئەكسىچە «قىرلىق ئىستاكان» تراگېدىيىسىنى «ئىجاد» قىلىپ، جامائەتنى ئەپسۇسلاندۇردى. ئاڭلىسام يېقىندا، قەشقەر شەھىرىگە ئانچە يىراق بولمىغان مەلۇم ناھىيىدىكى «قىرلىق ئىستاكان» غا ھەۋەس قىلىپ قالغان بىرنەچچە بۇرادەر - ئۇلپەتلەر

ئاتايىن تاكسىدا ئولتۇرۇپ قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ، ماگىزىن ئارى-لاپ يۈرۈپ، فىلىمدىكى پېرسوناژلار ئىشلەتكەنگە ئوخشايدىغان «قىرلىق ئىستاكان» ۋە «هاراق» سېتىۋالغان ھەمدە قايتىپ بارغاندىن كېيىن مەخسۇس سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇپ «قىرلىق ئىستاكان» فىلىمدىكى تۆت ئۆلپەت قانداق ئىستاكاندا، قانداق ئۇسۇلدا ئىچىشكەن بولسا، بۇلارمۇ شۇنداق ئىستاكاندا ئىچىشكەن ۋە فىلىمدىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى دوراپ ئىش قىلغان ھەم فىلىمدىكى تۆت ئۆلپەتتىنمۇ ئاشۇرۇپ ئىچىشكەن. بىراق، نەتىجە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشقان. بەستلىشىشتە چېكىدىن ئاشقان، دوراشتا ئوخشاتقان ۋە ئىچىشتە ۋايىغا يەتكۈزگەن نامەلۇم بىر ئۆلپەت ئەتىسى پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كەتكەن. قالغان ئۆلپەتلەرمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە كەيپچىلىكنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلىرىنى باشتىن كۆچۈرۈشكەن. ئاڭلىسام، بۇخىل پاجىئە يالغۇز بۇ ناھىيە بازىرىدىلا ئەمەس، باشقا ناھىيە بازارلىرىدىمۇ يۈز بەرگەنمىش.

بىز ھەركۈنى تېلېۋىزور كۆرىمىز، رادىئو ئاڭلايمىز، VCD پلاستىنكىلىرىنى كۆرىمىز، ئۇلاردا نۇرغۇن ياخشى ئىشلار تەسۋىرلىنىدۇ، نۇرغۇن قەھرىمان - نەمۇنىچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئەجەبا بىز ئۇلاردىن ئۆگەنمەيمىز، ئۇلارنى دورىمايمىزيۇ، ھېلىقىدەك تېپ، ناچار ئىشلارنى شۇنچە تېز ئۆگىنىۋالىمىز، شۇنچە تېز دوراپ چىقىمىز. بۇ ئىشلارغا ھەيرانمەن ھەم ئاشۇ خىل بۇرادەرلەرنىڭ «ئۆگىنىش ماھارىتى»گە «قايىل» مەن···

كەڭ جامائەتكە، بولۇپمۇ «قىرلىق ئىستاكان» ھەۋەسكارلىرىنىڭ سەمىدە بولسۇنكى، «قىرلىق ئىستاكان» فىلىمى ھەرگىزمۇ هاراق ئىچىشنى ئۆگىنىش تەشەببۇس قىلىنغان فىلىم ئەمەس. ئەسەرنىڭ بېشىدىلا تۆيۇقسىز ئارىغا قىستۇرۇلۇپ قالغان بىر مېھمان بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى تاسىدە ئېچىۋېتىپ، قوينىنىڭ يوتا سۆڭىكىنى خۇددى چوكىنى سۇندۇرغاندەك قاسىسىدە سۇندۇرۇپ، «قىرلىق ئىس-

تاكان» دا گۇپۇلدىتىپ هاراق ئىچىپ، تۆت ئاغىنىنىڭ نەزەرىدە قال-
تىس «قەھرىمان» غا ئايلىنىپ قالىدۇ، تۆت ئاغىنە بۇ «قەھرىمان»
نى دورايمەن دەپ، بولۇشىغا هاراق ئىچىپ بىر - بىرىدىن كۆلكىلىك
ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا هېلىقى «قەھ-
رىمان» كىشىگە ئايلانغان مېهمان تام تۈۋىدە يىقىلىپ قېلىپ، ئۆزە
بولالماي: «ھەممە يېرىم بىجىرىم تۇرىدىيۇ، لېكىنزە پۇتۇمدا ھېچ
جان يوق...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاجىز، بىچارە
بولۇپ قالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. فىلىم ئەنە شۇ «قەھرىمان» نىڭ
هالاكىتى بىلەن ئاخىرلاشقان. دېمەك، فىلىم «قەھرىمان» بولماقنى
كۆزلىسەڭمۇ، ئاخىرىدا قىسمىتىڭ ئاشۇنداق بولىدۇ، دېگەن خۇلاسە-
نى چىقارغان. بەزىلەر بۇ فىلىمنىڭ مەزمۇن، مۇددىئاسىنى چۈشەن-
مەي، هاماقەتلەرچە دورامچىلىق قىلىپ، يۇقىرىدا بىز بايان قىلىپ
ئۆتكەندەك تراگېدىيىنى ياراتقان.

مىللىتىمىز كىشىلىرى ئىچىدە مەيلى شەھەر، يېزا - كەنتلەردە
بولسۇن، شۇنداق هاماقەت كىشىلەرمۇ باركى، ئاش - ناننى تەرك
ئەتسە ئېتىدۇكى، «شارابى ئەنتۇ» نى ھەرگىز تەرك ئەتمەيدۇ. هاراق-
نىڭ پۇرىقى كەلسە ياكى گېپى چىقىپ قالسا تۇرالماي قالىدۇ،
ئىچىپ قالسا ئاسانلىقچە بولدى قىلىشمايدۇ، ھەتتا:

«ئاشىقلار تېپىشتۇق ئۇلتۇرۇشتۇق بىز،
تىرىكلىك غېمىدىن يوقتۇر غېمىمىز.
زەقى - شەۋق مېيىدىن بىرجامدىن ئىچتۇق،
شۇنچە هۆر، شۇنچە مەست، خۇشال قەلبىمىز.»

دەپ ناخشا ئېيتىشىپ، ئىچىشنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈشىدۇ،
ئۆزىنى تۇتالماي، ئۆز خۇددىنى ئۇقماي تاكى مەست بولۇپ لىغىرلاپ
قالمىغۇچە كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ. خۇددى ئۆمەر ھەييام يازغاندەك:

«ھاياتتىن ئارپىدەك غەممۇ يېمەيمىز،
ناشتىلىق بولسىلا، كەچلىك دېمەيمىز.
ئاشخانا بەرمىسە پىشقان بىر تاماق،
قىلماقنى خام تەمە ھەرگىز بىلمەيمىز.»

دەپ توۋلىشىدۇ.

بەزى ئاغىنىلىرىمىز بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ ئىچىشىدۇ
ھەم «ئوغۇلبالا» لىقىنى، «يىگىت» لىكنى نامايان قىلىشىدۇ، سورۇن
مەستلەر غوۋغاسى بىلەن ئاخىرلىشىپ، ئاخىر شۇ «ئوغۇلبالا»، «يى-
گىتلەر» توپى تارقىلىشىدۇ. بەزىلىرى شۇ سورۇندىن چىقماي تۇرۇپ-
لا بىرەر بۇلۇڭ - پۇچقاقتا ئۇيقۇغا غەرق بولۇشىدۇ، بەزىلىرى
كوچىغا چىقىپ يول ئۇستىدىلا قۇسۇق ئىچىدە يېتىپ قېلىشىدۇ.
بەزىلىرى ئەلەڭ - سەلەڭ بولۇشۇپ، بىردەم كوچىنىڭ ئۇ بېشىغا،
بىردەم بۇ بېشىغا مېڭىپ كوچا قاڭداپ تۈننى تەڭ قىلىشىدۇ، يەنە
بەزىلىرى يېرىم كېچە بولۇپ قالغىنىغا قارىماي باشقىلارنىڭ ئۆيىگە
ئۇسۇپ كىرىپ، «كۆڭلۈم تارتتى»، «ھاراق قۇي، زاكوسكا تەييار-
لا» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈشۈپ، ئۆز ئۆيىدە دېيەلمەيدىغان گەپلەرنى
قىلىشىپ، خۇددى ئىپىزوتتىكى «چوڭ ئېيسا كىچىك ئېيسا» نى
بوزەك قىلغاندەك، ئۆي ئىگىسىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويى-
دۇ. بەزى مەستلەر ھەتتا ئۆز ئۆيىنى تاپالماي، قورۇسى ئەتراپىدا
ئايلىنىپ يۈرۈپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ. قىسقىسى تۈن جىنەكچىلىرى شۇ
بىر كېچىدە خىلمۇخىل كۈلكىلىك، پاجىئەلىك كۆرۈنۈشلەرنى، «بې-
لەتسىز كومېدىيە» لەرنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس قېلىشىدۇ. مىللىتى-
مىز كىشىلىرى ئارىسىدا ياخشى ئىشقا ئىنتىلمەيدىغان، يامان ئىشقا
ھېرىس قىلىدىغان، ياخشى كىشىلەردىن ئۆگەنمەيدىغان، يامان ئىش-
لارغا ئاسانلا كۆنۈپ قالىدىغان ئەنە شۇنداق ئىللەتلەر ئېغىر. بۇ،
ھەقىقەتەن نادانلىق بىلەن «بىر كۈن خۇشال ئۆتسەم كېيىن ياشىمى-
ساممۇ مەيلى» دەيدىغان، ئاپەتنى بەدەل تۆلەپ سېتىۋالىدىغان ئەخمەق-

لىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇخىل ئىللەتلەرنى تۈزەتمەي بولمايدۇ.
«ئىللەت تۈزەلمىسە مىللەت تۈزەلمەيدۇ». مەيلى مەيخورلار، مەيلى ئانچە - مۇنچە ئىچىپ قويىدىغانلار بولسۇن، هاراقنى ئۆز لايىقىدا ئىچىپ، كۆلىمىناتسىيە نۇقتىسىغا يېتىشتىن بۇرۇن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ۋاقتىدا ئەدەپكە قايتىۋالغىنى تۈزۈك. خۇددى ئۆمەر ھەييامنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا:

«ئاز - ئاز ئىچ، بەزى - بەزى ئىچ،
ئەقلىڭنى يوقاتما، هايا بىلەن ئىچ»

ھېچكىم ئىچمە دېمەيدۇ، بىراق ھەر ئىشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قانۇنىيىتى، قائىدە - نىزامى بولىدۇ. هاراق ئىچىشتىمۇ كىشىلەر ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە، ئۆزىنىڭ كەيپىياتى، روھىي هالىتى، جىسمانىي قۇۋۋىتىگە قاراپ مۇۋاپىق ئىچىشى لازىم. زىيادە كۆپ ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ، تاپتىن چىقىپ كېتىش ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ، بولۇپمۇ مىللىتىمىز كىشىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق.



# قىيىنچىلىق ۋە تۇسالغۇلار ئالدىدا «ۋاك» دېمەسلىك كېرەك

مەن قەلەم تەۋرىتىشتىن بۇرۇن چاڭجياڭ، خۇاڭخې دەريالىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. بۇ دەريالار دولقۇن - ئۆركەشلىرى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئېگىزلىكلەردىن، ئېدىرلىقلاردىن، خەتەرلىك ئەگمىلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ھەيۋەت بىلەن ئېقىپ دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. ھاياتلىق دەرياسىمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئۇمۇ خۇددى ئاشۇ دەريالارغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئەگرى - بۈگرى، ئېگىز - پەس يوللارنى بېسىپ ئۆتىدۇ، خىلمۇخىل توسقۇنلۇق، جاپا - مۇشەققەت، قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا بىر ئادەمنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى، تۇسالغۇلارغا دۇچ كېلىشى دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىش. بىر ئادەمنىڭ ناھەق بوزەك قىلىنىشى، ناھەق جازالىنىشى، قەستەن ئۇۋال قىلىنىشى، مەسخىرىگە ئۇچرىشى ياكى ناھەق تۆھمەتكە قېلىشى، مەشۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىپ چوڭقۇر ھىجران ئازابىنى چېكىشى قاتارلىق ئەھۋاللار ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. نۆۋەتتىكى ئىش ئورنىدىن قېلىش، ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىش، سودىدا زىيان تارتىش، مال- مۈلكىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويۇپ قايغۇ- ھەسرەتكە قېلىش، دېھقانچىلىقتا ئاپەتكە ئۇچراپ ھوسۇل ئالالماسلىق، كەسىپتە يېتىشىپ ماڭالماي، كەسىپداشلىرى ئالدىدا يۈزى چۈشۈپ كېتىش، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي

قايغۇغا چۆكۈش ۋە باشقا ئەھۋاللارغىمۇ دائىم دۇچ كېلىپ تۇرىمىز. بۇ خىل قىيىنچىلىقلارنى قانداق قىلغاندا توغرا مۇئامىلە قىلىپ ئۇنۇملۇك ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇ دەل مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى.

قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا ھەرگىز تېڭىرقاپ يۈرمەسلىك، كاللىنى سەگەك قىلىپ ئەتراپتىكى مۇھىت ۋە كىشىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىش، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىزدىنىش، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ يول تاپمىغۇچە بوشاشماسلىق، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىش لازىم. قىيىنچىلىق خۇددى يىرتقۇچ يولۋاسقا ئوخشايدۇ. سەن چېكىنسەڭ ئۇ قوغلاپ كېلىۋېرىدۇ، سەن قاچساڭ ئۇ بېسىپ كېلىۋېرىدۇ. ئۇنى خۇددى ۋۇسۇڭ يولۋاسنى مۇشتلاپ ئۆلتۈرگەندەك، قىيىنچىلىق ئۈستىدىن قەتئىي بېسىپ چۈشۈش كېرەك. ئەھۋالنىڭ پايدىسىز، شارائىتنىڭ قىيىن بولۇشى كىشىلەرنى بىر مەھەل مەيۈسلەندۈرۈپ قويىسمۇ، لېكىن قەتئىي بەل قويۇۋەتمەي قىيىنچىلىق بىلەن ئېلىشىۋەرسە قىيىنچىلىق باش ئەگمەي قالمايدۇ.

بەزىلەر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ھامان «ئىش قىلماق تولىمۇ تەس بولۇپ كەتتى» يەي، «ئىش ئېغىر بولۇپ كەتتى، خىزمەت بېسىمى ئېشىپ كەتتى» يەي، «تۇرمۇش ئۆتكۈزمەك قىيىن بولۇپ قالدى» يەي دەپ زارلىنىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە شۇ كىشىنىڭ تۇرمۇشنى تولۇق چۈشەنمىگەنلىكى بولىدۇ. كونىلار ئېيتقاندەك: «تۇرمۇش دېگەن بىر سىردۇر، ئۇنى ئېچىش كېرەك، تۇرمۇش دېگەن تراگېدىيىدۇر، ئۇنىڭدىن قورقماسلىق كېرەك. تۇرمۇش دېگەن جەڭدۇر، ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېلان قىلىش كېرەك، تۇرمۇش دېگەن نىشاندۇر، ئۇنىڭغا قاراپ ئىلگىرىلەش كېرەك...». تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئىنتايىن مۇرەككەپ نەرسە، خۇددى سۇنىڭ ئېقىشىغا قارشى كېمە ھەيدىگەندەك ئادەم ئالغا ئىلگىرىلىمىسە ئارقىغا چېكىنىدۇ. پەقەت ھەر خىل ئوڭۇشسىزلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، تۈرلۈك توسالغۇلارنى بىتچىت قىلغاندىلا، تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگىلى ۋە قەتئىيلەش-

كىلى بولىدۇ. مەيلى قەدىمكى زامان ياكى ھازىرقى زامان بولسۇن، نۇرغۇنلىغان مەشھۇر، ئىرادىلىك كىشىلەر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسىمۇ ئىرادىسىنى قىلچە بوشاشتۇرماي، مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى، ئەقىل - پاراسىتىنى نامايان قىلىپ، بارلىق مۇشكۈلاتلارنى باش ئەگدۈرگەن. بىر مەزگىللىك ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەت ئالدىدا ھەرگىز «ۋاك» دېمەسلىك كېرەك، شۇنداقلا قىيىن ئەھۋالنى باشتىن كۆچۈرگەندە، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئۇزلۇكسىز يەكۈنلەپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ چىققىلى بولىدۇ. ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان «پولات قانداق تاۋلاندى؟» دېگەن رومانىنىڭ ئاپتورى ئوستروۋسكى ئوكرائىنادىكى بىر نامرات ئىشچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئۇ 14 ياش ۋاقتىدا پويىز ئىستانسىسى ئاشخانىسىدا چاي قايناتتىش ئىشچىسى، ئېلېكتر ئىستانسىسىدا پار قازان ئىشچىسىغا ياردەمچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوغداش كۈرىشىگە قاتناشقان. ئۇ 1919 - يىلى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىزىل ئارمىيىگە قاتنىشىپ ئالدىنقى سەپكە بارغان، بىر قېتىملىق شىددەتلىك جەڭدە ئۇنىڭ بېشى قاتتىق زەخىملىنىپ بىر كۆزى ئەما بولۇپ قالغان. ئۇ 1921 - يىلى كىيېۋگە بېرىپ، پۈتۈن زېھنىي - قۇۋۋىتى بىلەن ۋەتەننىڭ ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشقان. جاپا - مۇشەققەت، ھېرىش - چارچاش تۈپەيلىدىن كىزىك ۋە رېماتىزم كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان، شۇنداقتىمۇ بارلىق ئامال بىلەن كىتاب ئوقۇپ، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن يۇرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئاخىر «پولات قانداق تاۋلاندى؟» دېگەن رومانىنى پۈتكۈزۈپ، دۇنيا بويىچە مەشھۇر يازغۇچى بولۇپ چىققان.

تۇرمۇش دېگەن بىر كەڭ زېمىن، شەرق يورۇمىسا غەرب يورۇيدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى يوللار راۋان بولمىسا، دەريا - دېڭىز يوللىرى بىلەن كېتىۋەرگىلى بولىدۇ. بۇ يەردە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، يەنە

بىر يەردە ئۇنى تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. يېزىدا قىيىنچىلىقتا ئۇچرى-
سا شەھەردە، شەھەردە قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلسە يېزىدا تولدۇرۇۋال-
غىلى بولىدۇ. مەسىلەن، مۇھەببەت يولىدا ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغان-
لار ئۇنى كەسىپ يولى بىلەن تولدۇرۇپ كېتەلىشى مۇمكىن. سودىدا
ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغانلار ساۋاقنى يەكۈنلەپ، سەگەك بولۇپ، قايتا
كىرىشىش ياكى باشقا بازار تېپىپ زىياننى پايدىغا ئۆزگەرتىپ كەتكى-
لى بولۇشى مۇمكىن. جىسمانىي كەمتۈكلۈكنى ئەقىل ۋە ئەجىر
ئارقىلىق تولدۇرۇۋېلىش مۇمكىن. ئىش ئورنىدىن قالغانلار يەنە
ئۆزىگە ماس كېلىدىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ روناق تېپىپ
كېتىشى مۇمكىن. تولدۇرۇۋېلىش بىر خىل ئۈنۈملۈك ئىنتىلىشنى
راۋانلاشتۇرۇپ بېرىدىغان ئۇسۇل. ئۇنى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە قاراپ
جانلىق ئىگىلەش كېرەك. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دۇنيانى چۈشىنى-
شى تازا چوڭقۇر بولمىغاچقا، ئىدىيىسى مۇجمەل، تەجرىبىسى كەم
بولىدۇ. قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلسە ئۇلار كۆپىنچە ئاسانلا مەيۈسلى-
نىدۇ، بەل قويۇۋېتىدۇ، قاتمۇقات غەم - قايغۇغا پاتىدۇ، بېشىنى
كۆتۈرەلمەيدۇ. بۇ بىزگە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەھۋال. لېكىن،
بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. توغرا قاراش ۋە ھەرىكىتىمىز توسالغۇ-
غا، زەربىگە ئۇچرىغاندا چىچاڭلاپ كەتمەي، ئاممىنىڭ، دوستلارنىڭ
قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ماھىر بولۇش كېرەك. ئەتراپتىكى
كىشىلەرنىڭ غۇلغۇلىسىغا قالغان چېغىمىزدا ئەھۋالنى رەھبەرلىككە،
دوست - بۇرادەرلەرگە ئېنىق دەپ، رەھبەرلىكنىڭ ۋە دوست -
بۇرادەرلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئاممىغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇ-
قۇشماسلىقنى تۈگىتىپ، ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئۆزئارا قوللاش لازىم.
مۇبادا يولداشلارنىڭ غۇلغۇلىسى، ئاغىنە - بۇرادەرلەرنىڭ مەسلىھەتى
دۇرۇس بولسا، ئۆز مەيدانىدا جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالماي، ئۆز
ھەرىكىتى ئارقىلىق خاتالىقنى تۈزىتىش لازىم.

لۇشۇن ئەپەندى: «ئۇلۇغ قەلب شۇنداق بىر جاسارەتنى ئىپادىلى-
شى كېرەككى، ئۇ پاجىئەلىك قىسمەتنى تەبەسسۇم بىلەن قارشى

ئالىدىغان، بارلىق بەختسىزلىكلەرگە ھەسسىلەپ غەيرەت بىلەن تاقا-
بىل تۇرالايدىغان بولسۇن» دېگەنىدى. زامانىمىزدا ياشاۋاتقان ياشلار
ۋە باشقا كىشىلەر بولسۇن، ھەرقانداق قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىز-
لىقلارغا دۇچ كېلىشتىن، ھەتتا خاتالىق سادىر قىلىشتىن قەتئىينە-
زەر ھەممىدە سوغۇققان بولۇشى، ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ مەغلۇبى-
يەتنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشى لازىم. قىيىنچىلىق ئۈستىدىن
غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىپ، نۇرغۇن ئىشلار-
نى چۈشىنىپ قالغىلى، ئۆزىنى تېخىمۇ ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق قى-
لىپ چىققىلى بولىدۇ.

شۇڭا دەيمىزكى، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا مەيلى قانداق ئېگىز-
پەسلىكلەر بولۇشتىن قەتئىينەزەر، قەتئىي ئىرادە، تاغنى تالقان
قىلىدىغان يۈكسەك شىجائەت، ئالغا ئىنتىلىدىغان غەيرەت، باتۇر،
قورقماس ئىرادە بولغاندىلا، مۇشكۇلاتلار ئىچىدىن يېپيېڭى بىر گۈ-
لىستان ياراتقىلى بولىدۇ، يەنى:

«باغلىساڭ ئىرادە كېلەر قولۇڭدىن،
چۈمۈلە كۆزىنى ئوقيادا ئېتىش.
ئۈمىد ھەم باتۇرلۇق سېنىڭ خۇدايىڭ،
بولغاندا مۇمكىندۇر مەقسەتكە يېتىش.»

# خەلق جياۋ يۇيلۇدەك كادىرلارنى ياخشى كۆرىدۇ

«جياۋ يۇيلۇ» كىنو فىلىمىدە بىر مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى،
پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ياخشى ئوغلانى جياۋ يۇيلۇنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈ-
رىدىغان ئىش ئىزلىرى، پاك - دىيانەتلىك ئىسىل پەزىلىتى،
ئۇلۇغ ئىنقىلابىي روھى مەركەزلىك هالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

خەلق ئاممىسى پارتىيىنى سۆيىدۇ، چۈنكى پارتىيە خەلقنى كۆز-
لەيدۇ، خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. جياۋ يۇيلۇ ئۆزىنىڭ شانلىق هاياتى
ئارقىلىق پارتىيىنىڭ مۇشۇ تۈپ مەقسىتىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆر-
سەتتى. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى بىلەنلا ئۆزىنى خەلقنىڭ چاكىرى،
دەپ هېسابلىدى. خەلقنى قەلبىگە پۈكتى، هەربىر هەرىكىتىدە خەلق-
نى ئويلىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم لەنكاۋ ناهىيىلىك پارتكومنىڭ كېڭەي-
تىلگەن يىغىنىغا قاتناشقاندا، قار - شىۋىرغانغا قارىماي يىغىن قات-
ناشچىلىرىنى پويىز ئىستانسىسىغا باشلاپ بېرىپ، ئۇلارغا تەبىئىي
ئاپەت تۈپەيلىدىن ئاچارچىلىقتا قالغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ياقا
يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ كېتىۋاتقان ئەهۋالىنى كۆرسەتتى ۋە
بىرىنچى قېتىم پارتكوم ئەزالىرىنىڭ ئالاهىدە تەمىناتتىن بەهرىمەن
بولۇشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارارىنى چىقاردى. ئۇ لەنكاۋدىكى
«ئۈچ ئاپەت»نى تىزگىنلەش ئۈچۈن بوران - چاپقۇنلارغا، كېسەل
ئازابىغا قارىماي، ئاپەت ئەهۋالىنى ئىگىلەپ، ئاپەتنى تىزگىنلەش

پىلاننى تۈزدى ۋە پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى. فىلىمدە بۇ تەسىرلىك ئىش ئىزلار جانلىق ئوبراز، بەدىئىي تەسۋىرلەر بىلەن ئىپادىلىنىپ، پارتىيىنىڭ بىر ياخشى رەھ-بىرىي كادىرىنىڭ ئەمەلىي كۈرەش ھەرىكىتى ۋە ئىچكى روھىي دۇنياسى ئېچىپ بېرىلگەن.

جىياۋ يۈيلۇ جاپا چېكىشكىلا تۇرەلگەنمۇ؟ جاپا چېكىشنى شۇنچە ياقتۇرامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. جىياۋ يۈيلۇمۇ ئادەم، ئۇنىڭ خوتۇنى، پەرزەنتلىرى بار. لېكىن ئۇ، ئاممىنى كۆڭلىگە پۈككەن. ئۇنىڭ بالىلىرى كۆن بويى قوناق مومىسى يەيدۇ، كونا كىيىملەرنى كىيىدۇ. گۆدەك ئوغلى كېسەل دادىسىغا ئوز ۋقلۇق مادىلىرى يۇقىرى ئىستېمال بۇيۇملىرى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كۆمۈر ئۆۋاقلىرىغا مىلە-نىپ يۈرۈپ، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە قاتنىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ جىياۋ يۈيلۇ يەنىلا ئاچارچىلىقتا قالغان خەلق ۋە بۇ تۇپەيلىدىن كېسەل بولۇپ يېقىلىۋاتقان كىشىلەرنى بۇرۇنراق ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشنى، قىيىنچىلىقلىرىنى يەڭگىللىتىشنى ئويلايدۇ ۋە شۇ يولدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىدۇ، ھەتتا ئۇ، ئۆزىنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان پەيتلەردىمۇ يەنىلا خەلق ئاممىسىنى ئويلايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، جىياۋ يۈيلۇ ئاخىر كېسەل بىلەن يىقىلىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىدى-غان چاغدا كادىرلار ۋە ئامما كوچىغا توپلىنىپ، جىياۋ يۈيلۇنىڭ كېسىلىگە شىپالىق تىلەيدۇ. ئۇ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا، ئاممىا توپ - توپ بولۇشۇپ ئۇنى يوقلايدۇ. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تۈمەنمىڭ كىشى ئۇنىڭ جەستى بىلەن ۋىدالىشىدۇ ھەمدە نۇرغۇنلى-غان پۇقرالار ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ «جىياۋ يۈيلۇ شۇجى قايتىپ كېلىڭ» دەپ نالە - پەرياد قىلىشىدۇ. كىشىنى تەسىرلەندۇ-رىدىغان بۇ كۆرۈنۈشلەر تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسى بولۇپ، بىزنى «ئەل سۆيگەننى ئەل سۆيىدۇ، خەلق سۆيگۈچىنى خەلق مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى تونۇتىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە خەلق جىياۋ يۈيلۇدەك كادىرلارغا بەكمۇ موھتاج.

بىراق، ھازىرقى رېئاللىقتا كۆز يۇگۇرتىدىغان بولساق، جىياۋ يۈيلۇ-دەك پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان، ھەممىدە ئاممىنى ئويلايدىغان رەھبىرىي كادىرلار بەكمۇ ئازىيىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. قىسمەن رەھبىرىي كادىرلار تۆۋەنگە خىزمەت تەكشۈرۈشكە بارسا، تۆۋەندىكىلەر ئالاھىدە ھەشەمەت بىلەن كۈتۈۋالمىسا كۆڭلى ئازادە بولمايدۇ. بەزى كادىرلار تۆۋەنگە بارسا، پۇقرالاردىن چوڭقۇر ئەھۋال سورىمايدۇ، دەردىگە دەرمان بولمايدۇ، ئۇلار نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ھېلىمۇ نامرات ياشاۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ئۆزلىرىنى جىياۋ يۈيلۇغا سېلىشتۇرۇپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالامدىكىنتاڭ؟ !

قىسقىسى، بىز «جىياۋ يۈيلۇ» كىنو فىلىمىنى كۆرگەن ئىكەن-مىز، ئۆزىمىزنى جىياۋ يۈيلۇغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، جىياۋ يۈيلۇنىڭ ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، ئاددىي - ساددا ياشاش، ئالاھىدە بولۇۋالماسلىق، پاك، ئادىل بولۇش، سوۋغا - سالام قوبۇل قىلماسلىق، بىلىملىك كىشى-لەرگە ھۆرمەت قىلىش ۋە قەدىرلەش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش روھىدىن چوڭقۇر ئۆگىنىشىمىز لازىم. بۈگۈنكى ئىسلاھات، ئېچىۋې-تىش، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىمىز يەنىلا جىياۋ يۈيلۇ روھىغا موھتاج. ھەربىر كوممۇنىست، ھەربىر رەھبىرىي كادىر جىياۋ يۈيلۇدىن ئۆگىنىپ، پارتىيە، خەلق ئۈچۈن ئىشلىشى، ھېچبولمىغاندا خەلققە يىلدا بىر ياكى بىرنەچچە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، ئاممىنى تەسىرلەندۈرۈ-شى، خۇشال قىلىشى لازىم.

# «ئەمەلدار» بولسا كۆك فەنسىندەك بولسا

كۆك فەنسىن پارتىيە، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مۇنەۋۋەر، «ياخشى ئەمەلدارى». «كىشىلەر ئۇنى ‹يېڭى دەۋردىكى لېي فېڭ، 90 - يىللاردىكى جياۋ يۈلۇ› دەپ تەرىپلىمەكتە». خەلق مۇنداق ئەمەلدارلارنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ ھەم شۇنداق ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىلا جايدا بار بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، كۆك فەنسىن «ئەمەلدار» لىقنى «چاكار» لىق دەپ بىلگەن؛ خەلق يىغلىغانغا يىغلىغان، خەلق كۈلگەنگە كۈلگەن؛ خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئۆزىنىڭ بەخت - سائادىتى دەپ بىلگەن، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىغان؛ خەلق ئۈچۈن پۇل - مېلىنى، ئىسسىق قېنىنى، ھەتتا ھاياتىنىمۇ تەقدىم قىلىشقا دائىم تەييار تۇرغان؛ ھەمىشە ئىشتا ھەقىقىي كومپارتىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئېسىل خىسلىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ناچار شارائىت، جاپا - مۇشەققەتكە پىسەنت قىلماي، قارلىق تاغدىكى يېشىل قارىغايدەك قەيسەر ئىرادىسىنى نامايان قىلغان؛ دائىم پاك، ئادىل بولغان، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتمىغان؛ ئازغىنە مائاشىنى زاڭزۇ بالىلىرىنى بېقىشقا ئىشلەتكەن، ھەتتا مەخپىي ھالدا قېنىنى سېتىپ پۇل قىلىپ، يېتىم بالىلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن سەرپ قىلغان، ئۇلارنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەن. ئۇنىڭ بۇخىل ئېسىل خىسلىتىنى

ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.
ئەقىللىق كىشىلەرگە مەلۇمكى، ھەقىقىي «ئەمەلدار» بولماق ھەرگىز ئاسان ئىش ئەمەس. كونىلار «ئەمەلدارلىق چاكارلىقتۇر» دېگەن. يولداش ماۋزېدۇڭمۇ «بىز ئۆزۈل - كېسىل خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلارمىز» دەپ تەكىتلىگەن. پارتىيىمىزمۇ «كادىرلار خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلاردۇر» دەپ تەكىتلەپ كەلمەكتە. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئازساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر «ئەمەلدار» بولۇشقا بەكمۇ ھېرىسمەن بولۇپ كەتتى، ئۇلار قەيەرگە بارسا شۇ يەردە «ئەمەل» تەمەسى قىلدى. بۇنىڭ سەۋەبى خېلى بىر قىسىم كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك بولۇپ، «ئەمەلدار» بولغانلاردىن بىر قىسمى «ئەمەلدار» لىقنىڭ «خەلقنىڭ چاكىرى» بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقىي مەنىسىنى ئۇنتۇپ قىلىپ، شان- شۆھرەتكە، نام- ئابرۇيغا ئىگە بولغاندىن سىرت، قولىدىكى ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىپ سوۋغا، پارا ئېلىپ، خىيانەت قىلىپ، چوڭ يەپ - چوڭ ئىچىپ، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈردى. بۇلارنى مۇنداق «كاتتا» قىلغان، زۇۋۇلىسىنى چوڭ قىلغان، «قۇياش» ، «ئاي» ، «يۇلتۇز» قىلغان تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا يەنىلا كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان - تەرى. ئۇلار خەلقنىڭ قېنى، مېھنەت - ئەجرى بىلەن سەمرىپ يوغىنىغان. ئۇلار خەلق بەرگەن ھوقۇقنى يەنە خەلققە سات- قان، كىشىلەر ئىش بېجىرىشكە كەلسە، ھال - ئەھۋال ئېيتسا ئۇيان تولغاپ، بۇيان تولغاپ، ۋاقتىدا بېجىرىپ بەرمىگەن. كىشىلەر ئۇلار- نىڭ تەمەخورلۇقىنى بىلىپ قېلىپ ئىلاجسىز خۇشامەت قىلىشقا، سوۋغا، پارا بېرىشكە مەجبۇر بولغان. دانا «ئەمەلدار» لار شۇنى بىلىدۇكى، سوۋغا، پارا ئېلىش كىشىلىك غورۇرغا قىلىنغان ھاقا- رەت، ئەگەر «ئەمەلدار» لار پاك، دىيانەتلىك بولسىلا، ھېچكىم پارا، سوۋغا - سالام كۆتۈرۈپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ.
قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندا، جۇڭگودا، چەت ئەللەردە ئۆزى ئۈلگە، نەمۇنە بولغان، خەلق ئۈچۈن جان - دىل بىلەن خىزمەت

قىلغان يارامىلىق، مەشھۇر ئەمەلدارلار ناھايىتى كۆپ ئۆتكەن. پۈتۈن ھاياتىنى خەلققە بېغىشلىغان ياخشى كادىر جىياۋ يۈيلۇ، بۈگۈنكى يېڭى دەۋردە مەيدانغا چىققان، خەلقنىڭ كۆڭۈل تۆرىدە چاقنىغان كۆڭ فەنسېندەك كىشىلەر ئەنە شۇنداق ياخشى ئەمەلدارلاردۇر. خەلق مانا شۇنداق ئەمەلدارلارغا موھتاج. خەلق ئەنە شۇنداق ئەمەلدارلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشىدۇ.

كونىلار ناھايىتى ياخشى ئېيتقان: «سايەم تۈز بولسۇن دېسەڭ، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ تۈز بولۇشۇڭ، قول ئاستىمدىكىلەر پاك بولسۇن دېسەڭ، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ پاك بولۇشۇڭ لازىم». كەڭ رەھبىرىي كادىرلار كۆڭ فەنسېننى ئۆزلىرىگە ئەينەك قىلىپ، قايتا - قايتا ئويلىنىشى، ئۆزىنى سېلىشتۇرۇشى، ئۆزلىرىنىڭ نۇقسان - ئەيىبلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، ھېچبولمىسا ئۆزىنى بىر قېتىم رۇسلىۋېلىشى، ئۆزىنىڭ بۇرچىنى بىلىۋېلىشى لازىم. كۆڭ فەنسېنگە ئوخشاش پەزىلەتلىك، پاك - دىيانەتلىك كىشىلەر بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشسىمۇ كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۇ ياشايدۇ، رەھبىرىي كادىرلار كۆڭ فەنسېندىن ئۆگىنىمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ خەلقنى سۆيۈش، خەلق ئامىمىسىغا كۆيۈنۈش روھىدىن ئۆگىنىشى، خەلق ئامىمىسىنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان، خەلقنىڭ دەرد - ئەھۋالى بىلەن كارى بولمايدىغان، خەلققە جاپا سالىدىغان، ئۇلارنىڭ ئەمگەك ھەققىنى ئىگىلىۋالىدىغان ھەر خىل ئىللەتلىرىنى چىقىرىپ تاشلىشى لازىم. رەھبىرىي كادىرلار يەنە كۆڭ فەنسېننىڭ پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن خالىي بولۇش، خەلققە پايدىلىق ئادەم بولۇش روھىدىن ئۆگىنىپ، خەلقنى ھەقىقىي سۆيۈشى، خەلقنى ھۆرمەتلىشى، خەلققە كۆيۈنۈشى، خەلق مەنپەئىتىنى ئويلىشى، خەلققە كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى لازىم. بۇلار ئامما ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەردۇر.

# جەمئىيەت لىبى فىلىڭ، كۆلۈڭ فەنسىبى روھىغا موھتاج

سىز، يىراق بىر جايدىن كېلىپ، ئاپتوبۇستىن چۈشۈشىڭىزگە ناتونۇش بۇ جاي سىزگە نۇرغۇن سوئاللارنى قويىدۇ: مېھمانخانىنى قانداق تېپىش، يۇك - تاقلارنى قانداق ئاپىرىش... ۋە باشقىلار. باش قېتىپ تۇرغان مۇشۇنداق پەيتتە، بىر ياخشى نىيەتلىك كىشى كېلىپ سىزگە مېھمانخانىنى كۆرسىتىپ، يۇك - تاقلىرىڭىزنى ئاپىرىشىپ، ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسا، سىز ئۇ كىشىدىن ئاجايىپ سۆيۈنۈپ كېتىسىز.

مۇبادا سىز ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ، يېنىڭىزدا ئادىمىڭىز بولمىسا، قولۇم - قوشنىلاردىن بىرەرسى سىزنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ، كېسىلىڭىزنى تەكشۈرتۈپ، دورا ئېلىشقا ياردەملەشسە ياكى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسا، ئۇ كىشىگە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە رەھمەت ئېيتىسىز.

بۇنداق ئىشلار ھەر كۈنى دېگۈدەك، ھەممىلا جايدا ئۇچراپ تۇرىدۇ. دېمەك، كىشىلەر لېي فېڭ روھىغا ھەقىقەتەن ئېھتىياجلىق، كىشىلەر ئارىسىدا لېي فېڭ، كۆلۈڭ فەنسېن روھى داۋاملىق ياشىشى كېرەك.

كىشىلەرگە ئايانكى، 60 - يىللاردا ئېلىمىز خەلقى لېي فېڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ زەپەر مارشىنى ياڭراتقان، لېي فېڭ قالتىس ئەتىۋارلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت-

تىكى ھەربىي ۋە خەلقنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە، ھەرىكەت يېتەكچى-
سىگە ئايلانغان. ھەممە كىشى لېي فېڭنى ئۈلگە قىلىپ، لېي فېڭغا
ئوخشاش ياخشى ئىش قىلىشنى شەرەپلىك دەپ ھېس قىلىشقان.
جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا لېي فېڭ روھى ئەۋج
ئالغانىدى. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بۇنداق روھ سەل
ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ، خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلىدىغانلار ئانچە كۆپ
بولمايۋاتىدۇ. لېكىن، شۇنى ئېيتىش كېرەككى، قىسمەن ھادىسى-
لەردىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، پارلاق ئىستىقبالدىن گۇمانلىنىشقا
بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى نىشانى كەڭ خەلق
ئاممىسىنى ماددىي جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىنمۇ
ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈشتۈرىدۇ. بۇنداق ئىكەن، لېي فېڭ روھى
بەرىبىر كىشىلەر ئارىسىدا يېڭىۋاشتىن بىخ سۈرۈپ باراقسانلاپ، كى-
شىلەرنى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن جانلاندۇرىدۇ، جەمئىيەتتىكى بارلىق
كىشىلەرنى جەمئىيەت ئۈچۈن خالىس تۆھپە قوشۇش روھىغا ئىگە
قىلىدۇ. يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان مەيدانغا كەلگەن بىرمۇن-
چە لېي فېڭچە ئۈلگىلەر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇلتۇر مەيدانغا
كەلگەن جىنەن ھەربىي رايون مەلۇم قىسىم ئالاقىلىشىش بەنىنىڭ
بەنجاڭى شۈي خۇڭگاڭ ئاممىنى يامان ئادەملەرنىڭ خورلىشىدىن ساق-
لاپ قېلىش ئۈچۈن لۈكچەكلەر بىلەن باتۇرانە ئېلىشىپ، ئىسسىق
قېنى، ھاياتى بىلەن دۆلەت مال - مۈلكىنى جىنايەتچىلەرنىڭ ھۇجۇ-
مىدىن ساقلاپ قېلىپ، لېي فېڭ روھىنى نامايان قىلدى. شىنجاڭ
ھەربىي رايون ئارقا سەپ مەلۇم پونكىتىنىڭ كەسپىي جۇنشىسى جۇ
فۇچىن بۇلتۇر 2 - ئايدا خېيىمخەتەرگە قارىماي كىرا ئاپتوموبىلنى
بۇلاپ قاچقان جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ، «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش ئۈلگى-
سى» بولۇپ تىكلەندى. شىنجاڭ ماناس ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى
ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ما جيەنجۇن (خۇيزۇ) بۇلتۇر
جىنايەتچىلەر بىلەن ئېلىشىپ، ئادالەت يولىدا مەردلەرچە قۇربان
بولۇپ، ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن
كېيىنلا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا كۆكرەك كېرىپ

مەيدانغا چىققان، قانۇننى قوغدىغان، ئىسسىق قېنى، ھاياتىنى تەقدىم قىلغان مەشھۇر قەھرىمان سىرجان (قازاق) مەيدانغا كېلىپ، جەمئىيەتتە ياخشى كەيپىياتنىڭ ئەۋج ئېلىشى ئۈچۈن قەھرىمانلىق ناخشىسىنى ياڭراتتى. يېقىندىن بۇيان كۆڭ فەنسېننىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ئۇنىڭ ئالىيجاناب روھى ۋە پەزىلىتى كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇردى، كىشىلەرگە ئاجايىپ يۈكسەك ئىلھام بەخش ئەتتى. كىشىلەر كۆڭ فەنسېننى «90 - يىللاردىكى جياۋ يۈلۇ»، «يېڭى دەۋردىكى لېي فېڭ» دەپ تەرىپلەشتى. مانا بۇلار لېي فېڭ روھىنىڭ ئارىمىزغا قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىز ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە لېي فېڭ، كۆڭ فەنسېندەك كىشىلەرگە موھتاج. خەلق مۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە تەشنا. جەمئىيىتىمىزدىكى ھەر كۈنى يۈز بېرىپ تۇرىدىغان تۈرلۈك - تۈمەن ۋەقە - ھادىسىلەر، قىيىنچىلىق تارتىپ قېلىۋاتقان قېرى، ئاجىز، كېسەل، مېيىپ، نامرات كىشىلەر يەنىلا لېي فېڭ، كۆڭ فەنسېنگە ۋە ئۇلارنىڭ روھىغا تەلمۈرمەكتە ۋە ئۇلارنى سېغىنماقتا. ئۇلارنىڭ داۋاملىق خەلق ئارىسىدا ياشىشىنى ئۈمىد قىلىشماقتا. بۇ خەلقىمىزنىڭ ياخشى كۆڭلى، بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ياخشى ئىش قىلغانلىق لېي فېڭدىن، كۆڭ فەنسېندىن ئۆگەنگەنلىك، لېي فېڭدىن، كۆڭ فەنسېندىن ئۆگىنىش ياخشى ئىش قىلغانلىق بولىدۇ. سىز باشقىلارغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىسىز، ئىشىڭىزدىن سۆيۈنىسىز. باشقىلار ئۈچۈن خالىسانە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ۋە ئۇنى خۇشاللىق دەپ بىلىش لېي فېڭ، كۆڭ فەنسېن روھىنى ئۈلگە قىلغانلىق. بۇ جەمئىيەتنى ساپلاشتۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىنى ئىللىتىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، ئىناق - ئۆم ئىجتىمائىي كەيپىياتنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. مۇنداق ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات بىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمىمىزنى قوغداپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات

يېپىشىنى مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي
بازىسىنى مۇستەھكەملەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ
بىزنىڭ لېي فېڭ، كۇڭ فەنسېن روھىنى ھەممىلا جايدا گەۋدىلەندۈ-
رۈشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، بازار ئى-
گىلىكى شارائىتىدا لېي فېڭ، كۇڭ فەنسېندىن ئۆگىنىش پائالىيىتى-
نى يەنىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇشىمىز لازىم. ئېھتىمال بەزى كىشىلەر «لېي
فېڭ 60 - يىللارنىڭ قەھرىمانى، كۇڭ فەنسېن رەھبىرىي كادىرلار-
نىڭ ئۈلگىسى، بىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۆگىنىشىمىزنىڭ زۆ-
رۈرىيىتى يوق» دەپ قارىشى مۇمكىن، بۇ توغرا ئەمەس. يۇقىرىدا
سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، لېي فېڭ، كۇڭ فەنسېن ۋە ئۇلارنىڭ
روھىي بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بىزنىڭ بۈيۈك مەنىۋى
تۈۋرۈكىمىز، كاتتا مەنىۋى بايلىقىمىز، بۇلارنى تاشلىۋېتىشكە ياكى
مەنسىتمەسلىككە ۋەياكى ئېتىبارسىز قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

مەيلى رەھبىرىي كادىرلار ياكى ئادەتتىكى كادىرلار بولسۇن،
ئىشچىلار، ئەسكەرلەر، ساقچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار بولسۇن،
ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بولسۇن ھەممە كىشى ئۆز تارماقلىرىدا،
ئۆز ئورۇنلىرىدا لېي فېڭ، كۇڭ فەنسېن روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشى،
لېي فېڭ، كۇڭ فەنسېنگە ئوخشاش ياخشى، خاسىيەتلىك، خالىس
ئىشلارنى قىلغان كىشىلەرنى مەدھىيىلىشى، ئۇلارغا بارىكاللا ئېيتى-
شى، ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇشى، تەقدىرلىشى، كەڭ تۈردە
تەشۋىق قىلىشى لازىم. شۇندىلا لېي فېڭ، كۇڭ فەنسېن روھى
پۈتكۈل جۇڭخۇا زېمىنىغا ئىللىق نۇر چېچىپ، كىشىلەردە ھەقىقىي
ئىنسانلىق روھى ئۇرغۇپ تېشىپ، جەمئىيەت كەيپىياتى ياخشىلى-
نىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تېز تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە
ئېرىشىدۇ. بۇ ھەممە كىشىنىڭ بەختى. شۇڭا، ھەممەيلەن جەمئىيەت-
كە: «لېي فېڭ، كۇڭ فەنسېندەك ئۇلۇغ ئۈلگىلەرنىڭ ياڭراق سىم-
فونىيىسى داۋاملىق ياڭراپ تۇرسۇن!» دەپ ئىلتىجا قىلايلى.

# ھەر دەقىقە — پۇرسەت غەنىيمەت

ئاي يۇمىلاقمۇ، ھىلالمۇ بولىدۇ، ھاۋا ئوچۇقمۇ، تۇتۇقمۇ، يول ئەگرىمۇ، تۈزمۇ بولىدۇ، گۈل پۇراقلىقمۇ - پۇراقسىزمۇ بولىدۇ، قىسقىسى ھاياتلىق يولى زىددىيەت بىلەن تولغان بولىدۇ: ئۇنىڭدا خۇشاللىقمۇ ياكى خاپىلىقمۇ، ياخشىلىقمۇ ياكى يامانلىقمۇ، تەرەققىياتمۇ ياكى قالاقلىقمۇ، ساغلاملىقمۇ ياكى ساقسىزلىقمۇ، مۇۋەپپەقىيەتمۇ ياكى مەغلۇبىيەتمۇ، بەختمۇ ياكى كۈلپەتمۇ بولىدۇ. تۇغۇلۇش، ئۆسۈپ يېتىلىش، قېرىش، كېسەل بولۇش، قايغۇ - شادلىق، دەرد - ئەلەم، نامراتلىق ياكى بايلىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھاياتلىق يولىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ دۇنياغا «مېھمان» بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئادەم مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە ھايات بىلەن خوشلىشىدۇ. دېمەك، كىشىلىك ھايات ئىنسانغا بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىشىمىز گە، ياشىغان ئىكەنمىز، كىشىلىك ھاياتلىقتا مۇناسىپ ياشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بىر قىسىم كىشىلەر پەيت - پۇرسەت بىر خىل تاسادىپىي ھادىسە، كىشىلەر ئۇنىڭ قاچان، قەيەردە پەيدا بولىدىغانلىقىغا ئالدىن ھۆكۈم قىلالمايدۇ، دەپ قارايدۇ؛ بەزىلەر پۇرسەت، پەيتكە ئېرىشىپ، بىراقلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقنى «پېشانىسىنىڭ ئوچۇقلۇقى، تەقدىرنىڭ ئىلتىپاتى» دەپ قارايدۇ؛ يەنە بەزىلەر پۇرسەت ئالدىدا تۇرسىمۇ، «پۇرسەت كەلمىدى» دەپ ۋايسىشىدۇ؛ بەزىلەر «ئۆزۈم قىلىۋاتقان ئىشتىن تازا رازى ئەمەس، پۇرسەت بولسا باشقا ئىش

تاپمەن» دەپ، ئەسلىي ئىش ئورنىنى سۆيمەيدۇ؛ ئىش كۈتۈپ تۇرۇ-
ۋاتقان ستۇدېنتلار شۇنچە يىل ئوقۇپ «شىركەتتە ئىشلەمدىمەن،
يېزىدا ئىشلەمدىمەن» دېيىشىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى
كەتكۈزۈپ قويىدۇ؛ ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان يەنە بەزى كىشىلەر
«پۇرسەت كېلىپ قالار» دەپ يەنە ئاللىقانداق مەۋھۇم نەرسىلەردىن
ئۈمىدلىنىپ، تەقدىر - پېشانىسىگە ئىخلاس قىلىپ ۋاقىتنى —
پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ. دەرۋەقە تاسادىپىي ئامەت كېلىپ قالى-
دىغان ۋاقىتلارمۇ بولىدۇ، بىراق تاسادىپىيلىق، مۇقەررەرلىك بىر-
بىرىگە ئەگىشىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تاسادىپىيلىق مۇقەررەرلىك
ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ پەيت - پۇرسەتنىڭ بىر مۇھىم
خۇسۇسىيىتى. بىراق، پەيت - پۇرسەتنى «ئالدىرىماي تۇر»، «توخ-
تاپ تۇر» دېگىلى بولمايدۇ. پەيت - پۇرسەت ئىنسان ئۈچۈن بەكمۇ
قىممەتلىك نەرسە. بۇنىڭ قەدرىگە يەتمەسلىك ھاماقەتلىك بولىدۇ.
بەزىلەر «پۇرسەت كەلسىلا ئۇنى قىلىمەن، بۇنى قىلىمەن··· غەلىبە
قىلماي قويمايمەن···» دەپ كۈتۈپ تۇرۇپ قىممەتلىك ۋاقىتلارنى
بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. بىراق، شۇ پۇرسەتنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقى-
غا ئۆزىنىڭمۇ كۆزى يەتمەيدۇ، كۈتۈۋېرىپ ھالىدىن كېتەي دېگەندە،
پۇرسەت كېلىدىيۇ، تۇتالماي قالىدۇ. تۇتىدىغىنى ساقال بىلەن «خەپ
···» بولۇپلا قالىدۇ، خالاس. پەيت - پۇرسەت كەلگەن تەقدىردىمۇ
تىرىشچانلىق بولمىسا، ئىرادە، جۈرئەت بولمىسا بىكار. ھەرقانداق
كەشپىيات، ئىلھام، يېڭى ئىش، نەتىجە دېگەنلەر تاسادىپىيلا مەيدانغا
كەلمەيدۇ. بەلكى، ئۇزاق مۇددەت تەدرىجىي توپلىنىپ، پىشىپ يېتى-
لىپ ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا، پۇرسەتنى كۈتۈپ ئولتۇرۇ-
ۋەرمەي، ئۇنى چوقۇم تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدەش، قولغا كەلتۈ-
رۈش لازىم. مەسىلەن ئالايلى، ئادىل ھوشۇر «پۇرسەت كەلسە،
ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىمەن» دەپ كۈتۈپ تۇرۇۋەرگەن بولسا، دۇنيا
جىننېس رېكورتىنى يارىتىپ «پەلەك شاھى» دەپ دۇنياغا تونۇلارمى-
دى، بوكس ماھىرلىرىدىن ئابدۇراخمان ئابلىكىم، ئابدۇشۈكۈر مى-

جىت، ئەكرەم ئىساقلار «بىر كۈنى چېمپىيون بولىمەنغۇ» دەپ ئىزدەنمەي، مەشىق قىلماي، يېڭىلىق ياراتماي، ئادەتتىكىچە ھەرى-كەتلەر بىلەن بەند بولۇپ يۈرگەن بولسا «بوكس چېمپىيون»لىرى بولالارمىدى؟ غۇلجىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى «يەلتاپان» يىگىت سەئىدىن ھېساميدىن جۇرئەتلىك، قەيسەر روھىنى جارى قىلدۇرۇپ غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان 750 كىلومېتىر يولنى يۈگۈرۈپ باسمىغان بولسا، ئۆزىنىڭ گۈزەل ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇلارمىدى؟ شاھمات ساھەسىدىكى دۆلەت ئۇستازلىرى مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولۇپ، «دۆلەت ئۇستازى» دېگەن كاتتا نامغا مۇيەسسەر بولغان شاھمات ماھىرى مۇستاپا مەھمۇد تىرىشمىغان، جاپالىق مەشىق قىلمىغان، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇۋەرگەن بولسا، ئەنە شۇنداق كاتتا نامغا ئېرىشەرمىدى؟ «ئەڭ كىچىك فوتوگراف»، «ئەڭ كىچىك كومپيۇتېر مەشغۇلاتچىسى» ئەختەمجان ئەنۋەر (باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى) «چوڭ بولغاندا نەتىجە يارىتىمەن» دەپ كۈتۈپ تۇرغان بولسا، ئىككى تۇردە دۇنيا جىننىس رېكورتى يارىتالارمىدى؟ يۇقىرىدىقى مىساللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پۇرسەت ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدۇ، پۇرسەتنى ئىزدەش، ئەجىر قىلىپ پۇرسەت يارىتىش لازىم. پۇرسەت بەزىدە تاسادىپىي كېلىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ، بىراق مۇنداق چاغدا چاققانلىق، دانالىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقالمىساق پۇرسەت كېتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، قىسمەن كارخانا، شىركەت، سودا - تىجارەت ئورۇنلىرى ياكى كارخانىچى، تىجارەتچىلەر ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ئېسىل تاۋارلىرىنى تەييارلاپ سودا يەرمەنكىلىرىگە ۋاقتىدا قويالىسا، پۇرسەتنى تۇتقان بولىدۇ. تاۋارلىرىغا خېرىدار چاقىرالايدۇ، مەھسۇلاتىنىڭ نام - شۆھرىتىنى ئاشۇرالايدۇ. پۇرسەتنى تۇتماي كۈتۈپ تۇرسا، ئېھتىمال مەھسۇلاتى تونۇلماي قېلىشىمۇ، سېتىلماي قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىنى لاغايلاپ، بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەي، بىرەر پايدىلىق ئىش قىلىشمۇ ئوخشاشلا پۇرسەتنى تۇتقانلىق بولىدۇ. ئىش-

سىز قالغاندا، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئىش كۈتۈپ تۇرغاندا چۈشكۈنلەش-
مەي، تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ ئۆزى ئىش تېپىپ قىلىشمۇ بىر
پۇرسەتقۇ؟ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش پۇرسەت ھەر قەدەمدە، ھەر دەقىقى-
دە، ھەممىلا جايدا ئۇچراپ تۇرىدۇ، مەسىلە سىزنىڭ ئۇنى تۇتۇش-
تۇتالماسلىقىڭىزدا. مۇبادا ئۇنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوغلاپ تۇتمى-
سىڭىز، ئۇمۇ قولىنى سىلىپ سىزنى تاشلاپ كېتىۋېرىدۇ. كۈتۈپ
تۇرۇۋەرسىڭىز، ئۇنىڭ پەرۋايىغا كەلمەيدۇ. شۇڭا، ئەنە شۇنداق
ۋاقىتلاردا «نېمىشقا قاراپ تۇرىمەن، نېمىشقا كۈتۈۋېرىمەن» دېگەن
سوئالنى قويۇپ تۇرۇش لازىم. چۈنكى، ھەۋەس قىلىش، قىزىقىش،
ھەيران قېلىش، ئىنتىلىش قاتارلىق روھىي ھالەت كىشىلەردىكى بىر
خىل گۈزەل پەزىلەت، كىشىلەرنى پەيت - پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈش-
كە ئۈندەيدىغان قوڭغۇراق، سىگنال. ئۇ كىشىلەردە ئىچكى قوزغى-
تىش كۈچى پەيدا قىلىدۇ، ئۇ بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىشكە، ئازراق
بىلگەن نەرسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىۋېلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ بىر ئىز-
دىنىش جەھەتتىكى بىر خىل پسىخىك ھادىسە. ئامېرىكىلىق فرانك-
لىننىڭ ئائىلىسى نامرات ئىدى، سەككىز يېشىدا مەكتەپكە كىرىپ
ئوقۇغان، ئىككى يىل ئوقۇپ - ئوقۇمايلا دادىسى مەكتەپتىن چىقىرى-
ۋېلىپ ئۆزىگە ياردەملەشتۈرگەن. كېيىن ئۇ قىزىقىش، ھەۋەسكە
تايىنىپ قېتىرقىنىپ مەتبەئەچىلىكنى ئۆگەنگەن، تىرىشىپ ئۆگەن-
گەچكە ئىختىساسلىشىش يولىغا مېڭىپ، ئۇلۇغ سىياسىئون بولۇپ
يېتىشىپ چىقىپلا قالماي، بەلكى ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ دۇنياغا تونۇل-
غان. نۇرغۇن كىشىلەر قارىماققا ئادەتتىكىدەك كۆرۈنگەن ئىشلارغا
دۇچ كەلسە، ئۇنى تۇيمايلا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. بىراق، كەشپىياتچىلار،
يازغۇچىلار ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاچقۇچلۇق يېرىنى چىڭ تۇتۇۋالىدۇ -
دە، ئۇنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا بىرەر مۆجىزە يارىتىدۇ.
بۇ ئۇنىڭ چېچەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ، بولۇپمۇ كۆرۈنۈپ قويۇپلا غايىب
بولۇپ كېتىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ھادىسىلەرگە نادانلارچە مۇئامى-
لىدە بولماي، ئۇنىڭغا زېرەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى پۇر-

سەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈر پىسخىك تەييارلىقى ۋە پەيت - پۇرسەتنى سېزىشنىڭ مۇھىم ئامىلى دەپ بىلىدۇ.

پەيت - پۇرسەتنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىلدۈرۈشتە ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن زور، لېكىن غەلىبە قىلىشنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى ئەمەس. پەيت - پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرۇشقا، «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ خام خىيال بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇۋېلىش بىر-خىل نادانلىق. دېمەك، كىمكى غەلىبە قىلماقچى، ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىدىكەن، توختىماي كۈرەش قىلىش روھى، قەتئىي ئىشەنچ - غەيرەتكە ئىگە بولۇشى لازىم.

دۆلىتىمىز «ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» يولىغا كىرىۋاتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىجاد قىلىش، كەشپىيات يارىتىش، ئۆگىنىش، ئىختىساسلىق خادىملاردىن بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلمەكتە ۋە ئىلھاملاندۇرماقتا. بىز تالانتىمىزنى، خاسلىقىمىزنى، ئەۋزەللىكىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، تەلەي سىناپ، ئۈمىدسىزلىنىپ ئولتۇرماي، پەيت - پۇرسەتنى ئىزدىشىمىز، ئەجىر قىلىپ ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

پەيت - پۇرسەتنىڭمۇ قۇدرەتلىك ئىچكى قوزغىتىش كۈچى بار، ئۇ بولسىمۇ ئالىيجاناب غايە، چىن ئېتىقاد، تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىش، خىزمەتكە بولغان چەكسىز قىزغىنلىقتىن ئىبارەت. كىشىلىك ھاياتقا باتۇرلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، كىشىلىك ھايات سەپىرىدىكى ھەرخىل زىددىيەتلەرنى توغرا تۇتۇپ، ھەل قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسەت، تالانتىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرالىساقلا، ئاندىن مۇۋاپپەقىيەتكە ئېرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايمىز. پەيت - پۇرسەتنى كۈتۈپ ياكى پۇرسەت كەلسە يەنىلا تەلەي سىناپ ئولتۇرساق، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ قىزغىنلىقى، ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ - قۇدرىتىمىزنى، ئەقىل - پاراسىتىمىزنى ئىشقا سالساق، جەزمەن پۇرسەتنى تۇتۇپ، دولقۇن يېرىپ

ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيمىز.

ھەممىيلەنگە ئايانكى، XXI ئەسىرنىڭ باش تېمىسى «يېڭىلىق يارىتىش»، پەن - تېخنىكىدا، مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش. يېڭىلىق يارىتىش — ئۇچۇر ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي بولۇش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ. بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ ئەسىر بارلىق كىشىلەر ئۇچۇن ئەڭ ياخشى پۇرسەت. پۇرسەت ھەممە كىشىگە ئوخشاش. كىمكى پۇرسەتنى تۇتالمايدىكەن، ئۇ ھەسرەت - نادامەتتە ئۆتىدۇ. ئۇچۇر جەمئىيىتى تېلېۋىزور، كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېت تورىغا ھەمراھ بولۇپ يېتىپ كەلدى. ئېلېكترونلۇق تەشۋىقات ۋاستىلىرى، ئېلېكترونلۇق سودا ۋە تۈرلۈك مۇلازىمەت قاتارلىقلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزغا بۆسۈپ كىرمەكتە، ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، مەدەنىيەت شەكلى چوڭقۇر ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلمەكتە. ھازىر ئامېرىكا دېھقانلىرىلا ئەمەس دۆلىتىمىز ھەمدە رايونىمىز دېھقانلىرىمۇ كومپيۇتېر ئارقىلىق تورغا كىرىپ تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ئۇچۇرلىرىنى، تېرىقچىلىق ئەھۋالى، باھا ئەھۋالىنى ئۇقۇشىدىغان، ماللىرىنى ساتىدىغان، رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرىدىغان بولدى. دېمەك، بىز كۆتۈپ، تايىنىپ، ھاڭۋاقتىلىق بىلەن ياشايدىغان دەۋر بىزدىن كۆنسېرى يىراقلاشماقتا. شۇڭا، بىز يېڭى دەۋر ئاتا قىلغان ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز ئىشىمىزدىن يېڭىلىق يارىتىشىمىز، ھەر قەدەمدە نەتىجە يارىتىشىمىز لازىم.

قىسقىسى:

غەلىبە - نۇسرەت قۇچار ھەر قاچان،
پەيت - پۇرسەتنى تۇتقان ھەركىشى.
ئەجىر قىلىپ ئىزدەنسە كىمكى،
روناق تاپىدۇ گۈللەپ ھەر ئىشى.

# «كۆچەت» ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

مۆھتەرەم مۇشتەرى «كۆچەت» دېسەم مېۋىسىنى يەيدىغان، تۈۋىدە سايىدايدىغان دەل ـ دەرەخلەر كۆز ئالدىڭىزغا كېلىشى مۇمكىن. بىراق، مېنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنىم ئۆز جاسارىتى بىلەن دۇنيانى، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىدىغان ئۇلۇغ ئادەمدىن ئىبارەت «كۆچەت».

بەزى بۇرادەرلىرىم بىلەن بولغان سۆھبەتلەردە مۇنداق سۆزلەر قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى: پالانى ـ پۇستانى، جەۋلان بىلەن مەۋلانلار ئەينى چاغدا ھەر ئىدارە ـ ئورگانلارنى سورىغانىدى، بىراق ئۇلار كۈچكە تولغان، جاھاننى پىرقىرىتالايدىغان قىران چاغلىرىدا بىرەر «كۆچەت» قويۇپ قويماي، يېشى چەككە يېتىپ، ئۆزى پېنسىيىگە چىقىپ كەتتى، كېيىن پۇرسەت كەتكەندە ساقىلىنى تۇتاملاپ پۇشايمان‑ئەلەم بىلەن ھەسرەت چېكىشىپ قالدى. ئۇلار بۇنداق بولارىنى ئويلاپمۇ قويمىغان ئىكەن، ھازىر ئۇلار تۇپىدىن ئايرىلىپ، پايانسىز كۆكتە تەنھا غاقىلداپ يۈرگەن تۇرنىلاردەك بولۇپ قېلىشتى...

بۇ قارىماققا ساددا تەپەككۇرلار جۈملىسىگە كىرىشىمۇ، بىراق كىشىنى ئويلاندۇرماي قويمايدۇ. دەرۋەقە، بەزى كىشىلەر 10، 20 يىل، ھەتتا 30 يىل بىرەر ئورۇننىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، تاكى شۇ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىقىپ كەتكىچىمۇ ئۆز قولى بىلەن تىككەن كۆچەت سۈپىتىدە بىرەر

كىشىنى تەربىيىلەپ، پىشقان، يارامىلىق خادىم قىلىپ چىقمىغان ياكى شۇنداق قىلىشنى ئويلاپمۇ قويمىغان، بۇ قارىماققا بىر تەرەپتىن غەرەزسىز ـ شەخسىيەتسىز كىشىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پارتىيە ـ دۆلەتنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى كۆڭۈلگە پۇكمىگەنلىك، سەپداشلىرىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ئۈچۈن باش قاتۇرمىغانلىق، خالاس.

ئادەمنىڭ ياشلىق ھاياتى باھاردىكى جىددىي تېرىقچىلىق پەسلىگە ئوخشايدۇ. بۇ مەزگىل مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي يەر تەييارلايدىغان، ئۇرۇق سالىدىغان پەسىل، جۇملىدىن كۆچەت قويىدىغان، پەرۋىش قىلىدىغان پەسىل. كىمكى مۇشۇ پەسىلدە كۆپرەك تەر ئاققۇزۇپ، ئەجىر قىلىدىكەن، ئالتۇن كۈز پەسلىدە مول ھوسۇل شادلىقىدىن سۆيۈنىدۇ. كىمكى «مەۋسۇم» — پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويىدىكەن، ھەسرەت ـ نادامەت چېكىدۇ. نۇرغۇنلىغان رەھبىرىي كادىرلار ھاياتىنىڭ ئاشۇ مەۋسۇمىدە «تۇتقۇلۇق ھەربىر مىنۇتنى چىڭ تۇرۇپ» دېگەن روھ بىلەن بىر تەرەپتىن شۇ ئورۇننىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، شان ـ شەرەپ، نەتىجە ياراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەۋاتقان پارتىيە خىزمىتىگە يېقىندىن سەمىمىي ھەمكارلىشىپ، يۆتىگا ـ يۆت، قولىغا ـ قول بولغان قول قاناتلىرىنى يېتەكلەپ يېتىشتۈرۈشكە، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى، تەجرىبىلىرىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە ئوخشاش ئىشقا كامىل، ھەر جەھەتتىن قابىل كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، دۆلەتكە «بايلىق» يارىتىپ بېرىشكە ئەھمىيەت بەردى، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» ئىشلىرى ئۈچۈن يارامىلىق ماتېرىيال يېتىشتۈرۈپ بەردى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى داۋام ئەتكۈزۈشكە ئىزباسار تەربىيىلەپ، شۇ ئورۇننىڭ خىزمىتىنىڭ داۋاملىق يۈكسىلىشىگە شەرت ـ شارائىت، ئۈمىد ـ ئىشەنچ پەيدا قىلدى. بۇنداق كىشىلەر ئۆزى قوشۇندىن ئايرىلسىمۇ روھى شۇ قوشۇن ئىچىدە داۋاملىق ياشىدى، دۆلەت، خەلق ئىشلىرىنىڭ داۋاملىشىشىغا راۋان يول ھازىرلاپ بەردى. بۇلاردىن پارتىيىمۇ، خەلقمۇ رازى بولدى.

بىراق، بەزى رەھبىرىي خادىملار ئۇنداق قىلمىدى، ھايات سەپ-
ىرىدىكى «باھار پەسلى» نى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ئاخىرىدا پارتىيى-
نىمۇ، خەلقنىمۇ، سەپداشلىرىنىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى. بۇ-
خىل كىشىلەر ئەينى چاغدا ئۆز ئىشلىرىغا قول قانات بولغان شىجائەت-
لىك ياردەمچىلىرىنى ئىشلىتىشنى، پايدىلىنىشنىلا بىلدى، ئارتۇق-
چىلىقلىرىنى بايقىيالمىدى، بايقىسىمۇ ئېتىبارسىز قارىدى. ئۇلار-
نىڭ باغچىلاردىكى رەڭگارەڭ گۈللەرگە، كۆللەردىكى قولۋاقلارغا، تاز-
سا- تاماشالارغا بېرىلمەي، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغان قەيسەر شىجا-
ئىتىنى، يۈكسەك ئەخلاق - پەزىلىتىنى، جاپا - مۇشەققەتلەر، قىيىن-
چىلىق - زىددىيەتلەر تەۋرىتەلمەيدىغان ئىنقىلابىي روھىنى قەدىرلە-
مىدى. بۇنداق كىشىلەرنى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچە دەپ قاراپ
مۇۋاپىق ئورۇن بېرىپ ئىشلەتمىدى ياكى شۇ كىشىنىڭ ئىقتىدارىنى
تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن«يېشىل چىراغ» يېقىپ بەر-
مىدى… قىسقىسى، «ياندىكى كاسپىنىڭ قەدرى بولمىدى» ، «يېقىن-
دىكى موللا جاموللا، يىراقتىكى موللا چوڭ موللا» بولدى…

يەنە بەزى رەھبىرىي خادىملار شىجائەتكە، ئىلىم - ئىقتىدارغا
ئىگە كىشىلەرنى ئەتىۋارلىمايلا قالماي، بەلكى قول ئاستىدىكى كىشى-
لەرنى خۇددى «ماشىنا ئادەم» گە ئوخشاش دائىم ئىتائەتمەنلىك بىلەن
«لەببەي» دەپ تۇرۇشقا كۆندۈردى. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارى،
غەيرىتى بولمىسىمۇ ئەتىۋارلاندى، ئۆستۈرۈلدى، ئۆستۈرۈلگەنلەرمۇ
يەنە باشقىلاردىن «ماشىنا ئادەم» بولۇشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە،
يۇقىرى - تۆۋەن ئوتتۇرىسىدا زەنجىرسىمان ئىتائەتمەنلىك مۇناسىۋىتى
شەكىللىنىپ، خىزمەتلەرنى مۇستەقىل، دادىل ئىشلەيدىغان، باشقۇ-
رىدىغان، ئىلگىرى سۈرىدىغان ئادەملەرنى ئۆزلىرىدىن چەتلەشتۈردى،
ھەمىشە ئۆزىنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇپ تۇرىدىغان، يېنىدىن خۇددى
سايىدەك نېرى كەتمەيدىغان، مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ تۇرىدىغان
كىشىلەرگە ھېرىسمەن بولۇپ كەتتى. بۇنداق كىشىلەر كۆرۈنۈشتە
ئىتائەتمەن، ئۈلپەتچىلىككە يارايدىغان، سەممىي كۆرۈنسىمۇ، لې-

كىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋاقتىنچە سەزگىلى بولمايدىغان شەخسىي
غەرەزگە ئىگە بولۇپ، مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىنلا «ئىگىسىنى
ئالدىغان قۇش»قا، «نان بەرگەن قولنى چىشلىۋالىدىغان كاززاپ»
قا ئايلىنىپ، رەھبەرلەرنىڭ شېرىن خىياللىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەت-
تى، بۇخىل ساۋاقنى ئەستە تۇتۇپ، ئەنە شۇنداق يارامسىز، ھىيلىگەر
كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلىگەن تۈزۈك.
ھازىر ھەرجايدا، ھەربىر ئورۇندا نۇرغۇن بىلىملىك، شىجائەت-
لىك، ئىقتىدارلىق ياش، ئوتتۇرا ياشلىق كادىرلار ئاز ئەمەس. ئۇلار
كەسپىي بىلىم ئىگىلەشكە، خىزمەتلەردە جاسارەت كۆرسىتىشكە كۈچ
سەرپ قىلىدۇ. باشقىلار بىرنى بىلگۈچە، ئۇ ئوننى بىلىپ بولىدۇ.
باشقىلار ئوننى بىلگۈچە «مەن ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بىلىشىم كېرەك»
دەپ ئالغا ئىنتىلىپ تۇرىدۇ. خىزمەتتىكى ئىنقىلابىي روھى ئۇنىڭ-
دىنمۇ يۇقىرى. رەھبەر بولغۇچى مانا شۇنداق پىداكار، جاسارەتلىك
كىشىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، ئۇلارنى «كۆچەت» سۈپىتىدە ئەمەلىي
خىزمەت زېمىنىغا قويۇپ، ئېغىر ۋەزىپە يۈكلەپ، جاپالىق خىزمەت
ئورنىدا ياخشى ئىشلەشكە شارائىت يارىتىپ بېرىپ ھەم سىناپ «ئۆت-
كەل»لەردىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھەر
جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم.

# «ئەللامە»[1] لىق ھەممىدىن ئەلا

مەن مەمۇرچىلىققا تولغان كۆز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئۇلۇغ
ئالىم مەھمۇد كاشغەرى تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش
مەملىكەتلىك ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش ھارپىسىدا مەھمۇد
كاشغەرى ھاياتىغا ئائىت بەزى كىتاب - ژۇرناللارنى ئوقۇپ چىقىشقا
توغرا كەلدى. ماتېرىيال كۆرۈۋېتىپ تۆۋەندىكى قۇرلار دىققىتىمنى
تارتتى. ئوپال دىيارىنىڭ «قىزىل مەسچىتئاتام» دىكى ئوردىدا «ئات
قويۇش تويى» ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بوۋىسى شاھ
مۇھەممەت (شاھى ئېھرام) ئاتاغلىق مۇنەججىم موللا - ئۆلىما ۋە
يۇرت كاتتىلىرى ئالدىدا: «مەن يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھلىقىدىن ئەۋلا-
دىمنىڭ ئالىم بولغىنىنى چوڭ دەرىجە (شەرەپ) دەپ بىلىمەن،
ئالىملىق ئىككىلا دۇنيا نىجاتلىقى ۋە شاھلىقىدۇر» دېگەن ۋە ئاخىرىدا
شاھى ئېھرام يەنە «ھازىردىن باشلاپ ھەربىر ياشقا 1000 خىل ئىلىم-
ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ، ھاياتلىقتىن ماماتلىققىچە ھەرقانداق ئەر- ئايال
ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنى قەدىرلىسۇن، كىمكى ئىلىم-
ھۈنەر ئەھلى بولۇشقا ئادەتلەنمەيدىكەن، سىلىقنىڭ كۆپ قىسمى شۇلا-
ردىن ئېلىنسۇن، چۈنكى ئۇنداقلار ئۆزىنى ئۆزى خار قىلغۇچىلار-
دۇر، ئىلىم - ھۈنەر بىلمىگەن بىرەر كىشى سەلتەنەتىمىز تەۋەسىدە
كۆرۈلمىگەي» دەپ پەرمان قىلغان ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ شۇ تەۋەدىكى

---

[1] «ئەللامە» — ئىلىم - پەننى ياكى بىرنەچچە ساھەنى مۇكەممەل بىلىدىغان بىلىملىك كىشى، مەلۇم ساھە، ئىشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان كىشى دېمەكتۇر.

كىشىلەر ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىشكە كىرىشكەن ۋە ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىشنى پەرھىز ھەم بۇرچ ھېسابلىغان.

كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، ئەجدادلىرىمىز ئاشۇ زامانلاردىلا ئىلىم-ھۈنەر ئۆگىنىشنى مىللەت - قوۋمىنىڭ ئەنئەنىسى قىلغان، شۇنداق بولغاچقا، شول زامانلاردا ئىلىم - ھۈنەر روناق تېپىپ، سودا - سېتىق گۈللىنىپ، ئەل باياشاتلىققا تولغان.

مەن 1000 يىل بۇرۇن بوۋىلىرىمىز ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىشنى شۇنچە ئۇستۇن ئورۇنغا قويغان ھەم ئالاھىدە مۇھىم بىلگەن يەردە، بۈگۈنكى كۈندە بىلىم - ھۈنەرنىڭ قەدرىگە تېخىمۇ يېتىشىمىز، بىلىم - ھۈنەرنى سۆيۈشىمىز، شول زاماندىن قالغان بىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىش ئەنئەنىمىزنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىملىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم ھەمدە تارىخىي ساۋاقلارنى ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز لازىملىقىنى بېجىرىم ھالدا چۈشىنىپ يەتتىم.

ھازىر ئېلىمىز ئىلىم - پەن دەۋرىدە پەرۋاز قىلماقتا. بىلىم — كۈچ، يەنە كېلىپ قۇدرەتلىك كۈچ سۈپىتىدە گەۋدىلەنمەكتە. ھازىر ئىلىم - پەن شۇنچىلىك تەرەققىي قىلماقتىكى، سېكۇنت، مىنۇت ئىچىدە قولىمىزدىكى يانفون بىلەن دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىكى كىشى بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆرۈشۈپ مۇڭدىشالايسىز. ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق ھەرقانداق جاي، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئوبيېكت بىلەن ھەرقانداق مەزمۇندا ئالاقە- مۇناسىۋەت قىلىشىپ، ھەتتا چىراي - رۇخسارىنى كۆرۈپ تۇرۇپ پىكىرلىشەلەيسىز. نەچچە سائەت، نەچچە كۈندە قەلەم بىلەن يېزىپ بولالمايدىغان خەت - ئالاقە، ماقال - ئەسەرلەرنى كومپيۇتېر ئارقىلىق بىرنەچچە مىنۇت، بىرنەچچە سائەت، بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا چىقىرىپ بولالايدىغان بولدى. بېسىش تېخنىكىسىمۇ راۋاجلىنىپ، نەچچە 10 مىڭ پارچە گېزىتنى بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا بېسىپ بولالايدىغان بولدى. بىرنەچچە كۈندە يېتىپ بارالايدىغان مەنزىلگە ئايروپىلان، ئاپتوبۇس، پويىزلار ئارقىلىق بىرەر سائەت، بىرەر سوتكىدا ساق - سالامەت يېتىپ بارالايدىغان

ھالەت شەكىللەندى. سۈنئىي ھەمراھنىڭ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگىنىگىمۇ
خېلى يىللار بولۇپ قالدى. «خاسىيەتلىك كېمە» لەرگە ئولتۇرغان
ئادەملەر، سايياربلارنى ئايلىنىپ چىقتى... قىسقىسى ھەممە ئىش
ئىلىم - پەننىڭ قۇدرىتى بىلەن تولىمۇ ئاسانلىشىپ بارماقتا. بىراق،
بىلىم كۆندە، ئايدا، يىلدا يېڭىلىنىپ بېرىۋاتقان، تەرەققىيات سۈرئە-
تى ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان دەۋردە تىرىشىپ ئۆگەنمىسەك ياكى سەللا
بوشاڭلىق قىلساق، دەۋرنىڭ، ئىشداشلىرىمىز - كەسىپداشلىرى-
مىزنىڭ ئارقىسىدا قالىمىز، بىلىمشۇناسلارغا يېتىشىپ ماڭالمايمىز،
تەرەققىياتتىن ئارقىدا قالىمىز، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر ئالدىدا چې-
نىپ قالىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر مىللىتىمىز كىشىلىرىنىڭ
مەدەنىيەت سەۋىيىسى نىسبەتەن تۆۋەن، دۇنيا، مەملىكەت بىر تۇتاش
قوللىنىۋاتقان تىل ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلغانلار خېلى كۆپ بولسىمۇ،
لېكىن بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ بولۇشقىمۇ يەنىلا مەلۇم جەريان كېرەك.
ئۇنىڭ ئۈستىگە تىل بىلىپلا ھەممىنى بىلدىم دېگىلىمۇ بولمايدۇ.
يېزا- كەنت، يايلاقلاردىكى دېھقان - چارۋىچىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا،
بىر قىسىم ساۋاتلىق ياكى خېلىلا ساۋاتلىق، ئۆزىنى زىيالىي چاغلاپ
«بىلىملىكمەن» دەپ غادىيىپ يۈرىدىغان خېلى سالاپەتلىك كىشىلىرى-
مىز، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزدا كەشپىيات يارىتىدىغان روھ ئەسلا يوق.
باشقىلار يارىتىپ بەرگەن تەييار بىلىم - تېخنىكىلارنىمۇ ئىگىلەشكە
تولۇق بېرىلمەيۋاتىدۇ. بۇ ھالەتنى ھۇرۇنلۇق، يالقاۋلىق، دۆتلۈك
دەپ چۈشىنىش كېرەكمۇ ياكى بىلمىسەكمۇ بىلىدىغان قىياپەتكە
كىرىۋالىدىغان «AQ» (ئاكيۇ) لارچە روھمۇ؟ بۇلارنى چۈشىنىش
ھەقىقەتەن قىيىن.

قىسمەن ياشلىرىمىز ئۆيگە كىرسىلا، شىلەپىسىنى، چاپان -
چاپلىرىنى كىيىم ئاسقۇغا ئېسىپ قويۇپلا، «تېلېۋىزور» ئالدىغا
كېلىپ بىر ئولتۇرسا تاكى يېرىم كېچىلەرگىچە ھەممە قاناللاردىكى
تېلېۋىزىيە فىلىمى، تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى ئالا قويماي كۆرىدۇ.
سىرتقا چىقسا رەڭگارەڭ دۇنيا، ئۇياققا بويۇنداپ، بۇ ياققا كۆز

سىلىپ، لاغايلاپ كۈننى كەچ قىلىدۇ. بەزىلىرى «پۇشايمان دوق- مۇش»لىرىدا قۇرۇق گەپ بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ، بەزىلىرى «مۇ- ھەببەت كوچىسى» نىڭ پىنھان يوللىرىدا ئالدى - ئارقىسىغا مېڭىپ، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشىدۇ؛ يەنە بەزىلىرى «چايخانا»، «رېستوران» «مىسلاق شورپىخانىسى» (ساماۋەرخانا)، «قورۇماخانا» «تونەكخانا» … لاردا كۈن - تۈنلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. دېمەك، «ھەر كىشى ھەر كويدا، بىلىپ بولمايدۇ قاي ئويدا» دېگەندەك ئىش. بىر قىسىم ياشلار ھەر كۈنى مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ تورخانىلارغا كىرىپ، يېرىم كېچىلەرگىچە ئولتۇرۇپ، سېپى ئۆزىدىن «تور مەستانىسى» غا ئايلىنىپ، ۋاقتىنى، زېھنىنى، پۇلىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىدۇ. بىرەر كۈن «تور» غا كىرمىسە، تاماق يېگۈسى، ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى (تورخانىلارنى ئاددىي چاغلىماڭ، شەھەرنىڭ ھەر دوق- مۇشىدا، بولۇڭ - پۇچقاقلىرىدا كىشىلەر دىققەت قىلمايدىغان قەۋەت- لەرگە جايلاشقان كەڭ خانە - زاللارغا كىرسىڭىز نەچچە ئون، ھەتتا بىرەر يۈز ياشنىڭ سىرتقى دۇنيا ئىشلىرىنى سەزمىگەن ھالەتتە «تور» ئىچىگە «شۇڭغۇپ» كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس قالى- سىز، ئۇلار سىزنىڭ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىڭىزنىمۇ سەزمەيدۇ). مانا شۇنداق «تور» خانىلاردىكى ئاشۇ ئونلاپ، يۈزلەپ ئولتۇرغان كىشى- لەرنىڭ ئاز بىر قىسمى ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلانسىمۇ، كۆپ قىسمى ھەر خىل مەقسەتتە پايدىلىنىدۇ، ھەر خىل مەقسەتتە ئويۇن ئوينايدۇ. بۇ خىل «سىپىرلاشقان تۇرمۇش»، «تورلاشقان ھايات» زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ بىر بەلگىسىدەك، يېڭى تېخنىكىسىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە توغرا مەقسەتتە پايدىلىنالمىغانلىقتىن، ياشلارنىڭ توغرا يولدا مېڭىشىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە. قىسقىسى، ئىنتېرنېت تورى بىر خىل زامانىۋى قورال، ئۇ توغرا مەقسەتتە پايدىلىنىلسا، بەخت- شاتلىق، بىلىم ئېلىپ كېلىدۇ، خاتا مەقسەتتە پايدىلىنىلسا، ئازاب- ئوقۇبەت ئېلىپ كېلىدۇ، «تورغا چىقىپ تورغا چۇشۇش» كېلىپ چىقىدۇ، خالاس…

دېمەك، مىللىتىمىز كىشىلىرىنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمىنىڭ كۆڭلىرى ئەنە شۇنداق «مەنىلىك» ئۆتمەكتە. بىراق، بىز بۇۋىلىرىمىز، ئەجدادلىرىمىز ئېيتقان ئالىملىقنى شاھلىقتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان، پۈتۈن پۇقرانى بىلىم ئۆگىنىشكە سەپەرۋەر قىلغان، كىمكى ئۆگەنمىسە، شۇنىڭدىن سېلىقنى ئېغىرلىتىپ ئېلىش توغرىسىدىكى يارلىق چۈشۈرگەن كۆرۈنۈشنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ھەقىقەتەن ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، ھۈنەر - تېخنىكا ئۆگىنىش ئەنئەنىمىزگە بېجىرىم ھالدا ۋارىسلىق قىلالمىغانلىقىمىزنى ئەپسۇسلانغان ھالدا ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

ھازىر يەنە بىر قىسىم كىشىلىرىمىزدە ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەمەلدارلىقنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ئۇخلاپ چۈش كۆرسىمۇ مەنسەپ تەمەسىدە يۈرىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلارغا قىلمىغان خۇشامەتلىرى، سوۋغاتلىرى قالمايدۇ. ھەرقانداق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ساختىپەزلىك، شەكىلۋازلىق قىلىپ، تۆۋەننى بېسىپ، يۇقىرىنى ئالداپ، ئۆزىنى پەدازلاپ، رەڭدار توز تۈسىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئەيىبلىرىنى يېپىشقا ئۇرۇنىدۇ. بەزىلەر مۇشۇ يول بىلەن مېڭىپ خېلىلا ياخشى نەپ ئالغان. بۇ خىل ئىللەت تۈزەلمەيدىكەن، ئۇلار باشقىلارنىمۇ بىلىم، ھۈنەر - تېخنىكىغا ھېرىسمەن قىلىپ ئەمەس، بەلكى مەنسەپخۇمار كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىدۇ، بۇ تولىمۇ خەتەرلىك. گېپى كەلگەندە يەھۇدىيلار، ياپونلار بىلەن ئۆز كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىشكە بېرىلىش ئەھۋالنى سېلىشتۇرۇپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس. يەھۇدىيلار دۇنيادا نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت چەككەن، ئېغىر چەكلىمىگە دۇچ كەلگەن، ئېغىر شارائىتلاردا ياشىغان بولسىمۇ، بىلىم ئىگىلەش، ئىجاد قىلىش، كەشپىيات يارىتىش يولىدا ئەجىر سىڭدۈرۈشنى بىر كۈنمۇ تاشلاپ قويمىغان. بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىغا، تىرىشچانلىقىغا يېتىدىغان مىللەت ناھايىتى ئاز. يەھۇدىيلار بالىلىرى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە قەدەم قويۇش بىلەنلا «ئىنجىل» ئۈستىگە ئاررىق

ھەسەل تېمىتىپ يالىتىدىكەن، بۇ بىلىمنىڭ شېرىن - تاتلىقلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنكەن، يەھۇدىي ئائىلىسىنىڭ ھەممىسىدە كىتاب ئىشكاپى بار بولۇپ، كىتابنى ئەتىۋارلاپ، مۇھىم بىلىپ، كىتاب ئىشكاپىنى كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە قويىدىكەن، ھەرگىز ئاياغ تەرىپىگە قويمايدىكەن. يەھۇدىيلار ھەرگىزمۇ كىتاب كۆيدۈرمەيدىكەن، يەھۇدىيلاردىن 14 ياشتىن ھالقىغان ھەرقانداق كىشى ھەر ئايدا بىردىن كىتاب ئوقۇيدىكەن، بۇ نىسبەت دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن. ھەممە شەھەر - بازار، كەنتلەرگىچە ھەشەمەتلىك كۇتۇپخانا-قىرائەتخانىلار بار بولۇپ، نەچچە مىليون نوپۇسى بار ئىسرائىلىيە دۆلىتىدە 900 خىلدىن ئارتۇق گېزىت - ژۇرنال نەشر قىلىنىدىكەن. ياپونلارنى ئالساق، ياپونىيىنىڭ شەھەر- بازار، كەنتلىرىنىڭ چوڭ-كىچىك كوچىلىرىدا كىتاب دۇكىنى، كىتابخانا، كىتاب يايمىلىرى بار ئىكەن، يەر ئاستى پويىز بۆلۈملىرىنى، مېھمانخانا، يەر ئاستى يول كوچىسى، ئايرودروم، ھەتتا ماگىزىنلاردىمۇ كىتاب يايمىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق كىشى ياپونىيىنى «كىتاب - ژۇرنال دۆلىتى» دەپ تەرىپلىشىدىكەن، ياپونىيىدىكى 4000 دىن ئارتۇق نەشرىيات ھەر يىلى 30 نەچچە مىڭ خىلدىن ئارتۇق كىتاب نەشر قىلىدىكەن، ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 خىلدىن ئارتۇق كىتاب نەشر قىلىنىدىكەن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىتابلار دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن، 4000 ئادەمگە بىردىن كىتابخانا توغرا كېلىدىكەن. بىر توكيو شەھىرىدىلا 100 دىن ئارتۇق كىتابخانا بار ئىكەن، ياپونىيە دۇنيا بويىچە گېزىت-ژۇرنال ئوقۇيدىغانلار ئەڭ كۆپ دۆلەت ئىكەن. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىيالىغا قارىغاندا، ھەر 1000 ئادەم ھەر كۈنى 584 نۇسخا گېزىت سېتىۋالىدىكەن، ئايلىق، ھەپتىلىك ژۇرناللار 4000 خىلدىن ئاشىدىكەن، ھەر يىلى 200 خىلدىن 400 خىلغىچە ژۇرنال يېڭىدىن نەشر قىلىنىدىكەن، ياپونىيىلىكلەر قەدىمدىن تارتىپلا «بىلىم ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دەپ قارايدىكەن.

ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى كىشىلەرمۇ كىتاب، گېزىت - ژۇرنال ئوقۇشتا بىزدىن ئالدىدا تۇرىدىكەن. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بىر گېزىتخانا بىرنەچچە خىل بالا گېزىت چىقىرىدۇ. تىراژىمۇ نەچچە ئون مىڭدىن نەچچە 100 مىڭغا يېتىدۇ. تاڭ سەھەردە ھەممىدىن بۇرۇن ئويغۇنىدىغانلار گېزىت تارقاتقۇچىلار بولۇپ، ئەتىگەن سائەت 3 لەردىلا (شىنجاڭ ۋاقتى) گېزىت - ژۇرنال باسقان ئاپتوموبىل، ئۈچ چاقلىق ھارۋا، ۋېلسىپىتلەر بىر - بىرىدىن يول تالاشقان ھالدا پوچتىخانا دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېلىدىكەن، گېزىت تارقاتقۇچىلار تەرەپ - تەرەپكە يول ئېلىپ شەھەر خەلقىنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ گېزىت تارقىتىشقا باشلايدىكەن، گېزىت ھەممىدىن بۇرۇن تاكسى شوپۇرلىرىنىڭ قولىغا چىقىدىكەن، باشقا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشقا چىقىپ بولغۇچە گېزىت ئىشخانىلارغا كىرىپ بولىدىكەن، ھەممە كىشى گېزىت - ژۇرنال ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىكەن.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، نۆۋەتتە دۇنيا تەرەققىياتىدىمۇ ئىسرائىلىيە بىلەن ياپونىيە دۇنيا سانائەت تەرەققىياتىدا خېلى ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلمەكتە، ئىچكىرى ئۆلكىلەرمۇ بىزدىن ئالدىدا ماڭماقتا. بۇنىڭدىكى سىر باشقا ئەمەس، مۇھىمى ھەممە كىشىنىڭ بىلىمگە، پەن - تېخنىكىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنتىلگەنلىكىدە، بىلىمگە، ھۈنەر - تېخنىكىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدە.

يەھۇدىيلار دۇنيا كەشپىيات ساھەسىدىمۇ ھەممىدىن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئەگەر يەھۇدىيلارنىڭ كەشپىياتلىرى بولمىغان بولسا، دۇنيا تەرەققىياتى بەلكى نەچچە 10 يىل، ھەتتا 100 نەچچە يىل ئارقىدا قالغان بولاتتى. بىز يەھۇدىيلار، ياپونلار، ھەتتا دېڭىز بويلىرىدىكى رايون خەلقلىرى بىلەن ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرۇشتىن خىجىل بولىمىز. بىزنىڭ قىسمەن ياشلىرىمىز مەيلى ئوتتۇرا مەكتەپ، مەيلى ئالىي مەكتەپ بولسۇن، ئوقۇش پۈتكۈزسىلا «مەن ساۋاتلىق»، بىلىمىم يېتەرلىك بولدى، دەپ قارايدۇ، ياپونىيە ياشلىرى «مەكتەپ پۈتكۈزگەنلىك بىلىم ئېلىشنىڭ تاماملانغانلىقى ئەمەس» دەپ قارايد-

كەن. كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇشنى بىلىم ئېلىشنىڭ، بىلىم تولۇقلاشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى دەپ قارايدىكەن، ئۇلار ئىش ئورۇنلىرىدىمۇ ئۆزلىرىنى بىلىملىك زىيالىي سانىمايدىكەن. پراكتىكا جەريانىدا ھەر جەھەتتىن تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىنى ئادەتتىكى خادىم دەپ ھېسابلايدىكەن، يەنە تولۇق ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا قاتنىشىپ، ھەر خىل كىتاب ـ ژۇرناللاردىن كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئاندىن خىزمەتتە ئۇتۇق قازانغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئىش ـ خىزمەت ئورنى «تۆمۈر تاۋاق» قا ياكى ئىش ھەققى بېرىدىغان بىرەر ئورۇنغا ئىشقا ئورۇنلىشىۋالسىلا، «نان» غا ئېرىشتىم دەپ بەخىرامان يۈرىدۇ. بىلىمنى كۆپەيتىمەي، «نان» نى تېخىمۇ پۇتۇنرەك، تاتلىقراق، قۇۋۋەتلىكرەك يەي دەپ يېڭى بىلىملەرنى، يېڭى تېخنىكىلارنى ئۆگىنىشكە بەك بېرىلىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئىش ئورنىدىن قېلىش»، «شاللىنىپ كېتىش»، «قىستىلىپ يۈرۈپ ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ قېلىش» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىز خەقنىڭ بېشىغا كېلىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئاددىيلا، يەنى ھارماي ئۆگىنىش، قانائەتلەنمەي ئىزدىنىش روھىنىڭ كەملىكىدىن، پەن ـ مەدەنىيەت، تېخنىكا ئۆگىنىشكە سەل قارىغانلىقىمىزدىن بولغان، بۇ قائىدە قىسمەن ياشلىرىمىزغا ۋە باشقا كىشىلەرگىلا ماس كېلىپلا قالماي، دېھقانلارغىمۇ ماس كېلىدۇ. دېھقانلارمۇ «ئاتام ئېيتقان بايىقى» دېگەندەك بىر خىل ئىشنى قىلىۋەرسە، زىرائەتتىن، بىر خىل مېۋە سورتىدىن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە قارىماي پايدىلىنىۋەرسە، باي بولالمايدىغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. ئاز ـ تولا بىلىم سەۋىيىسى، «دىتى- پەمى» بار دېھقانلار بىلەن «قارا قورساق» دېھقاننىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى، ئەمگەك كىرىمى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر- بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، بۇنىمۇ ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان. ھەرقانداق ئىشتا بىلىم، سەۋىيە، تېخنىكا، تەجرىبە دېگەنلەر ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. بىلىم كۆپرەك، تېخنىكا ـ سەۋىيىسى يۇقىرىراق بولسا، ئىش سۈپىتى

ئەلا، ئىش ئۇنۇمى يۇقىرى، تەلەپكە لايىق بولىدۇ. ئەكسىچە بولسا سۈپىتى ناچار، ئۇنۇمى تۆۋەن، تەلەپكە يەتمەيدۇ. شۇڭا، ھەر ئىشنىڭ «پىركاملىلى»، «ئەللامە» لىرى بولۇشى كېرەك. زامانىمىزدىكى «ئەللامە» لەر قانچە كۆپەيسە، پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىمىز قانچە يۇقىرى بولسا، تەرەققىياتىمىز، بەخت - سائادىتىمىز شۇنچە كامال تاپىدۇ. ئالىملار خەلقىنىڭ ئىپتىخارى، دۆلەتنىڭ بايلىقى، شۇڭا يۇرت «ئەللامە» لىرىنى، ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ «ئەللامە» لىرىنى، ئالىملىرىنى قەدىرلىشىمىز، ئاسرىشىمىز، ھۆرمەتلىشىمىز لازىم، ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان، ئەمەل - مەنسەپ تەختىدىكىلەرمۇ كەسىپ ئەھلى، بىلىملىكلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشقا قويۇشى، ھەرگىزمۇ «تۆمۈرچى» نى «ياغاچچى» ئورنىدا، ئىشىك باقارنى «تېخنىكا خادىمى» قىلىپ ئىشلەتمەسلىكى لازىم. كونىلار ئېيتقاندەك: «ئىلىم قەدىرلەنسە، ئالىم قەدىرلىنىدۇ»، ئالىم قەدىرلەنسە، «ئەللامە» لىرىمىز كۆپىيىدۇ. بىرقانچە 10 يىل جاپالىق تىرىشساق، بىزنىڭ «ئەللامە» لىرىمىزمۇ يەھۇدىيلار، ياپونلاردىن قېلىشمىغۇدەك، ئۇلارغا پەن - تېخنىكىدا جەڭ ئېلان قىلغۇدەك قۇدرەتكە ئىگە بولالىشىمىزدا گەپ يوق.

# «تونۇيدىغان كۆز بولسا يىلقىدا تۇلپار كۆپ»

بۇرادەرلەر بىلەن بىللە بولغان ھەر خىل سورۇنلاردا سۆھبەتداشلىرىمىزنىڭ خىلمۇخىل قىزىق پاراڭلىرى، يېڭى ئۇچۇر، يېڭى ھېكايىلىرى، ئاجايىپ ھېكمەتلىرى قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. شۇلاردىن قۇلىقىمغا بەكرەك ئورناپ قالغىنى «ھازىرقى رەھبەرلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى قولىدا دېپى بار، يانچۇقىدا نېپى بارلارنى ياخشى كۆرىدۇ، مۇبادا دېپى بىلەن نېپى بولمىسىمۇ، قۇلىقى بىلەن تىلى، بويىنى بىلەن بېلى ئەۋرىشىم بولسىلا ئۇلارنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ» دېيىشى ئىدى. ئويلىنىپ قارىسام، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭمۇ داۋلىسى باردەك قىلىدۇ.

سۆھبەتداشلىرىمىزنىڭ «دېپى بارلار» دېگىنى باشلىقلارنى تەبەسسۇم، كۈلكە جىلۋىلىرى بىلەن ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان، يالغاندىن ماختاپ كۆككە ئۇچۇرىدىغان، ھەممىلا جايدا خۇددى پېرىخونلاردەك داپ چېلىپ، جىننى ئۇسۇلغا سېلىپ كىشىلەرنى رام قىلىپ، باشلىقلارغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، ئۇلارنى «ئىلاھ» قا ئايلاندۇرۇپ بۇتقا چوقۇنغاندەك تەزىم قىلىپ تۇرىدىغانلارنى، ئۇلارنى پەردازلايدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

«نېپى بارلار» دېگىنى ھەر كۈنى دېمىگەندىمۇ، ھەپتە - ئون كۈندە باشلىقلارنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ، ئۇلارنى بورداپ سەم-

ـرىتىدىغان، ھەر خىل پۇرسەت، ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، «سوۋغا-سالام» تاشلاپ تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىغا «ھېيتلىق» بېرىپ گوللايدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. باشلىقلارنىڭ بەزىلىرى يۇقىرىدىكى كىشىلەرنىڭ قولىدىن ئانچە چوڭ ئىش كەلمىسىمۇ، ھەتتا بىر كىشىلىك خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالمىسىمۇ، ئۇنداقلارنى يەنىلا ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلارنى ھەرقانچە بىلىم-قابىلىيىتى بولسىمۇ، ئۇلارنى مەنسىتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ زامانىۋىلاشتۇ-رۇش قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلغان ئەجرىنى قەدىرلىمەيدۇ. بۇ ياخشى بولمىغىنى.

«قولىقى بىلەن تىلى، بوينى بىلەن بېلى ئەۋرىشىم» دېگىنى باشلىقلار نېمە دېسە لەببەي دەيدىغان، ئۇزۇن ئەمەس دېسە، ھەئە، قىسقا ئەمەس دەيدىغان، دوپپىسى يوق دېسە، بېشى يوق دەيدىغان، بوينى بىلەن بېلى دائىم ئىگىلىپ تۇرىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقىلار ئەمەلىي تۇرمۇشتا، ھازىرقى دەۋردە مەۋجۇت بولۇ-ۋاتقان كىشىلەر ۋە ئىشلار بولۇپ، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ تىپلىرى كىنو - تىياتىرلاردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «غەربكە ساياھەت» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى جۇباجى قولىقى يۇمشاق ئاشۇ خىل كىشىلەرنىڭ تىپى بولۇپ، ئۇ گەرچە ئۆزىنى ئىقتىدارلىق چاغلىسى-مۇ، لېكىن تاڭ سىڭنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇنى قۇتۇلـدۇرۇۋا-لالـمايدۇ، تاڭ سىڭ سۇن ۋۇكۇڭدىن رەنجىپ قالغاندا، جۇباجى سۇن ۋۇكۇڭنى چۆكۈرۈپ، ئۆزىنى ماختاپ: «ئۇستاز! سۇن ۋۇكۇڭ ئىقتىدارلىق بولغىنى بىلەن ماڭا ئوخشاش قولىقى يۇمشاق ئەمەس، ئۇ نورغۇن خاتالىق ئۆتكۈزگەن، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىشەنگىنىڭىزدىن ماڭا ئىشەنگىنىڭىز تۈزۈك» دەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بەزى باشلىقلارنىڭ جۇباجىدەك كىشىلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ ۋە ئىشىنىپ زىيان تارتقان ئەھۋاللىرى ئاز ئەمەس. لېكىن، تۇرمۇشتىكى جۇباجىلار تىياتىردىكى جۇباجىغا قارىغاندا خېلىلا ئەقىللىق بولۇپ، ئۇلار باش-لىقلارغا ياخشى كۆرۈنۈشكە، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشكە ماھىر.

ئۇلار ئاغزىنى يۇمشاق، قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ يۇرۇپ، باشلىقلارغا ياخشىچاق بولۇۋالىدۇ ھەم ئىشەنچىگە ئېرىشىۋالىدۇ. ئېغىر ۋەزىپە، مۇشكۇل، قىيىن ئىشلارنى زىممىسىگە ئالالايدىغان سۇن ۋۇكۇڭغا ئوخشاش ئەزىمەتلەر چەتتە قېپقالىدۇ.

ئەقىللىق باشلىقلار ئادەم ئىشلىتىشتە، جەزمەت ئىقتىدارسىز، قۇلىقى يۇمشاق كىشىلەرنى ئەمەس، غەيرەت - شىجائەتكە، ئىشەنچ-ئېتىقادقا، ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولغان، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇ-رۇش» جەريانىدا ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالالايدىغان ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشى لازىم. بۇ نۇقتا پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ئەخلاقلىق ھەم ئىقتىدارلىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان كىشىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش لازىم، دېگەن مىزانىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئارىمىزدا ئىقتىدارى بار، بىلىمى يۇقىرى، ئىنقىلابىي روھى ئۇخچۇپ تۇرىدىغان، باشقۇرۇش، تەشكىللەش، ئۇيۇشتۇرۇش ماھارى-تى بار نۇرغۇن ياش يولداشلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قىسمەن يولداشلارنىڭ ئانچە - مۇنچە نۇقسانلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر يۈكنى بىمالال ئۈستىگە ئالالايدۇ. شۇڭا، بىز بۈگۈنكى كۈندە ئەنە شۇنداق يولداشلارنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشقا شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم.

# زىمىستان قىش رەھبەرلەرگە كۆز تىكىدۇ

ھەرقايسى ئورۇن، جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، كا-
دىرلاردىن بەزىلىرىڭلار مۇشۇ قىش - زىمىستان كۈنلىرىدە ئېھتىمال
پارلىق ياكى مەشلىك ئىسسىق ئۆيلەردە چاپان - چاراڭلارنى سېلىۋې-
تىپ ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىۋاتقانسىلەر. بەزىلىرىڭلار ئېھتىمال
ئاساسىي قاتلاملاردا، ئېتىز - داللاردا، زاۋۇت - كارخانا سېخلىرىدا
ئامما بىلەن بىللە جاپا چېكىپ ئىشلەۋاتقانسىلەر، قانداقلا بولسۇن،
ئوخشىمىغان جاي، ئوخشىمىغان شارائىت ئاستىدا ھەرخىل خىزمەت،
ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندىمىز. خىزمەت، ئىشلەپ-
چىقىرىش ئىشلىرىنى يۇرۇشلەشتۈرۈش ئەلۋەتتە قىلىشقا تېگىشلىك
ئىشىمىز.

بىراق، سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ
ئاممىنىڭ تۇرمۇش ئىشى. بىز مۇشۇ قىش - زىمىستان پەسلىدە
ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم. سىز مۇبادا
بىرەر ئىدارە (زاۋۇت - كارخانا) نىڭ مەسئۇلى بولۇپ تۇرۇۋاتقان
بولسىڭىز، تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئائىلە - ئىشخانىلارنىڭ پارلىرى ئىس-
سىۋاتامدۇ - يوق؟ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىچىدىغان سۈيى راۋان-
مۇ - يوق؟ قالايدىغان ئوتۇن - كۆمۈرلىرى يېتەرلىكمۇ - يوق؟
دېگەنلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشىڭىز لازىم. ئەگەر سىز ناھىيە، يېزا،

كەنت ـ مەھەللە باشلىقى بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىڭىز، يېزا، كەنت، مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، دېھقانلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى يېتەرلىكمۇ. يوق؟ يىرىك ئاشلىقلىرىنى ئۇن قىلالىدىمۇ ـ يوق؟ كىيىم ـ كېچەك. لىرى تولۇقمۇ ـ يوق؟ قالايدىغان ئوتۇن ـ كۆمۈرلىرى بارمۇ. يوق؟ دېگەنلەرنى بىۋاستە تەكشۈرۈپ كۆزدىن كۆچۈرۈشىڭىز، ئەھۋال ئە. گىلىشىڭىز، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، «بەشتە كاپالەتلەنگۈچى» ئائىلىلەرنى تېخىمۇ بەكرەك يوقلىشىڭىز، ئەگەر قىيىنچىلىقتا قالغان. لار بولسا، قىيىنچىلىقىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىشىڭىز، ھېچ. بولمىسا، ئاممىنى ئاشۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشىڭىز لازىم. كارخانا، بولۇپمۇ زىيان تارتىۋاتقان، ۋەيران بول. غان كارخانا رەھبىرى ياكى شۇ ساھەگە مەسئۇل خادىم بولغان بولسى. ڭىز، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تۇرمۇشىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىنى قانداق ھەل قىلىش يولىدا ئىز. دىنىپ كۆرۈشىڭىز لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى ئورۇنلاردىن پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر. نىڭمۇ تۇرمۇشىنى ئويلاشقىمۇ سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. قىسقىسى جايلار، تارماقلاردىكى رەھبىري كادىرلار بۇ ئىشلارغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقى لازىم.

ھازىر خېلى كۆپ ساندىكى ئورگانلاردىكى رەھبىري كادىرلار ئاممىنىڭ تۇرمۇش ئىشىنى ئالاھىدە مۇھىم ئىشلار قاتارىدا تۇتۇپ ئىشلەپ، مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. بىراق، قىسمەن جايلاردىكى بەزى رەھبىري كادىرلار يىغىن ئاچسا، ئىشلارنى يېيىپدىن ـ يىڭنىسىگىچە ئورۇنلاش. تۇرىدۇ، لېكىن ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە گەپنى ئاز قىلىدۇ ياكى ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارمايدۇ، قول تىقىپ ئەمەلىي ئىشلارنى ھەل قىلمايدۇ. پەقەت «كالام ئىشلەپ بەرسە، ئوت يېمىسە، مېكىيىنىم تۇخۇم تۇغۇپ بەرسە، دان يېمىسە» دېگەندەك كەيپىياتتا بولىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. بۇ ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئىدىيىسىنىڭ

يۈزەلىكى، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئى-
دىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ يۈزەلىكى، «جان - دىل بى-
لەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» روھىنىڭ كەملىكىنى ئىپادىلەي-
دۇ، خالاس. بىز كادىر، رەھبىرىي كادىر بولغان ئىكەنمىز، ئاممى-
نىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئىشلىرىغىچە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز،
بولۇپمۇ، مانا شۇنداق قىش - زىمىستان كۈنلىرىدە تېخىمۇ بەكرەك
ئۇلارنى ئويلىشىمىز، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم.

# زېمىن كۈلۈمسىرىمەكتە

ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ يىراق چېگرا رايونىدىكى گۈزەل، گۆھەر دىيار — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ زېمىنى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ، سۆيۈندۈرىدۇ، ئۈمىدلەندۈرىدۇ، كىشىگە ئىشەنچ، ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. تارىختا «گۈزەل زېمىن» دەپ نام ئالغان قەدىمىي يۇرتنىڭ ئىلىپتەك تۈپتۈز كەتكەن بىپايان گۈزەل زېمىنى، بۇ زېمىندىكى تۈرلۈك زىرائەتلەر، خىلمۇخىل مېۋە - چېۋىلەر، گۈل - گىياھلار كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن ئالايلى، يەكەننىڭ داڭق چىقارغان قەغەز بادىمى؛ باغۇبوستانلىق گۈزەل قاغىلىق زېمىنى ۋە ئۇ يەردە ئۆستۈرۈلگەن ئانار، ياڭاقلار؛ پوسكامنىڭ ئاشلىق زىرائەتلىرى؛ يېڭىسارنىڭ «سەمەت ئۆرۈك» ى؛ كونىشەھەرنىڭ ئاق مۇناقى ئۈزۈمى، گىلاسلىرى؛ پەيزاۋات، يوپۇرغىلارنىڭ سەرخىل قوغۇنلىرى؛ مەكىت، مارالبېشىلارنىڭ كېۋەزلىرى؛ ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرلىرى؛ غۇلجىنىڭ ئالمىلىرى؛ كورلىنىڭ نەشپۈتلىرى؛ تۇرپاننىڭ كىشمىش ئۈزۈملىرى زېمىنىمىزنىڭ بىپايان، گۈزەل، مۇنبەت زېمىن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ زېمىننى مانا شۇنداق كۆكلىتىپ، ياشارتىپ تۇرغان ئېلى، تارىم، تۇمەن، قىزىل، يەكەن، گەز، شىخشۇ، خالاستان، گوساس، ۋەچە، مارياڭ، تاشقورغان دەريالىرى؛ شو كۆل، ئاناركۆل، شېكەركۆل، بەشبۇلاق، قۇمبۇلاق، قىرىقبۇلاق قاتارلىق كۆل - بۇلاق ۋە سۇ ئامبارلىرى گۈزەل زېمىنىمىزنىڭ قان تومۇرى بولۇپ، بۇ زېمىنغا ھاياتلىق بەخش ئېتىپ

تۇرىدۇ. ئەنە شۇ دەريا - بۇلاقلار بىلەن بۇ زېمىن تېخىمۇ گۈزەللە-
شىپ، باياشاتلىققا تولۇپ، خەلقنى مەمۇرچىلىق، ئاسايىشلىق بىلەن
خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىش شارائىتىگە ئىگە قىلغان. دېھقانلىرى-
مىز زېمىنىمىزنىڭ مانا شۇنداق خاسىيەتلىرىدىن سۆيۈنۈپ ۋە پەخىر-
لىنىپ، ئۇنىڭدىن بارلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇلۇغ
زېمىندىن تۈگىمەس بايلىق ئالماقتا؛ ئۇ بايلىقلار بىلەن تۇرمۇشىنى
گۈزەل، بەختلىك ئۆتكۈزمەكتە. ئەنە شۇ ئېتىزلىرى رەڭگارەڭ،
ھويلا - ئاراملىرى تال باراڭلىق، ئۆي - ئايۋانلىرى ھەشەمەتلىك
ئائىلىلەر ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىندۇر. بىراق، بۇ خاسى-
يەتلىك زېمىنىمىز ئەنە شۇنداق سەرخىل مەھسۇلات، سەرخىل مېۋە-
چېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ، چارۋا ماللارنى ئۆز قۇچىقىدا يايرىتىپ تۇرۇ-
ۋاتقان مۇشۇنداق ئۇلۇغ، جەننەت كەبى گۈزەل زېمىندا ياشاۋاتقان
بەزى كىشىلىرىمىز نېمىشقا باي بولۇپ، راۋاجلىنىپ، يەنىمۇ ئېگىز-
گە پەرۋاز قىلىپ ئۇچالمايدىغاندۇ؟ بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ كەمتۈك
تەرەپلىرىنى ئويلىسا، ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.
راست ئەمەسمۇ؟ خېلى بىر قىسىم زېمىن ئىگىلىرىمىز ھازىرمۇ ئۆز
ئىلكىدىكى «ئادەم تېرىسىمۇ ئۈنىدىغان» بۈيۈك زېمىندىن تولۇق
پايدىلىنالمايۋاتىدۇ، زېمىنغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ، زېمىننى
مەنسىتمەيۋاتىدۇ، ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيۋاتىدۇ، ئۇنى سۆيمەيۋاتىدۇ.
ئۇلار ئۆز ئەقىل - پاراستىنىڭ چولتىلىقىدىن، ساپاسىنىڭ، بازار
ئىگىلىكى قارىشىنىڭ، رىقابەت ئېڭىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن، ھۇرۇنلۇق،
«شۈكرى» چىلىك، قانائەتچانلىق ئىدىيىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن زامان-
غا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. ئۇلاردا جاسارەت، ئىشەنچ، ئۈمىد كەم بولۇۋا-
تىدۇ. «بەش ئەزايىمىز بېجىرىم تۇرۇقلۇق، نېمىشقا باشقىلاردىن
كېيىن قالىمىز؟ باشقىلار ھەر يەر، ھەر يەردىن يۇرتىمىزغا كېلىپ،
بىنەم يەرلەردىن پايدىلىنىپ، خاسىڭ، دادۇر، قوغۇن - تاۋۇز،
كۆكتات، كېۋەز قاتارلىقلارنى تېرىپ چوڭ نەپكە ئېرىشىۋاتىدۇ،
ئادەملىرىمىز بىزنىڭ قولىمىزنىڭمۇ پەنجىسى بەش تۇرۇقلۇق، ئۇلار

قىلالىغان ئىشنى بىز نېمىشقا قىلالمايمىز؟» دېگەنلەرنى چوڭقۇر ئويلىمايۋاتىدۇ. بۇ زېمىننىڭ تۇپرىقى، سۇيىدىن بەھرە ئېلىپ «قور-ساق بېقىۋاتقان» ئەنە شۇ قىسمەن كىشىلىرىمىز بۇ زېمىننىڭ خاسى-يەتلىرىنى چۈشەنمەي، يەرلىرىنى قاراپ تۇرۇپ ئاق تاشلىۋېتىۋاتى-دۇ، يەرلىرىگە ئوغۇت بەرمەيۋاتىدۇ، سۇغىرىپ ياشارتمايۋاتىدۇ. هويلا - ئاراملىرىدا گۈل - گىياھلارنى ئۆستۈرۈپ، راھەتلىنەي دېمەيۋاتىدۇ. زېمىن ئۇلارغا شۇنچە زور «نېمەت بېرىمەن» دەپ تەبەسسۇم قىلىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، ئۇلار بۇ تەبەسسۇمنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلمايۋاتىدۇ. بۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال بولۇپ، پۇر-سەت، تەبەسسۇمىغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىق!

ئەي زېمىن ئىگىلىرى، ئۇيقۇڭلارنى ئېچىڭلار! غەيرىتىڭلارنى ئۇرغۇتۇڭلار! ئەنە شۇنداق كېتىۋەرسەڭلار، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە تەق-دىرىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىماي قالمايسىلەر. يەر ئۇلۇغ، «يەر ئالتۇن قوزۇق» ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بازارغا كىرىڭلار، ئۇنىڭدىن پايدىلى-نىپ بازار ئىگىلەڭلار، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ جەننەت يارىتىڭلار، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئەلگە نەپ، شان - شەرەپ كەلتۈرۈڭلار، ئۆ-زۈڭلار ئۇچۇن بايلىق، بەخت يارىتىڭلار!

# ئىئانە ۋە جەرىمانە

جەمئىيەتكە ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن نەزەر سالىدىغان كىشىلەر جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ يېزا ـ كەنت، مەكتەپلەردە ئىئانە بىلەن جەرىمانىنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى ھەم ئۇنىڭ شەكلى، خاراكتېرى، قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماي قالمايدۇ.

ئىئانە بىرەر خاسىيەتلىك، ئەھمىيىتى زور بولغان ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلىپ، ئىقتىساد يېتىشمەي قالغاندا ئىختىيار قىلغان جامائەتتىن توپلىنىدىغان پۇل، ماددىي نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، خەلقئارا، مەملىكەت بويىچە ئېلىمىزدە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش (ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا ئوخشاش)، دۆلەتنىڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان مۇھىم ئەسلىھەلىرىنى قۇتقۇزۇش، ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ مەقبەرىسىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يوقىتىش خاراكتېرلىك ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلاردا ئاممىنى ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلسا، ئاممىمۇ زوررۇركەن دەپ ھېس قىلىدۇ، چىن دىلىدىن ياردەم بېرىدۇ. بۇ خىل ئىشلارغا پۇل ئىئانە قىلىشتا ھېچكىممۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايدۇ. كەلكۈن، يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئورۇنلارغا ھەممە كىشىنىڭ بەس ـ بەستە پۇل ئىئانە قىلىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ خىل ئىشلارغا ئىئانە توپلىسا ئورۇنلۇق بولىدۇ، كىشىلەرگىمۇ ئېغىر

تۇيۇلمايدۇ، كىشىلەر تاپقىنىنى، بارلىقىنى ئاتا قىلىدۇ.

لېكىن، ھازىر ئىئانىنىڭ بارغانسېرى قىممىتى چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئىختىيارلىق بىلەن بولىدىغان ئىش مەجبۇرىي ئاساستا بولىدىغان بولۇپ قالدى. مەسىلەن، بىرەر ئورۇن تەنھەرىكەت يىغىنى، بايرام پائالىيىتى، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزسىمۇ، مەدەنىيەت ئۆيى، كۆل، كۆۋرۈك ياساش، ھەتتا بىرەر ھاجەتخانا ياساشقىمۇ ئاممىنى پۇل ئىئانە قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرىدىغان، قىزىقى، «ئەمىسە مانچە پۇلدىن تاپشۇرىسەن» دەپ مەجبۇرلايدىغان بولۇۋالدى. پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ بەزى ئورگانلىرىدا، مەكتەپلەردە مائاشتىن تۇتۇۋالىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالدى. بۇنىڭغا كىشىلەر كۆڭلىدە ئېتىراز بىلدۇرگۇسى كەلسىمۇ، تېشىغا چىقىرالماي ئىچىدە غۇدۇرىماقتا. بۇ خىل مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان پۇل جۇغلاشنى قانداقمۇ ئىئانە دېگىلى بولسۇن! بۇنى ئىئانە دېگەندىن كۆرە سېلىق، مەجبۇرلاش ئارقىلىق «پۇل سىقىپ چىقىرىش» دېگەن تۇزۇكرەك. كەلسە - كەلمەس ئىشلارغا ئىئانە توپلايدىغان، سېلىق چېچىپ مەجبۇرلايدىغان ئىشلار ئەمدى يەنە داۋاملاشماسلىقى كېرەك. ئىئانىنىڭمۇ قەدىر - قىممىتى، ئېتىبارى بولغىنى، ئىئانە توپلاشقا تېگىشلىك چوڭ ئىشلار بولىدىكەن ئاممىنىڭمۇ رازىمەنلىك بىلەن كۆڭۈل - كۆكسىدىن چىقىرىپ پۇل ئىئانە قىلغىنى ياخشى.

جەرىمانە — خەلق سوت مەھكىمىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، باج، تاموژنا، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى تەرىپىدىن قانۇن، مەمۇرىي باشقۇرۇش نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلغان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان قانۇنىي ۋە مەمۇرىي جازانى كۆرسىتىدۇ. بىراق، ھازىر جەرىمانىنىڭمۇ دائىرىسى كېڭىيىپ، خاراكتېرى ئۆزگىرىپ، بارغانسېرى بىر ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. مەسىلەن، مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار كېچىكىپ كەلسە ياكى كەلمىسە، مەكتەپتىن بۇرۇن كېتىپ قالسا، ئوقۇغۇچىلار بىر - بىرى بىلەن جېدەللى-

شىپ قالسا، تاپشۇرۇق ئىشلىمىسە، دېھقانلار خالىسانە ئەمگەككە بارالمىسا ياكى كىچىكىپ بارسا، بۇرۇن كېتىپ قالسا، ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلمىسا، ھەتتا ئەمگەكنى تەشكىللىگۈچىلەر بىلەن زوكۇنلىشىپ قالسىمۇ جەرىمانە ئېلىپ مەسىلە ھەل قىلىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. ھەدېسىلا جەرىمانە قويۇشقا قىزىقىدىغان كىشىلەر جەرىمانىگە ئۇچرىغۇچى كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي دەرد ـ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كۆرۈشنى خالىمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى تىڭشىمايدۇ، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىل قىسىنچىلىقى ئېغىر، ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق قىلىنىپ، پۇل بولسا پۇل، پۇلى بولمىسا ئۆيىدىن پۇلغا يارايدىغان نەرسىلىرى ئېلىپ چىقىلىدۇ، جەرىمانىنى ۋاقتىدا تۆلىمىسىمۇ جەرىمانىنىڭ پىرسەنتى ئېشىپ، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىلىنىشىدۇ.

جەرىمانە مۇشۇ تەرىقىدە ئومۇملىشىپ كېتىۋەرسە، جەرىمانە تەربىيە، ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلسە، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. بىر تەرەپتىن جەرىمانىگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، جەرىمانە تۆلىگۈچىنىڭ جەرىمانە قويغۇچى ئورۇن، شەخسكە بولغان غەزىپى ئېشىپ، زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلار، دېھقانلار، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ قەلبىگە «پۇل ھەممىگە قادىر ئىكەن» دېگەن تامغا بېسىلىپ قالىدۇ ـ دە، سەۋەنلىك، گۇناھ سادىر قىلساق، كارايىتى چاغلىق ئىكەن، جەرىمانە تۆلىسەكلا، گۇناھ گەدىنىمىزدىن ساقىت بولىدىكەن، دەپ خاتالىق سادىر قىلىشتىن قورقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئاخىر جەرىمانە قويۇشقا خۇشتار كىشىلەر ھەدېسىلا جەرىمانە قويىدىغان قىلىقلارنىڭ دەردىنى تارتىپ قالىدۇ. جەرىمانە قويۇپ ئىشنى «كەسكىن» بىر تەرەپ قىلغاندىن كۆرە ماھىرلىق بىلەن تەربىيە بېرىش، سۆزى، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يېتەكلەشكە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيە ئورنىغا «جەرىمانە»نى دەسسىتىدىغان بۇ پاسسىپ چارىنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىۋەرمەسلىك لازىم.

# كىشىلەر «قىستۇرۇلما» بولۇۋالـ- دىغانلاردىن بىزار

كىشىلەر كىنو، تىياتىر، ئاپتوبۇس، پويىز بېلەتلىرى ۋە باشقا ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇرۇشقىنىدا، بەزى كىشىلەر تەپ تارتماستىن ئۆچىرەتنىڭ ئالدىنقى رىتىگىرەك قىستۇرۇلۇپ كىرىۋالىدۇ - دە، ئۆچىرەتنى قالايمىقان قىلىپ كىشى- لەرنى بىزار قىلىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىمۇ بۇنداق قىستى- لىپ يۈرۈپ، «قىستۇرۇلما» بولۇۋالىدىغان كىشىلەر ئاز ئەمەس. ئەنە شۇنداق بەزى كىشىلەر پەم ئىشلىتىپ، ئۇنداق ياكى مۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئىناق ئۆتۈۋاتقان دوستلار ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ كىرىۋالىدۇ - دە، ئۇياققا چېپىپ بېرىپ بۇنى يامانلاپ، بۇياققا چېپىپ كېلىپ ئۇنى يامان قىلىپ، يوقنى بار، بارنى يوق قىلىپ، ئارىغا زىددىيەت تېرىپ، ئىناق دوستلارنى بىر - بىرىدىن يىراقلاشتۇ- رىدۇ، ئىناق قوشنىلار ئارىسىغا «قىستۇرۇلۇپ» كىرىپ، قوشنىلار ئارىسىدا ئىناقسىزلىق، ھەتتا ئۇرۇش - جېدەل پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر يەنە باشلىق بولمىسىمۇ، باشلىقلار ئارىسىغا «قىستۇ- رۇلۇپ» كىرىپ، ئۇنى بۇنىڭغا، بۇنى ئۇنىڭغا دادلاپ بېرىپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، كاللا سوقۇشتۇرۇپ، بىر مەيدان «تىياتىر» نىڭ مەيدانىغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن قىز - يىگىتلەر ئارىسىغىمۇ قىستىلىپ كىرىپ، گۈلگە تىكەن،

بۇلبۇلغا قۇزغۇن بولۇپ ئارىنى بۇزىدۇ. ئەڭ قىزىقارلىقى زىياپەت سورۇنلىرىغا، دوستلار ئۇچرىشىش چېيىغا ئۇسۇپ كىرىۋېرىدۇ، ئۇ-لارنىڭ سوقۇ - سۆھبەتلىرىگە ھەمدەم بولۇۋالىدۇ، تائام - شارابلىرىغا داخىل بولۇۋالىدۇ، بەزىدە ئۆزلىرىچە گەپ تېشىپ، گەپ باشلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ سىر - ئەسرالىرىدىن خەۋەردار بولۇۋالىدۇ.

قىسمەن ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئادەملىرىمىز بۇ خىل ئادەملەر-نى دەسلىپىدە بايقاپ ئالالماي، «ماڭا يېقىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ، مېنىڭ كەتمىنىمنى چېپىۋاتىدۇ» دەپ قارايدۇ - دە، قارشى تەرەپكە بولغان توغرا قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۇستىدە باش قاتۇرۇشقا كىرىشىدۇ، ھېلىقى سۇخەنچى - دەللالنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئىش قىلىشقا باشلايدۇ، «قىستۇرۇلما» بولۇۋالغان سۇخەنچى ئۆزىنىڭ سېھىرگەرلىك ھۈنىرىنىڭ كارغا يارىغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۆز ھۈنىرىنى يەنىمۇ سېھىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. «سۇ-خەنچى، دەللال» دېگەنگە ئوخشاش «ئەمەل - مەنسەپ» كە ئېرىشكەن بۇ خىل ئادەملەرنى كىشىلەر زادىلا ياقتۇرمايدۇ، بەلكى نەپرەت بىلەن قارايدۇ. بىراق، ئايرىم كىشىلەر (بەزى رەھبىرىي خادىملارمۇ) ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلاردىن «كۆز - قۇلاق»، «ئاپشاركا» سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، كىشىلەرگە «تېرمو مېتىر» قويۇپ تۇرالايدۇ. ئۆزىدىن باشقىلارنى (قول ئاستىدىكىلەرنى) كۆزىتىپ، «ھاۋارايى» نى بىلىپ تۇرالايدۇ.

بۇ، كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان ناچار ئەخلاق بولۇپ، كىشىلەر بۇ خىل «قىستۇرما» لارنى بىر كۈن بولسىمۇ كۆزىدىن يىراقراق تۇرۇ-شىنى، ئارىسىدىن يوقىلىشنى ئۈمىد قىلىشىدۇ.

# كۆزىڭىز قىزارمىسۇن

بىلىشىمچە، كۆزى قىزىرىدىغان كىشىلەر بۇرۇنمۇ بولغان، بى- راق ئۇ چاغدا ئۇلار كىشىلەرنىڭ مال - دۇنياسىغا، ئوغۇل - قىزلى- رىغا كۆزى قىزراتتى. بۈگۈنكى دەۋردە بەزى كىشىلەرنىڭ كۆزى نۇرغۇن نەرسىلەرگە قىزىرىدىغان بولۇپ كەتتى. مەسىلەن، بىرەر كىشى ياخشى ئىشلەپ، نەتىجە ياراتسا «ئۇنىڭ قىلغىنى ئاددىيلا ئىش- قۇ، كىم قىلالمايدۇ؟» دەپ كۆزى قىزىرىدۇ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ بىلىم ئىگىلىسە، «ئۇنىڭ بىلگىنىنى كىم بىلمەيدۇ» دەپ كۆزى قىزىرىدۇ، تەدبىرلىك، ئەقىل - پاراسەتلىك، ئىسلاھاتقا جۈرئەتلىك كىشىلەرنى «ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ»، «ھوقۇققا ئېرىشمەن دەپ شۇنداق قىلىدۇ» دەپ كۆزى قىزىرىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيلىككە كۈچ چىقىرىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرسە، «چاكىنا، ئەخمەق» دېيىشىدۇ. يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى، قا- نۇن- تۈزۈمىنى تەكىتلىگەن كىشىلەرنى كۆرسە، «سوپى، مۆمىن»، «كالۋا، ئەقلى يوق…» دەپ بىلجىرلىشىدۇ، قىسقىسى ياخشى قى- لىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە كۆزى قىزىرىدۇ.

كۆزى قىزىرىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆزىنى قىزارتقان نەرسە باشقا نەرسە ئەمەس، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھەسەتخورلۇق، ئىچى يامانلىقنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ خىسلىتى تولىمۇ تۆۋەن بولۇپ، ۋەتەن، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ بەخت - سائەدەتكە ئېرىشىشىگە بەرھەم بېرىدۇ. بۇ خىل ناچار خىس-

لەتلىك كىشىلەر ئەلۋەتتە كۆز قىزىرىشنى داۋالايدىغان دورا - دەر-
مەكلەرنى ئىستېمال قىلىشى زۆرۈردەك تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ چىقىش-
قاق، سەمىمىي، پاك - دىيانەتلىك بولۇش، باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقى
ۋە كەمچىلىكىنى ئەپۇ قىلىش، ھەممە ئىشتا ئۆزىنى ئۆلچەم قىلىش-
تىن، ئۆزىنىڭ پىكرىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇشتىن ساقلى-
نىش، قىسقىسى ئۆزىگە تەلەپچان، باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇشقا
ئادەتلىنىش كېرەك.



# «سۆزنىڭ قايمىقى تەنقىد»

بەزى يىرىك تۈكلۈك ھايۋانلارنىڭ تۈكىنى يېتىشىغا تارىسىڭىز خۇشىيىقىپ، تارىغۇچىغا بارغانسېرى ئۆزىنى سۇۋاپ، ھەتتا ھۇزۇرلانغانلىقىدىن ئويناقشىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تۈكىنى تەتۈرىگە تارىسىڭىز دەرھال چىچاڭلاپ، تېپىپ، چىشلەيدۇ، قىسقىسى ھەر ئامال بىلەن ئۆزىنى سىزدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

ئادەملەر ئىچىدىمۇ خۇددى ئاشۇ خىل ھايۋانغا ئوخشىشىپراق كېتىدىغان كىشىلەر بار بولۇپ، ماختاپ، ئۇچۇرۇپ بەرسە كېرىلىپ كېتىدۇ، بارغانسېرى قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، ئارقىمۇئارقا «ھە... ھە...» دەپ يەنىمۇ كۆپرەك ماختاش، ھەمدۇسانا تەمە قىلىدۇ. ئەگەر قۇلىقىغا ياقمايدىغان گەپلەر قىلىنسا ياكى تەنقىد بېرىلسە، خۇددى بەزى قورقۇپ ئۈركۈپ كەتكەن ھايۋانلاردەك سەكرەپ كېتىدۇ. بۇنداق قىلمىش قىسمەن رەھبىرىي خادىملار ئىچىدىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئۇزاقتىن بېرى باشقىلارنى ئۆزى نېمە دېسە «خوپ» ياكى «لەببەي» دېيىشكە كۆندۈرۈۋالدى، يەنى ئۆزى «ئۇزۇن» دېسە، باشقىلارمۇ «ئۇزۇن» دېيىشى؛ «قىسقا» دېسە، باشقىلارمۇ «قىسقا» دېيىشى، ھېچبولمىغاندا ئۇزۇن ئەمەس، دېيىشكە مەجبۇر قىلىنىدىغان بولۇۋالدى. بۇ خۇددى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان «ۋۇ چوڭ ئانا دۇكان ئاچقاندا، ھېچكىمنىڭ بويى ھېچكىمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك» دەپ، ئۆز دۇكىنىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ بولۇشىنىمۇ، ئۆزىدىن ئېگىز بولۇپ قېلىشىنىمۇ يول قويمىغىنىغا

ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ، ئەگەر كىمكى ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلمىسا، كۆڭۈل رايىغا باقمىسا، بالانىڭ تاشقىنى شۇ. ئۇلار دەرھال «تەشكىل بىلەن بىردەك بولمىدى»، «رەھبەرلىككە بويسۇنمىدى» دېيىشىۋالىدۇ، ھەتتا «رەھبەرلىكنىڭ پىكرىنى رەت قىلدى» دەۋېلىشتىن ئۇيالمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرەر نۇقسان-ئەيىبىنى كوچىلاپ قويسىڭىز ياكى ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكنى تۇزىتىشكە دەۋەت قىلسىڭىز، ئۇ قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، «خەپ» دەيدۇ-دە، ئىچىدە غۇم ساقلايدۇ، ھومىيىپ يۈرىدۇ، پۇرسىتى كەلسە، باھانە تېپىپ سىزنى ئۇچۇقلايدۇ.

يۇقىرىقىلار جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ بۇلغانغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، پارتىيە ئىستىلىدا ساپ بولماسلىقنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىلىرىنىڭ بىرى.

كۆپچىلىككە ئايانكى، تەنقىد بىر خىل مەنىۋى كۈچ، ئۇ كىشىلەرنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش، ئەخلاق - پەزىلەت تەرەپلىرىدە ساقلانغان نۇقسان - ئەيىبلىرىنى خۇددى ئەينەكتەك روشەن كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇنى تۈزىتىشكە دەۋەت قىلىدۇ. ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسى، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئەڭگۈشتەرنى تاشلىۋەتمەسلىكى لازىم. بۇ ئەڭگۈشتەرنى قولدىن چىقىرىپ قويغانلار قايتا قولغا ئېلىپ نۇرلاندۇرغىنى تۈزۈك، تەنقىدنى كۆرسە سەكرەپ كېتىدىغان، يەنى ساغرىسىنى سىيلاتقۇزمايدىغان، «قولتىقىدىن تاۋۇزى چۈشۈپ كېتىش» تىن ئەنسىرەيدىغان رەھبىرىي خادىملار تەنقىد ۋە ئۆزئارا تەنقىدنى «شىپالىق دورا» بىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ تەنقىد، تەكلىپ پىكىرلىرىنى قارشى ئېلىشى لازىم.

# ئامىيوبا تىپىدىكى كىشىلەر توغرىسىدا

ئامىيوبا (بىيەنشىڭچۇڭ) ھەم تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈك، ھەم تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋان بولۇپ، سېسىق كۆلچەكلەردە ياشايدۇ، شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، تەرەققىي قىلسا ھايۋان بولالايدۇ، ھايۋان بولۇپ ياشاش شارائىتى بولمىسا، ئۆسۈملۈككە ئايلىنالايدۇ. ھازىرقى زامان ئادەملىرى ئارىسىدىمۇ ئامىيوبا خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈۋالغان كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ھەم تىكەن، ھەم گۈلگە ئايلىنالايدۇ، ھۇۋقۇش ھەم بۇلبۇلغا ئايلىنالايدۇ، گۈزەل قىزلارغىمۇ ئايلىنالايدۇ. ئۇلار كىشىلەر ئالدىدا گۈزەل قىزلاردەك جىلۋە قىلىپ، قىزىل گۈلدەك چىرايلىق ئېچىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلالايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئادەتتە كىشىلەرنىڭ ياش قۇرامى، جىنس ئالاھىدىلىكى، ئەمەل دەرىجىسى… قاتارلىقلارغا قاراپ كۆڭۈلنى ئۇتۇۋېلىش خۇسۇسىيىتىنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، «ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ»، ئىقتىدارى بولمىسىمۇ ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتەلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقالايدۇ، ھەتتا بەزى كىشىلەرنى يېتىلەپ يۈرۈپ «دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي كېلەلەيدۇ». بەزى كىشىلەرنى بۇلبۇل كەبى «ئادىل، سەمىمىي، پرىنسىپال، قولىدىن ئىش كېلىدۇ، بىلىم، تالانت ئىگىسى، كارامەت ئېسىل پەزىلەت نۇر چېچىپ تۇرىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش

چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ماختاپ، كۆك قەھرىدە پەرۋاز قىلدۇرالايدۇ، بىراق ئەتىسى ئۆزى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرغان ئاشۇ كىشىلەر بولمىغان سورۇنلاردا بولسا، ئۇ خۇددى بىر خىل تىكەنگە ئايلىنالايدۇ ۋەياكى قارغاشقا ماھىر شورتۇمشۇق ھۇۋقۇشنىڭ ئۆزىگىلا ئايلىنايدۇ-دە، تىكىنىنى سانجىشقا، ھۇۋقۇش بولۇپ قارغاشقا باشلايدۇ. ئالدىدىكى ماختاشنىڭ ئەكسىچە ئۇ كىشىنىڭ «ئەيىب» لىرىنى كوچىلايدۇ، قانداقتۇر «شەخسىيەتچى، بىلىمسىز، چاكىنا، ئىچى زەھەر، نىيىتى ئالا...» دېگەنگە ئوخشاش ئاھانەتلەرنى يامغۇردەك تۆكۈپ، ئۇ كىشىنى تەھتىساراغا كىرگۈزۈۋېتىدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، تىكەنلىرىنى بولۇشىغا سانجىپ، لەنىتى زۇۋانىدىن قارغىشلارنى ياغدۇرۇپ بولۇپ، يەنە ئەتىسىلا ياكى بىرقانچە كۈندىن كېيىنلا خۇددى ھېچنەرسىنى كۆرمىگەندەك ھەم دېمىگەندەك، ھەم قىزىلگۈلدىن تىكەنگە، بۇلبۇلدىن ھۇۋقۇشقا ئايلانمىغاندەك، ئاۋۋالقىدەكلا ئىگىلىپ تەزىم قىلىپ ھال - ئەھۋال سورايدۇ. «سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي»، «ئوغرى ئوغرىنى تۇت» دېگەندەك، ئۆز ئاغزىدىن تۆكۈلگەن يۇندىلارنى شاققىدە باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلگەن قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ- دە، بىگۇناھ كىشىلەرنى گۇناھكار قىلىپ، ئۆزى ياخشىچاق بولۇۋالىدۇ، ھەتتا بەزى كاتتىلارنىڭ «يېقىن ئادىمى» گە ئايلىنىپ يۈرۈۋېرىدۇ.

بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ماھارىتى ئەنە شۇنداق ئۈستۈن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ماھارىتى بىلەن خېلى كۆپ كىشىلەرنى ئۆزىگە «جامائەت» قىلىۋالىدۇ. قىسقىسى ئۇ كىشىلەر شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرەلەيدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىشچان پسىخىك ھالەتنى تەتقىق قىلماي ھەم ئۇنىڭ ئاشۇنداق سىرلىق نىقابلىرىنى يىرتىپ تاشلىماي بولمايدۇ.

# ئاسانلىقچە باش لىڭشىتمايدىغانلار

ئارىمىزدا ئاسانلىقچە باش لىڭشىتمايدىغان (ماقۇللۇق ئىشارىسى بىلدۈرمەيدىغان) باشقىلارمۇ بار بولۇپ، بۇلارنى كىشىلەر بوينى قاتتىق دېيىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بوينى ئانچە قاتتىق ئەمەس. بۇ خىل رەھبىرىي خادىملار بىرەرسىنى خىزمەتكە تەيىنلەشكە ياكى خىزمەت ئىلغارلىرىنى باھالاپ بېكىتىشكە توغرا كېلىپ، يىغىندا بىرەر كىشى بىرەرسىنىڭ ئىسمىنى ئوتتۇرىغا قويسا بېشىنى چايقايدۇ، يەنە بىر ئىسىم ئوتتۇرىغا قويۇلسا ئۇنىڭغىمۇ خۇشياقمىغان ھالدا «ئويلىشايلى» دەپ قويىدۇ، تاكى ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى كىشىنىڭ ئىسمى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھامان ئاندىن سۆزىنى ياكى يىغىننى خۇلاسىلەشكە تەرەددۇت قىلىدۇ. بىرەر مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كەلسىمۇ، تاكى باشقىلار باشلىقنىڭ مۇددىئاسىغا يېقىنلاشمىسا ياكى باشلىقنىڭ دىتىغا ياقىدىغان تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويمىسا، باشلىق يىغىننى قەستەن ئۇزۇنغا سوزۇۋېتىدۇ. باشقىلار ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقاندىلا، ئاندىن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتىدۇ.

ئاسانلىقچە باش لىڭشىتمايدىغان مۇنداق رەھبىرىي خادىملار باشقىلارنىڭ ئورۇنلۇق تەكلىپ - پىكىرلىرىنى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، بەزى يولداشلار «بىزنىڭ مىڭ ئېغىز سۆز قىلغىنىمىز بىلەن يەنىلا باشلىقنىڭ دىگىنى ھېساب، ئۇنىڭدىن كۆرە ئېغىز ئاچمىغىنىمىز تۈزۈك» دېيىشىدۇ. بەزى يولداشلار پىكىر - تەكلىپ

بەرگىنىگە پۇشايمان قىلىپ «نېمىشقىمۇ سۆزلىگەندىمەن» دېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مۇنداق رەھبىرىي خادىملار ھەتتا باشقا يولداشلارنىڭ ئوخشىمىغان پىكىردە بولغانلىقىغا باشقىچە قاراشتا بولىدۇ. باشقىلار-نىڭ كىچىككىنە نۇقسانلىرىنى ئۇزاققىچە ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، ھەر قېتىملىق يىغىندا قىستۇرۇپ تۇرىدۇ. باشقىلارنىڭ ئەيىب - قۇسۇر-لىرىنى تۈزەتكەنلىكىنى ياكى تۈزىتىدىغانلىقىغا تازا ئىشەنمەيدۇ. كەڭ ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا، يېڭى كۈچلەرنى سىزىشكە، ئۆستۈ-رۈشكە ماھىر ئەمەس، نەتىجىدە، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

كونىلار «ياخشى كۆكۈل باغ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. رەھبەر بولغان كىشى كۆكۈل - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇشى، كۆپچىلىك-نىڭ ئەركىن - ئازادە سۆزلىشىگە يول قويۇشى، ھەقىقەت تۇيغۇسىغا باي بولۇشى، كۆپچىلىكنىڭ پىكىرلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى توغرا نىيەت، ياخشى كۆكۈل بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ، ئەمەلىيەتكە، قائىدە - پرىنسىپلارغا ئۇيغۇن بولسا، شۇ بويىچە ئىش قىلغىنى ياخشى. باشقىلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرى خاتا، ھەتتا قوپال بولغان تەقدىردىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن قائىدە سۆزلەپ قايىل قىلىشى، قايىل بولمىسا قايىل بولغۇچە كۈتۈش لازىم. كۈتۈش، تەربىيە جەريا-نىمۇ بىر خىل ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مانا شۇنداق قىلغاندا كۆپچىلىكتە كۆكۈل ئازادىلىكىنى ياراتقىلى، يىغىن كەيپىياتىنى جانلاندۇرغىلى، توغرا پىكىرلەرنى گەۋدىلەندۈر-گىلى بولىدۇ. مانا بۇ دانالىقنىڭ ئىپادىسى.

# «شۇكۇر» دەپ ياشاۋەرمەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئالەمنى زىلزىلىگە سالغان نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھەممىگە ئايانكى، ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئېلىمىز ئاجايىپ زور بۇرۇلۇش ۋە گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ھەربىر كىشى، ھەربىر جاي ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىنى، ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، بېيىش يو- لىغا مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. راستىنى ئېيتقاندا، كىشىلەر ئىلگىرى مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ باقمىغانىدى. بۇگۈنكى ياخشى پۇرسەت، ياخشى ئىمكانىيەت- لەر ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى سۆيۈندۈرمەي قالمايدۇ.

بىراق، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خېلى بىر قى- سىم جايلار ۋە كىشىلىرىمىز، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان دېھقانلىرىمىز مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا كېتىۋاتقان جايلارنىڭ تەرەققىياتىغا زادىلا يېتىشىپ ماڭالمىدى، بەلكى ئۇلاردىن تولىمۇ ئارقىدا قالدى، بولۇپمۇ بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنغان، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش باشلىنىپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ھالەت تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. خېلى بىر قىسىم كادىرلىرىمىزنىڭ ۋە دېھقانلىرىمىزنىڭ تاۋار ئىگىلىكى ئېڭى يەنىلا ناھايىتى تۆۋەن ھالەتتە تۇرۇپ كەلمەكتە. ئىلگىرى جاپا تارت- سىمۇ، ھەرقانچە قىينالسىمۇ، ئۇن - تىنسىز ئىشلەپ كۆنگەن كىشى-

لىرىمىز بۇگۈنكى كۈندە بىرقانچە تۈياق چارۋا بېقىپ، ئۆششاق يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىرنەچچە مو يەرنى تېرىپ، باشقۇرۇش ئارقىلىق قورساق تويدۇرۇش، كىيىم ـ كېچەك-نى غەملىۋېلىشنى «قالتىس ئىش» دەپ قاراپ، شۇ كۈنگە «مىڭ شۈكۈر» دەپ قانائەتلىنىپ يۈرمەكتە. بۇ ئىلگىرى يەر تېرىپمۇ قور-ساق باقالمىغان يىللاردىكىدىن كۆپ ياخشى بولسىمۇ، بىراق دەۋرنىڭ تەلىپىدىن يەنىلا ناھايىتى يىراق. دېھقانلىرىمىز ھېلىمۇ ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، ھازىرقى تۇرمۇش ھالىتىنى يۇقىرى سەۋىيە، دەپ قاراۋاتىدۇ. ئەگەر بىز باشقا جايلاردى-كى كىشىلەرنىڭ ھال ـ كۈنى، ئىش ـ ئوقەتلىرى، تۇرمۇش سەۋىيە-سى بىلەن ئۆزىمىزنىڭكىنى سېلىشتۇرساق، پەرقىنىڭ ناھايىتى چوڭ-لۇقىنى ھېس قىلالايمىز. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى يەنىلا قالاق، ئىشلەپچىقى-رىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەردىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى ناھايىتى ئاجىز بولغاچقا، كىشىلەر يىل بويى تىنىم تاپماي ئىشلىگەندەك قىل-سىمۇ، تېرىغان يېرى كۆپ بولسىمۇ، مەھسۇلاتى ئاز، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپ، نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزۈل ـ كېسىل ئۆز-گەرتەلمىدى. بۇ ھالەت داۋاملىشىۋەرسە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىمىز قىيىنغا توختايدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سوتسىيالىزم نامرات كېتىۋېرىدىغان بولسا، پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ»، «نامراتلىقنى سوت-سىيالىزم دېگىلى بولمايدۇ» («دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللان-ما» Ⅲ توم 459 ـ بەت). دەرۋەقە شۇنداق. بۇنى دەۋر ئەمەلىيىتى ئۆزلۈكسىز ئىسپاتلىماقتا. ماركسىزمنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندى-مۇ، سوتسىيالىزم يۇقىرى ماددىي مەدەنىيەت يارىتىشى، ئىشلەپچىقى-رىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك. دېڭ شياۋ-

پىكىرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، سوتسىيالىزم نامراتلىقنى توگىتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، مەيلى كادىرلىرىمىز بولسۇن، مەيلى دېھقانلىرىمىز بولسۇن، ئالدى بىلەن ئىدىيىنى ھەقىقىي تۇردە ئازاد قىلىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كونا ئەنئەنىۋى قاراشلاردىن ئادا - جۇدا بولۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تەرەققىيات يولىغا مېڭىشى لازىم. بازار ئىگىلىكى تۇزۇلمىسىگە ئېغىزدا ئەمەس، ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ماسلىشىشى لازىم. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىۋېتىش قەدىمىگە تېزدىن يېتىشىپ مېڭىپ، ھەر كىم، ھەر جاي ئۆز ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن يېڭى تۇر، يېڭى ھۇنەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى كېرەك. ئالايلى، ھازىر بىر قىسىم كىشىلىرىمىز شۇكۇر دېگىنىچە ئۆز ئۆيى، ئۆز مەھەللىسىنى ئايلىنىپ يۇرگىنى بىلەن، ئىلگىرى قەدىمىي يىپەك يولىدا شانلىق مەنزىرە ئاچقان ئەجدادلىرىمىزنىڭ جاسارىتىگە ۋارىسلىق قىلغان دىيارىمىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرى ئاللىقاچان ئۇيقۇسىنى ئاچقان، ئۇلار خېلى بۇرۇنلا تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە، دېڭىز ياقىلىرىدا ئىش - ئوقەتلىرىنى روناق تاپتۇرۇۋاتىدۇ. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىنمۇ دېھقانلار، ئىشلەمچىلەر يۇرتىمىزغا كېلىپ يەر كۆتۇرە ئېلىپ، سەي - كۆكتات، قوغۇن-تاۋۇز تېرىپ ياكى كۇنلۇك، ئايلىق ئىشلەپ «پۇل سۇزۇپ» ، يانىنى توملاپ كېتىۋاتىدۇ. مىللىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەرچۇ؟ ئىشىك ئالدىدىلا ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق ماھارىتى، پۇل تېپىش كارامىتىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، كۆرمەسكە سېلىپ، بەخىرامان «ئاپتاپسىنىپ» ، لاغايلاپ يۇرۇشمەكتە. ئۇلار نېمىشقا «مېنىڭمۇ قولۇمنىڭ پەنجى بەش» ، ئۇلار قىلالىغان ئىشنى مەن نېمىشقا قىلالمايمەن، دەپ ئۆزىگە سوئال قويۇشمايدىغاندۇ؟

ھەممىگە مەلۇمكى، ئېلىمىزدىكى كۆپ ساندىكى جايلار ۋە بىر قىسىم كىشىلەر بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىپ، زامانغا لايىقلىشىپ، ئۆزلىرى بىلگەنچە «ئىش تەۋرىتىۋاتىدۇ» . دەۋر ئۆزگىرىۋاتقان، ھەممە كىشى ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنى ئۆستۇرۇشكە ئىنتىلىۋاتقان

بۇگۈنكى كۈندە، يەنىلا تۇنۇگۈنكى كۈنگە شۈكۈر قىلىپ يېتىۋەرسەك بولمايدۇ. بىز يەنىلا كۈتۈپ تۇرماسلىقىمىز، ھۇرۇنلۇق قىلماسلىقىمىز، يۆلىنىۋالماسلىقىمىز، ياخشى پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويماسلىقىمىز لازىم. كونىلار «مىڭ يىل ياشايدىغاندەك تىجارەت قىل، ئەتىگىچىلا ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. بۇنىڭ ئۈچۈن، جاپانى يېگىپ، تىرىشىپ ئىشلىشىمىز، ئەقىل - پاراسىتىمىزنى ئىشلىتىشىمىز، دىتىمىزنى ئىشقا سېلىشىمىز لازىم. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جېڭىگە زىچ ماسلىشىپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ھەم قىلچە بوشاڭلىق قىلماي، تىرىشىپ بايلىق يارىتىشىمىز لازىم. دېھقانچىلىق قىلالايدىغانلار دېھقانچىلىق بىلەن، سودا - تىجارەتكە ئېپى بارلار سودا بىلەن شۇغۇللىنىشى، قايسى ھۈنەر، ئىشقا ئېپىمىز بولسا شۇنى قىلىشىمىز، قايسى جايدا بېيىغىلى بولسا شۇ جايغا بېرىپ بېيىشىمىز، بېيىشنىڭ يولىنى تېپىشىمىز لازىم. جايلاردىكى كادىرلىرىمىزمۇ دەۋرنىڭ تەلىپى، زاماننىڭ يۆنىلىشىنى ئىگىلەپ، دېھقانلارنى ئوبدان يېتەكلىشى، ئۆزلىرى ئۈلگە كۆرسىتىشى، مۇھىمى شارائىت ياردىتىپ بېرىشى، ئۇلارنى ھەقىقىي قوللىشى، چىن نىيىتى بىلەن ياردەم بېرىشى لازىم. تەرەققىياتنى، توققۇزى تەل يېڭى تۇرمۇشنى ھۆججەت چۈشۈرۈش، شوئار توۋلاش، قۇرۇق گەپ، پو گەپ قىلىش بىلەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. خەلق نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايدىكەن، «ئۈمىچى يوق مازاردىن شەيخ قېچىپتۇ» دېگەندەك، خەلقىمىز سوتسىيالىزمدىن بىزار بولىدۇ. نامراتلىقنى تۈگىتىش سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ تەلىپى، خەلقنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، بۇ ئارزۇنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن، ھەممە كىشى ئورتاق تىرىشىش لازىم.

# «سەندىنمۇ قالىدۇ» غا لوقما

ئادەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا نېمىلەرنى كۆرمەيدۇ، نېمىلەرنى ئاڭلىمايدۇ دەيسىز. شۇ ئاڭلىغان گەپلىرىمنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ «سەندىنمۇ قالىدۇ» دېگەن قىسقا بىر جۇملە سۆزى دىققىتىمنى تارتتى.

بۇ سۆزنىڭ چىقىش مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈپ ۋە تەھلىل قىلىپ كۆرسەم، تەشكىلىي تۈزۈمنى، قانۇن - نىزامنى، خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەش تەلىپىنى قويغانلارغا ياكى «كالتە قوشۇقنىڭ سېپى» نى تۇتقانلارغا قارىتىپ ئېيتىلغان سۆز ئىكەن.

ئويلىنىپ قارىسام، «سەندىنمۇ قالىدۇ» دېگەن سۆزنىڭمۇ داۋلىسى باردەك قىلىدۇ، چۈنكى، ھايات چەكلىك بولىدۇ، ھېچكىم مەڭگۈ ياشىيالمايدۇ، مەيلى پادىشاھ، مەيلى دۆلەت ئەربابى، مەيلى ئۆلكە، ۋىلايەت ئەمەلدارلىرى بولسۇن، مەڭگۈ ھوقۇق تۇتۇپ تۇرۇشى، مەڭگۈ ئۆلمەي ياشىشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. تەخت، ھوقۇق دېگەنلەرمۇ ئۇلاردىن قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى باشقىلار، كونىلارنىڭ ئورنىنى يېڭىلار ئالىدۇ، بۇ بىر قانۇنىيەت.

يۇقىرىقىلاردىن ئايانكى، كىچىككىنە «كالتە قوشۇقنىڭ سېپى تەگكەن» لەردىنمۇ قالمايدىغان نېمە بار دەيسىز! بىراق، «كالتە قوشۇق» نىڭ سېپى تەگكەن ئىكەن، دۆلەتنىڭ ئىش ھەققىنى ئېلىۋاتقان ئىكەنمىز، ئاز - تولا ئىشلەش زۆرۈر بولسا كېرەك. ئىشلىگەن ئىكەن، كۆپ سانلىقلارنى خۇشال قىلىپ، ئاز بىر قىسىملارنى ئاز-

دۇر - كۆپتۇر نارازى قىلىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. مانا شۇ ئاز ساندىكى كىشىلەر ئاچچىقىغا پايلىماي ھېلىقى «سەندىنمۇ قالىدۇ» دېگەن گەپنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئاچچىقىنى چىقارغان بولسا كې- رەك. بۇ خىل كىشىلەر كۆيدۇرمەيدىغان، توڭدۇرمايدىغان، ئېچىش- تۇرمايدىغان، ئاغرىتمايدىغان، تەلەپمۇ - پەلەپمۇ قويمايدىغان، «سەن ياخشى، مەن ياخشى، تونۇر ياخشى نان ياخشى» دەپ ئۆتىدىغان مۇنەججىملەرنى ياخشى كۆرىدۇ، بەلكى بۇ خىل كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ماشايىقى، مەنىۋى داھىيسى قىلىۋېلىشتىنمۇ ھەرگىز يانمايدۇ. بى- راق، قولىدىن ياخشىلىقمۇ، ساۋابلىق ئىشمۇ ۋەياكى يامانلىقمۇ كەل- مەيدىغان كىشىلەر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، مۇقىملىق، تەرەققىيات ئۈچۈن بىرقەدەر چوڭراق، ئەھمىيەتلىكرەك ئىشلارنى قىلالىشىمۇ ناتايىن. «سەندىنمۇ قالىدۇ» دېگەن كىشىلەر ئۆزىنى باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەيدىغاندەك، باشقىلار ئۈچۈنلا ياشايدىغاندەك تۇيغۇدا گەپ قىلغان- دەك قىلىدۇ، دۇنيادا ئەقىل - پاراستى بىلەن ياشايدىغان كىشىلەر شۇنى بىلىدۇكى، ھەرقانداق كىشى قىسقىغىنە ئۆمرىدە ئۆزى قىلىۋات- قان ئىشتىن نەتىجە يارىتىشقا تىرىشىدۇ، «بۈگۈن نېمە ئىش قىلدىم، ئەتە نېمە ئىش قىلىمەن» دېگەنلەرنى ئويلىيالايدۇ، ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالايدۇ. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، ھېچقانداق شەيئىنىڭ مەۋجۇ- دىيەت زېمىنىدا مەڭگۇ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. مەڭگۈلۈك بولى- دىغىنى ئۆزى قىلغان ئىشتىن ھاسىل قىلغان نەتىجە، ئۆلسىمۇ نامى ئۆچمەيدىغان شان - شەرەپ. «سەندىنمۇ قالىدۇ» دېگۈچىلەر باشقىلار، باشلىقلار ئۈچۈن ئىشلەۋاتىمەن، دېگەن خۇنۇك ھېسسىيات، نادانلىق كەيپىياتىنى كۆڭلىدىن ساقىت قىلىۋېتىشى كېرەك. خۇددى مەرھۇم شائىر روزى ساھىت يازغاندەك:

ئەي ئادەملەر، بىز كېتىمىز، جاھان قالىدۇ،
ئەجرىمىزدىن «بۇغداي» ياكى «سامان» قالىدۇ.

ئىزىمىزدىن ئۈنسە رەيھان قەبرىمىز گۈلگۈن،
تىكەن چاچساق قارغىشلىق بىر جەريان قالىدۇ.

بىلىش كېرەككى، ئەمگەك قىممەت يارىتىدۇ، كىشىلەرنىڭ هايات پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسىمۇ قىممەت يارىتىدۇ، ئۆز ئەمگىكىدىن قىممەت يارىتالىغان ئادەم ئۈچۈن ئىقبالىنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق، ئەمما بۇ قىممەت پەقەت تىرىشچانلىق ئارقىلىقلا مەيدانغا كېلىدۇ…

ئاللا «سەندىنمۇ قالىدۇ» دەپ ۋايساپ كۈن ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەتتە يۇقىرى چوققىغا ئۆرلىشىگە كۈچ ئاتا قىل، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالمىسۇن!

# «چويۇن قۇلاق» كىشىلەر بىزنىڭ ئىچىمىزدا

ئادەتتە كىشىلەر گەپ ئاڭلىمايدىغان كىشىلەرنى «چويۇن قۇلاق» ياكى «ياغاچ قۇلاق»؛ تاپىلانغان گەپنى ئاڭلىسىمۇ، ئەستە تۇتمايدى- غان، ھەش - پەش دېگۈچە ئۇ گەپنى ئۇنتۇپ، ھاڭۋاقتىلارچە ئۆز ئىشىنى قىلىدىغان كىشىلەرنى «تۆشۈك قۇلاق» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ خىل ئاتاش مېنىڭچە دەل جايىدا ئېيتىلغان، ئىخچام ئىپادىلەنگەن سۆز بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر جەمئىيىتىمىزدە بىز بىلەن بىللە خىز- مەت قىلماقتا، بىللە ياشىماقتا، دېسەك يالغان ئېيتقان بولمايمىز.

ھازىر بەزى كىشىلەرگە تەنقىدىي گەپلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاسانلىقچە گەپ تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. مۇبادا ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىگە زىيان يېتىدىغان ئىش، يېغىرىغا تېگىدىغان تەنقىد خاراكتېرلىك سۆز بولسا، يامان گېپى قىلىنسا، دەرھال ئىنكاس قايتۇرىدىغان، جىددىي قارايدىغان؛ ئومۇمىيۈزلۈك چاقىرىق، تەشەببۇس خاراكتېرلىك گەپلەر بولسا، پىسەنتىگە ئېلىپ كەتمەيدى- غان؛ بىرەرسى ماختىسا، خۇشامەت قىلسا، مەنپەئەت يەتكۈزسە ياي- راپ كېتىدىغان، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا سەكرەپ كېتىدىغان روھىي ھالەت شەكىللىنىپ قالدى. بۇ خىل كىشىلەر ئاتاقلىق شائىر تېيىپ- جان ئېلىيوپ رۇبائىيسىدىكى:

«هاقارەت تۆھمىتى كەلسە ھەرقاچان،
ئۇنى قاراقچىدەك سىزسەن ھامان» .

دېگەن مىسرالىرىدىن تەلىم ئېلىپ،

«ماختاش تۆھمىتى كېلەر مېھماندەك،
ئۇ قاراقچىدىن مىڭ ھەسسە يامان» .

دېگەن مىسرالىرىدىن تەلىم ئالمىغان بولسا كېرەك. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ نۇقسانلىرىنى گەپ بىلەن بايان قىلغاندىن كۆرە، مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرگىنىمىز ياخشىراق. مەسىلەن، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش، چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەكىتلىنىۋاتقىنىغا ئۇزاق يىللار بولدى. لېكىن، «چويۇن قۇلاق» ، «تۆشۈك قۇلاق» كىشىلەر قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ ئاڭلىماسلىققا سېلىپ، چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، ئاستىرتتىن يەنىلا چىرىكلىشىش قىلمىشلىرىنى سادىر قىلىۋاتىدۇ.

ئاددىي - ساددا ياشاش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ئىسراپچىلىق - ھەشەمەتچىلىك قىلماسلىق تەكىتلىنىۋاتسا، ئاغزىدا، يىغىنلاردا «ھە - ھۇ» دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ھەدەپ ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق قىلىۋاتىدۇ؛ ئىشنىڭ ئېغىرىدىن قېچىپ، يېنىكىگە توغرىلىنىۋاتىدۇ؛ «ئاپتاپتىن قېچىپ، سايىغا يۈگۈرەۋاتىدۇ» ؛ دائىم ئۆزىنى ئاسراش كويىدا بولۇۋاتىدۇ. بەزىلەر ئۆيىگە قارىغاندا، رېستورانغا، ئىشرەتخانا، بەزمىخانا، قاۋاقخانىلارغا كۆپرەك قاتراۋاتىدۇ.

«ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا، بەزىلەر ئاغزىدا كۆپرەك سۆزلەيدۇ، شەكىلگە بولسىمۇ ئانچە - مۇنچە ئىشلارنى قىلىدۇ. بىراق، چىن كۆڭلى-

دىن بېرىلىپ قىلمايدۇ ياكى ئامىغا كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن كۆيۈنمەيدۇ؛ كىمگە، كىمنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى، دۆلەتنىڭ كەلگۈسىنى، ئامىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى، تەرەققىيات، مۇقىملىق دېگەنلەرنى چوڭقۇر ئويلاپ كەتمەيدۇ، بۇ جەھەتتە ئۆزىنى ئۇپرىتىپ يۈرمەيدۇ. ئىشقىلىپ، ئىقىمغا ئەگىشىپ قەدەم باسىدۇ. تېگىدىن ئالغاندا، «ئۆز مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىش» ئۇستىدە كۆپرەك باش قاتۇرىدۇ؛ ئۆزى، ئائىلىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن چوت سوقىدۇ، يېقىنلىرى ئۈچۈن ئۆپكىسىنى قاقىدۇ.

«دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش لازىم...» دېيىلسە، ئۇلار «ھە - ھۇ» بىلەن بەزى سېلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولىدىيۇ، يەنە بىر تەرەپتىن باشقىچە ئۇسۇل، باشقىچە شەكىللەر بىلەن سېلىقنى ئاشۇرۇپ بارىدۇ. بۇنداق ئىشلارنىڭ كۆپ قىسمى رەھبىرىي كادىرلار، مەسئۇل خادىملار جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇلار قانداق قىلغاندا دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى بېيىتقىلى بولىدىغانلىقى، ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئۇستىدە كۆپرەك باش قاتۇرۇپ، ئەمەلىي ئىش قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتىكى كىچىك، ئىنچىكە ئىشلاردىمۇ بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ «گەپ ئاڭلىماسلىق» خۇي - پەيلىنى چاندۇرۇپ قويىدۇ ياكى بىپەرۋا ھالەتتە يۈرۈۋېرىدۇ. بىرەرسى: «بۇ ئىشىڭىز بولماپتۇ» ، «ئۇنداق قىلماڭ...» دېسە، خۇشياقمىغان ھالەتتە، پاكىت ئالدىدا «ماقۇل» دېگەن بولىدۇ ياكى سەۋەنلىكى ئالدىدا مۇلايىملىشىپ، «موللا مۇشۇك» قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ. لېكىن، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، «بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي» دېگەندەك، نەسىھەت - تەربىيە قىلغۇچىلارنىڭ ئارقىسىدىن غاجايدۇ، تىللايدۇ، يامان گەپلەر بىلەن قارغايدۇ، ۋاھاكازالار...

چوڭ يىغىن، ئۆگىنىش سورۇنلىرىدا يىغىن باشقۇرغۇچى يىغىن

باشلىنىشتىن بۇرۇن «چاقىرغۇ، يانفونلارنى ئېتىۋېتىڭلار» دېسە، غىلىڭ قىلماي بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، يىغىن باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا چاقىرغۇ، يانفونلار تەرەپ - تەرەپتىن سايراپ كېتىدۇ، ھەتتا بەزىلەر تەپ تارتماي، كۆز - كۆز قىلغاندەك، گويا ئەتراپىدا ھېچ كىشى يوقتەك ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆزلىشىپ، قارشى تەرەپكە «يولىيو-رۇق» بېرىپ، «خىزمەت» تاپىلايدۇ، «ئىش» ئورۇنلاشتۇرىدۇ، يىغىن تەرتىپىنى بۇزغانلىقىدىن قىلچە خىجىل بولمايدۇ. بەزىلەر ئۆزى يىغىندا بولسىمۇ، كۆڭلى باشقا جايدا پالاز قاقىدۇ، بەزىلىرى بىر - بىرى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرىدۇ، بەزىلەر مۈگدەپ ئولتۇرى-دۇ، يىغىندا نېمە گەپلەر بولغانلىقىنى، قانداق ئىشلارنىڭ ئورۇنلاش-تۇرۇلغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، يىغىننى تۈگىتىپ قايتىدۇ. «يىغىنغا قاتناشتىڭىزمۇ» دېسە، «قاتناشتىم» دەپ ئۆتكەلدىن ئۆتىدۇ. تۆۋەن-دىكىلەرگە يىغىن روھىنى يەتكۈزۈش دېگەنلەر خىيالىغا كەلمەيدۇ. يەنە بەزىلەر «سائەت دەل مانچىدە يىغىنغا كېلىڭلار» ياكى «سائەت مانچىدە سورۇنغا ھازىر بولۇڭلار» دېيىلسە، بىرقانچە مىنۇت ئەمەس، بىرنەچچە سائەت كېچىكىپ كېلىپ، «سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دېۋالاي» دېگەندەك، «ئالدىراش ئىشىم چىقىپ قالدى» دەپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئالغانلىقىغا يۈزى قىزارمايدۇ.

گەپ ئاڭلىمايدىغان بۇنداق كىشىلەر يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەن-مەيدۇ؛ ھەرقايسى ساھەلەردە، مەسىلەن تىجارەتچىلەر، دېھقانلار، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدىمۇ بار. بۇلار ئىچىدىمۇ بەزىلەرنىڭ قىلغان گەپ قۇلىقىدىن «چۇشۇپ» قالى-دۇ، ئىجرا قىلمايدۇ، قۇلىقىنى يوپۇرۇۋالىدۇ، خۇپسەنلىك قىلى-دۇ، باغدىن توۋلىسا، تاغدىن سادا قايتۇرىدۇ، ئۆز مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان گەپلەرگە بەكرەك زەن قويىدۇ، مەنپەئىتىگە ئۇي-غۇن كەلمەيدىغان گەپلەر بولسا ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش-تا بۇنداق ئەھۋاللارنى ھەر ۋاقىت ئۇچراتقىلى بولىدۇ. گەپ ئاڭلىماي-دىغان، ئاڭلىسىمۇ قۇلىقىدىن «چۇشۇپ» قالىدىغان بۇ خىل كىشى-

لەر ئۆزلىرىنى زادىلا «ئەيىبكار» ھېسابلىمايدۇ، بەلكى «قېلىنلىقنىڭ دۆلىتى» ، ئىشنىڭ يولى، «ئېقىم بويىچە ئىش تۇتقان»لىق ھېسابلايدۇ. خەير، بۇمۇ ئۇلارنىڭ مەنتەقىسىدۇر دەيلى، لېكىن راستىنى ئېيتقاندا، بۇ خىل ئىللەتلەر شۇ خىل كىشىلەرنىڭ سىياسىي ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى، مەدەنىيەتسىزلىكى، نادانلىقى، ۋۇجۇدىدا ھەقىقىي ئادىمىيلىك روھىنىڭ يېتەرسىزلىكى، باشقىلارنى مەنسىتمەسلىكى، قانۇن - تۈزۈم، قائىدىلەرنى پىسەنتىگە ئالمىغانلىقى، ھەتتا پارتىيە - ھۆكۈمەتنىمۇ نەزەر - گۇزىرىگە ئالمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. كونىلار «مالسىزلىقتىن ئاڭسىزلىق يامان» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ئاشۇ خىل «چويۇن قۇلاق» ، «ياغاچ قۇلاق» ، «تۆشۈك قۇلاق»لار ئەلۋەتتە ئۆزىگە «مەن قانداق ئادەم، نېمە قىلىدىغان ئادەم؛ قەيەرنىڭ ئادىمى، قانداق سالاھىيەتلىك ئادەم، ئىشىم توغرىمۇ-خاتامۇ؟ مۇشۇنداق گەپ ئاڭلىماي كېتىۋەرسەم، دۆلەت، خەلققە قانچىلىك زىيان بولار؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى قويۇپ، ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈشى، قانۇن - نىزام، ئەخلاق - پەزىلەت بابلىرىدىن سۆزلىگەنلىرىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشى لازىم. شۇندىلا ئۇلار ئۆزلىرىنى ۋەتەن، خەلق مەنپەئەتىنى كۆڭلىگە پۈككەن ھەقىقىي پۇقرا، ھەقىقىي رەھبىرىي كادىر، ھەقىقىي ئىنسان ھېسابلىيالايدۇ.



# «قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە
# شۇ چىقىدۇ»

— باج خادىملىرىغا بىرنەچچە ئېغىز سۆز

يىللاردىن بۇيان، مىڭلىغان باج خادىملىرى شەھەر - بازار، زاۋۇت - كارخانا، يېزا - كەنتلەر ئارا قاتراپ يۈرۈپ، قانۇن بويىچە باج يىغىپ، دۆلەتكە بايلىق توپلاپ بېرىش يولىدا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا جاپالىق ئىشلىمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇ روھى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

بىراق، ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ ئىشلەشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئەقىل ئىشلىتىپ، باج مەنبەسىنى كۆپەيتىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەپ تېپىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، پىكىر قىلىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، قانداق قىلغاندا ئىشلەپچىقىرىش، سودا - تىجارەتنى يەنىمۇ يۈرۈشلەشتۈرۈپ، باج كىرىمىنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىش لازىم. يىللاردىن بۇيانقى ئېلىشنىلا بىلىپ، نەپ بېرىشنى بىلمەيدىغان كارخانا، شىركەت، شەخسلەرنىڭ ئىگىلىكى، تىجارىتىنىڭ روناق تاپقان - تاپمىغانلىقى، ئالغان پايدىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن كارى بولمايدىغان ئەنئەنىۋى باج يىغىش

ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش، سودا ـ تىجارەتنى را- ۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق باج كىرىمىنى كۆپەيتىدىغان ئىقتىسادىي باج كۆزقارىشىنى تىكلەش لازىم. بۇ خۇددى «توخۇنى ياخشى بېقىپ، تۇخۇمنى كۆپ ئېلىش» قا ئوخشاش. كارخانا ـ شىركەتلەرنىڭ ئىگىد- لىكى، شەخسلەرنىڭ تىجارىتى روناق تاپسا، باج كىرىمىمۇ كۆپىيە- دۇ. شۇڭا، باج خادىملىرى باج يىغىشتىن سىرتقى ئىشلارنىمۇ قو- شۇمچە ئىشلىشى، يەنى كارخانا، شىركەت، شەخسىي تىجارەتچىلەر ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تەرەققىيات، تىجارەت ئەھۋالىنى ئىگىلىشى، قايسى جەھەتتە قىيىنچىلىققا يولۇقۇۋاتقانلى- قىنى بىلىپ تۇرۇشى، ئۇلارنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا يار- دەم بېرىشى لازىم.

ھازىر بەزى كارخانا، شىركەتلەرنىڭ ئىگىلىكى، ئىشلەپچىقى- رىش ئەھۋالى تېز روناق تېپىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان بېجىمۇ يىلمۇيىل كۆپىيىۋاتىدۇ. يەككە، خۇسۇسىي تىجارەتچى، كار- خانىلارنىڭمۇ پايدىسى كۆپەيگەنسېرى تاپشۇرىدىغان بېجىمۇ كۆپ بول- ماقتا. بىراق، بەزى كارخانا، شىركەتلەرنىڭ مەبلىغى يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن، ئىگىلىكى روناق تاپالمايۋاتىدۇ. بەزى شەخسىي تىجارەت- چىلەر دەسمايە كەم بولۇش، مال مەنبەسى ئاز بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىگىلىكىنى جانلاندۇرالمايۋاتىدۇ. باج خادىملى- رى بۇنداق كارخانا، شىركەت، شەخسىي تىجارەتچىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ، ئۆزلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە تارماقلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ قويۇقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئىستىقبالى بار، روناق تېپىش ئىمكانىيىتى زور كارخانا، شەخسىيلەرگە مەبلەغ توپلاپ بېرىش، قەرز پۇل ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قىيىن ئۆتكەل- دىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىشى لازىم.

بۇ «ئاۋۋال يۆلەپ، ئاندىن ئېلىش» ئۇسۇلى بولۇپ، باج كىرد- مىنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چۈنكى، كونىلار «قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان. ئىقتىسادىي

ئاساسى ئاجىز كارخانا، شىركەتلەر، شەخسىي تىجارەتچىلەرگە بىر تەرەپتىن يۆلەپ، بىر تەرەپتىن ئىلىش، ھېچبولمىسا ئاۋۋال ئېلىپ، ئاندىن يۆلەش ئۇسۇلىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ. بۇ يۆلىمىگەندىن، كارى بولماسلىقتىن ياخشىراق. باج خادىملىرى كارخانا، شىركەتلەرنىڭ بىرنەچچە تۈر، بىرنەچچە خىل ئىشىغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۇلارغا ئەقىل كۆرسىتىدىغان «مەسلىھەتچى»، توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان «ۋاسىتىچى»، ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەشتە «خەۋەرچى»، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىدە «مەدەتكار» بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا، كارخانا، شىركەت، شەخسىيلەرنىڭ پايدىسى كۆپىيىدۇ. باج خادىملىرى ئەنە شۇنداق كارخانا، شىركەت، تىجارەتچىلەرنىڭ ئاۋۋال ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بەرسە، كارخانا، شىركەت، تىجارەتچىلەر ئۇلاردىن «سىرداش دوستىمىز كەلدى» دەپ خۇشال بولىدۇ. پىلان تۈزگەندە، يېڭى تۈرلەرنى يولغا قويغاندا، يېڭى تىجارەت يوللىرىنى ئاچقاندا ئۇلار باج خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز خادىملىرى قاتارىدا كۆرۈپ، ئۆزى قىلىۋاتقان، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى ئۇلارغا راستچىللىق بىلەن ئېيتىپ مەسلىھەت ئالىدۇ. ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلايدۇ. «باج يوشۇرىمەن، باج ئوغرىلايمەن» دەپ ئاۋارە بولۇپمۇ يۈرمەيدۇ. ئەگەر باج خادىملىرى كارخانا، شىركەت، شەخسىي تىجارەتچىلەرگە ياردەم بەرمەي، ئازغىنە كىرىم، پايدا مەنپەئەتنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپلا، پالاقلىشىپ بېرىپ باج تالونىنى چىقارغىلى تۇرسا، تىجارەتچىلەر ئۇلارنى «پۇل سۇپۇرگۈچىلەر كەلدى»، «تەييارغا ھەييار بولغۇچىلار كەلدى» دەپ نارازى بولۇشىدۇ ياكى ئالدى - ئارقىسىدا تىللاپ، ئۇلارنى يامان كۆرىدۇ. شۇڭا، باج خادىملىرى دۆلەت مالىيىسىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولغان باج كىرىمىنى كۆپەيتىمىز دەيدىكەن، مەيلى دۆلەت، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانا، شىركەتلەر بولسۇن، مەيلى خۇسۇسىي، يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تىجارەتچىلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ ئىگىلىكىنى روناق تاپتۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ، سەمىمىي خىزمەت قىلىشى لازىم.

# ئاق خالاتلىق «پەرىشتە» لەرنىڭ ئوبرازى خۇنۇكلەشمىسۇن

شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى تارقاتقان «بېتيونچە ياخشى دوختۇر — جاۋ شۆفاڭ (خەلقنىڭ ياخشى دوختۇرى) دېگەن نامغا ئېرىشتى» دېگەن خەۋەر بىلەن «خەلق گېزىتى» نىڭ «بېتيون روھىنى قايتا نامايان قىلايلى» دېگەن ئوبزورچى ماقالىسى «قەشقەر گېزىتى» نىڭ 1994 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىندى. خەۋەر ۋە ئوبزوردا، تەيخاڭشەن تېغى ئېتىكىدە — ئەينى يىللىرى دوختۇر بېتيون تۇرمۇش كۆچۈرگەن ۋە كۈرەش قىلغان جايدا «هايات بېتيون» دەپ نام ئالغان جاۋ شۆفاڭنىڭ 30 نەچچە يىل كامالەتكە يەتكەن دوختۇرلۇق تېخنىكىسى ئارقىلىق نەچچە ئون مىڭ ئاغرىقنى كېسەل ئازابىدىن خالاس قىلغانلىقى، 20 نەچچە مىڭ ئاغرىقنى داۋالاش جەريانىدا بىرەر قېتىممۇ سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىگەنلىكى، ئۆزى ئىككى خىل راك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يۈكسەك ئىرادىسى ئارقىلىق بىرقانچە قېتىملىق ئۆلۈم خەۋپى ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكى، ئۆزىنى شەخسىيەتسىز هالدا خەلق ئاممىسىغا بېغىشلاپ، كەسىپ ۋە كىشىلىك هاياتنىڭ يۈقىرى پەللىسىگە ئۆرلىگەنلىكى بايان قىلىنغان. جاۋ شۆفاڭ هازىرقى زامان تېببىي خادىملىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ.

شۇنى يوشۇرۇپ قېلىشقا بولمايدۇكى، هازىر بەزى ئاق خالاتلىق

«پەرىشتە» لەر كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالماقتا. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا پاكلىق ئەمەس، بەلكى داتلىشىشنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرماقتا. دوختۇخانىلاردا تاملارغا چىرايلىق قىلىپ «بىتيوندىن ئۆگىنەيلى»، «ئاغرىققا سەۋەب، ئۆلۈمگە ئامال قىلايلى...» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلار چاپلاپ قويۇلغان، تېببىي خادىملار ئاغزىدا ئاشۇ شوئارلارنى تەكرارلايدىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بىتيوندىن ئۆگەنمەيدىغان، ئاغرىقلارغا ھەقىقىي كۆيۈنۈپ سەۋەب قىلمايدىغان، ھەممىنى پۇل بىلەن ئۆلچەيدىغان بولۇۋالدى. پۇل بولمىسا ھەرقانچە جىددىي ئاغرىق بولسىمۇ، دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالدى. بەزى ئاغرىقلار پۇل تۆلەپ ياتاققا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنمۇ دوختۇرخانىلار كېسەل كىشىنىڭ قايسى يېرى ئاغرىسا، شۇ جاينى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىماي، قارىقويۇق ھەممە كىشىنى رېنتگېن، B تىپلىق ئاپپارات، CT ئاپپاراتى قاتارلىق تۈرلۈك ئۈسكۈنە - ئاپپاراتلارغا سېلىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، داۋالاشقا كىرىشمەي تۇرۇپلا ئاغرىقنىڭ نۇرغۇن پۇلىنى ئېلىپ بولىدىغان بولدى (بۇ، دوختۇرخانىلارنىڭ پۇل تېپىشنىڭ ياخشى بىر چارىسى بولسا كېرەك). داۋالاش باسقۇچىغا كەلگەندە، بەزى دوختۇرلار ئاغرىقنى دەرھال داۋالاشقا كىرىشمەي، شۇمشىيىپ تۇرۇۋالىدىغان، كېسەل ئازابىدىن نىمجان بولۇپ زارلانغان ئاغرىقلار ئامالسىز يانچۇق كولاپ دوختۇرلارنىڭ يانچۇقىغا «قىزىل بولاق» سېلىشقا مەجبۇر بولىدىغان بولۇپ قالدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بەزى ئوپېراتسىيە قىلىنىدىغان ئاغرىقلار ئوپېراتسىيە ئۈستىلىگە چىقىرىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ بىر قىسىم دوختۇرلار بىرنەرسە تەمە قىلىپ: «ئەتە ئوپېراتسىيە قىلىدىغان بولدۇق» ياكى «قان ئاز ئىكەن...»، «يۈرەكتە ئازراق چاتاق بار...» دېگەنگە ئوخشاش باھانە-سەۋەبلەرنى تېپىپ، ئاغرىقنى ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدىن چۈشۈرۈۋېتىشكە ئۈرۈنىدىغان، يانچۇققا «قىزىل بولاق» كىرسە، ئاندىن ئوپېراتسىيە پىچىقىنى قولىغا ئالىدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس ئىكەن.

دېمەك، ئاغرىقلار دوختۇرلارنىڭ «تاۋار»ىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، ئاغرىقلارغا، يۇقىرى ئىستېماللىق رېتسېپ يېزىپ، ئارىدىن شىرىن-كانە ئېلىش، دورا سېتىۋېلىشتا «سودا پاراخورلۇقى» بىلەن شۇغۇللىنىش، پۇلغا چوقۇنۇش تېببىي ساھەنىمۇ ئېغىر ھالدا بۇلغاشقا باشلىغان. شۇڭا، ھازىر كىشىلەر «كېسەل بولۇپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن» دېيىشىدىغان بولغان، روھىي دۇنياسىنى پۇلدىن ئىبارەت ئەرۋاھ ئىگىلىۋالغان قىسمەن دوختۇرلار ئاغرىقلارنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىمايدىغان بولۇۋالغان. گېزىتىمىزگە كەلگەن خەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بەزى دوختۇرخانىلار ئادەتتىكى تۇغۇت ياكى يېنىك كېسەللەرنىمۇ تۈزۈكرەك داۋالىمىغاچقا، ئۇلار بىئەجەل ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان. شۇنداق بولغاچقا، سان - ساناقسىز دېھقانلار، پۇلى ئاز بىچارە كىشىلەر دوختۇرخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان، داۋالىنىشقا ئىمكانىيەت تاپالماي، بۇ ئالەم بىلەن بالدۇرلا خوشلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار ئىكەن. بۇ ئىشلار چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك.

مېنىڭچە، بۇ ئىشلارنى تامامەن تۈزىتىشكە بولىدۇ. بارلىق تېببىي خادىملار ماۋزېدۇڭنىڭ «ئاغرىققا سەۋەب، ئۆلۈمگە ئامال قىلىش» دېگەن تەلىمىنى ئىشقا ئاشۇرسا، دوختۇرلار پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاغرىقلارغا بېغىشلىغان بېتيون، جاۋشۆفاڭ، ۋۇدۇڭيۇن ۋە ھەدىيە قاتارلىق ئېسىل خىسلەتكە ئىگە مۇنەۋۋەر دوختۇرلاردىن ھەقىقىي ئۆگەنسە، دوختۇرلۇق كەسپىي ئەخلاقىغا ھەقىقىي رىئايە قىلسا، ئاق خالاتلىق «پەرىشتە» دېگەن ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان ئىشنى تۈگەتسە، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەس ئەمەس.

# تېلېفوندا سۆزلەشكەندە سۆز ئىخچام، مەزمۇنلۇق بولسۇن

بىر كۈنى يېقىن بىر بۇرادىرىم ئىشخانىغا ئالدىراپ كىرىپ كەلدى، سالام - سەھەتتىن كېيىن جىددىي بىر ئىشنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە تېلېفون ئېلىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى. مەن تېلې- فوننى ئالدىغا ئېلىپ قويدۇم، بۇرادىرىم تېلېفون ئۇرۇپ ، ئۈرۈمچى- دىكى تونۇش كىشىسى بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىدى. ئالدى بىلەن جىددىي دېيىشىدىغان گەپلىرىنى دېيىشىپ بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ تىنچلىقىنى، ئائىلە، بالا - چاقىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە ئېغىز چاقچاق گەپ- لىرىنى ئېيتىشقىلىشقا ئۈلگۈردى، دەيدىغان گېپى تۈگىگەندەك قى- لىپ، «خەير - خوش» مۇ دېيىشتى. بىراق تېلېفوننى يەنە قويۇپ قويماي، جىددىي بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك، «ھە راست، ھېلىقى ××× نىڭ خىزمەت ئىشى قانداق بولدى» دېگەن سۆز بىلەن يەنە گەپ باشلىنىپ كەتتى، شۇ ئارىلىقتا بەش قېتىم «خەير - خوش، خۇداغا ئامانەت...» دېگەن سۆزلەر تەكرارلىنىپ بولدى. لېكىن، يەنە يۇقىرىقىدەك ئېسىگە كەلگەن ئىش، ئېسىگە كەلگەن ئاغىنە - بۇرادەر- لىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراش بىلەن بىرقانچە مىنۇت ۋاقىتنى ئۆتكۈز- دى. ئېھتىمال ئاخىرىدا دەيدىغانغا سۆز، سورايدىغانغا ئىشلىرى قال-

ىنغان چېغى، ھەجىيىپ تورۇپ گويا تېلېفون تورۇپكىسىنى قويۇپ قويۇشقا كۆزى قىيمىغان قىياپەتتە تورۇپكىنى ئاستا قويۇپ قويدى.

«بارىكاللا، تېلېفوندا سۆزلەشكەندە مانا شۇنداق سۆزلىشىش كېرەك ئىكەن ـ دە» ، دېدىم تەنە ئارىلاش. بىراق، بۇرادىرىم ۋىللىدە قىزارغاندەك بولدىيۇ، «ھېچ ۋەقەسى يوق…» دەپ گېپىنى خۇلاسە قىلدى. بىراق، شۇ چاغدا مېنىڭ كاللامدىمۇ بىر خۇلاسە ـ مۇشۇ ماقالىنىڭ ماۋزۇسى پەيدا بولۇپ بولغانىدى.

ھەممىگە ئايانكى، تېلېفون ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدە مۇھىم ئالا. قىلىشىش قورالى بولۇپ قالدى، كىشىلەر تېلېفون ئارقىلىق ھەر دائىم يېقىن ـ يىراق، ھەتتا مەشرىق بىلەن مەغرىپ ئارىلىقىدا خىز. مەت توغرۇلۇق سۆزلىشىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن دىدارلىشىپ، جىددىي گەپ سۆزلىرى بولسا دېيىشىدۇ، سودا. تىجارەت، ئىلىم ـ بېرىم ئىشلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرىدۇ. دېمەك، تېلېفون ھازىرقى زامان كىشىلىرى تۇرمۇشىدىكى مۇھىم بىر ئالاقە. لىشىش قورالى بولۇپ قالدى. بىراق، تېلېفوندا سۆزلەشكەندە ئاڭ. لىق، ئىلمىي بولۇش، ھەر جەھەتتىكى ئامىللارنى ئويلاش كېرەك. چۈنكى، سىز تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقاندا باشقىلارنىڭمۇ تېلېفون ئىش. لىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ، سىم يولىنى سىز ئۇزاققىچە ئىگىلەپ تۇرۇۋالسىڭىز، باشقىلارنىڭ تېلېفوندا سۆزلىشىشىگە تەسىر يېتىدۇ، شۇڭا، باشقىلارنىڭ سىرت بىلەن سۆزلىشىش، ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىنىڭ. رىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش ھەمدە سۆزلەشكەندە ۋاقىتنى تېجەپ، ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈش لازىم. بىراق، بەزى كىشىلەر مۇھىم ئىشى بولمىسىمۇ، ئىچى پۇشۇپ قالسىمۇ، ئۇياق ـ بۇياققا تېلېفون ئۇرۇپ، ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئاۋارە قىلىدۇ. بەزى كى. شىلەر باشقىلارنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ تېلېفون بارلىقىنى بايقاپ قالسىلا، تېلېفون ئۈرگۈسى كېلىپ قالىدۇ ـ دە، يىراق ـ يېقىندىكى دوست ـ بۇرادەرلىرىگە دەرھال تېلېفون ئۇرۇپ، بىر ئاشپىشىم سۆزلىشىپ كېتىدۇ، دېيىشمىگەن گەپ ـ سۆزلىرى، ئويۇن ـ چاق.

چاقلىرى قالمايدۇ. تېلېفون بېرىشتىكى بۇ خىل تېتىقسىز ئەھۋاللار توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەخلاقىغا زىت.

شۇنىمۇ ئېيتماي بولمايدۇكى، ھازىر ھەممە كىشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرمەكتە. شۇنداق ئىكەن، تېلېفوندا سۆزلەشكەندە قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلىپ ئۇزاق سۆزلەشكەندە، تېلېفون ھەققىنىڭ ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش لازىم. ھازىر كۆپ ئورۇنلار تېلېفون ھەققىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، تېلېفوندا سۆزلىشىش ئىشلىرىنى كونترول قىلدى. بەزى ئىدارە - ئورگانلار تېلېفوننى ئىشخانىلارغا ھۆددىگە بەردى. شۇڭا، تېلېفون بېرىش زۆرۈر بولغان ئىشلارغا جەزمەن تېلېفون بېرىش، تېلېفون بېرىش زۆرۈر بولمىسا تېلېفون بەرمەسلىك، تېلېفوندا سۆزلەشكەندىمۇ سۆزنى مېغىزلىق قىلىپ، (بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ تېلېفوننى ئىشلەتكەندە) مەقسەتنى ئۇدۇل ئۇقتۇرۇش لازىم. بۇنداق بولغاندا تېلېفون بېرىش ۋاقتىنى قىسقارتقىلى، تېلېفون ھەققىنى ئازايتقىلى، باشقىلارنىڭ تېلېفون بېرىش ئىشىغا دەخلى يەتكۈزۈشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

# «بىلسەڭىز راۋاب چېلىڭ، بىلمىسەڭىز چاۋاك»

مەن تەھرىرلىك جەريانىدا، بەزى ۋەزنى خېلى «ئېغىر» ، ھەجى-مىمۇ ئانچە كىچىك ئەمەس نەزەرىيە، مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى كۆرۈ-ۋېتىپ، تەئەججۇپلىنىپ قالدىم - دە، بۇ «ماقالە» لەرنىڭ مەزمۇنلى-رىنى ئاللىقانداق بىر يەردە كۆرگەندەك بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئۇزاق ئويلىنىپ گېزىت - ژۇرناللارنى ۋاراقلاپ، سېلىشتۇرۇپ كۆ-رۈپ، تەئەججۇپلىنىشىمنىڭ ئورۇنسىز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ «ماقالە» لەر راست دېگەندەك خېلى يۇقىرى «ماھارەت» بىلەن قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، بەزىلىرى ئۇ گېزىت، بۇ ژۇرنال، ئۇ پايدى-لىنىش ماتېرىيالى، بۇ ئوقۇشلۇقلاردىكى مەلۇم «كېرەكلىك بۆلەك» لەردىن يۇلۇپ ئېلىنىپ، خۇددى «ياماق» ئۈستىگە ياماق سالغاندەك، قەغەز سەھىپىسىگە تىزىلغانىدى. تازا ئەپلەشتۈرەلمىگەنلەر ماقالىلەر-نى ئابزاسمۇ ئابزاس ئوخشىتىپ كۆچۈرۈپ، ھەقىقەتەن چاندۇرۇپ قويغانىدى...

بەزى «ماقالە» لەرنىڭ ئاپتورلىرى خېلى يۇقىرى ئورۇندا ئىش-لەيدىغان ئەپەندىلەر، خانىملاردىن بولۇپ، بۇلار نەزەرىيە، مۇھاكىمە ماقالىلىرى يېزىشنى بەكلا ئاددىي چاغلىغان بولسا كېرەك. بەزى «ماقالە» لەردىكى «ياماق» لار كىشىنىڭ كۆزىگە تولىمۇ غەلىتە كۆرۈ-نەتتى. بەزى ئاپتورلار كارخانا ئىسلاھاتى توغرىسىدا توختىلىۋېتىپ

توساتتىنلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى بايانلارنى باشلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ زادى قايسى تېمىنى مەركەز قىلغانلىقىنى، تېمىنى يورۇتۇپ بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. بۇ ماقا- لىلەردە ئەنە شۇنداق «كۆچۈرۈش» تىكى پەمىنىڭ كالتىلىقى، بىلىمى- نىڭ چولتىلىقى «مانا مەن» دەپلا چىقىپ قالغانىدى.

«توۋا»، دېدىم ئىچىمدە، قولۇڭدىن كەلمىگەن ئىشقا زورۇ- قۇشنىڭ نېمە ھاجىتى ياكى «كۈلەلمىگەندىكىن ھېجايماقنىڭ نېمە ئىشى»، شۆھرەت قازىنىش ۋەسۋەسىسىگە چۈشۈپ، ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا «تەييارغا ھەييار» بولماق كويىدا «قۇرۇق قول» بىلەن «تەييار ئولجا» دىن ماقالە ياساپ، ئىش پۈتكۈزىمەن، دەپ خام خىيال قىلىش بىر خىل ئەخمىقانە ئىش. «كىچىك موللا» چاقلار باشقىلارنىڭ ماقالە - ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ سالسا، ئۇلارنى بىرەر قېتىم نوقۇپ قويسىلا ھوشىنى تاپىدۇ. بىراق، «چوڭ موللا» لارنىڭ ئەپلەشمىگەن قىلىقلار بىلەن ماقالە يېزىشقا زورۇقۇشى كىشىنى ھە- قىقەتەن ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ كىشىنىڭ شەخسىي نام- ئابرۇيىغا، شۇ ئورۇننىڭ ئوبرازى، شەنىگە داغ كەلتۈرۈشتىن سىرت، گېزىت - ژۇرنالنىڭ نوپۇزىغىمۇ يامان تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەگەر ئەسەرنىڭ ئەسلىي ئاپتورى «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» نى ئاساس قىلىپ، دەۋا قىلسا سەتچىلىكتىن قۇتۇلماق تولىمۇ قىيىن.

ناھايىتى ئېنىقكى، ماقالە يېزىش ئانچە ئوڭاي ئىش ئەمەس. سىز يازماقچى بولغان تېمىنى كۆڭلىڭىزگە پۈككەن ئىكەنسىز، ئەل- ۋەتتە ماتېرىيال كۆرۈش، ئۆگىنىش، قايتا - قايتا تەھلىل قىلىش، ئۇنى پىششىقلاپ، يۇغۇرۇپ، كاللىدا مەلۇم قاراش ھاسىل قىلىشى- ڭىز، ئاندىن ئۇنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا قايتا- قايتا يېزىشىڭىز، قايتا - قايتا ئۆزگەرتىپ پىششىقلىشىڭىز كېرەك. شۇندىلا ئاندىن بىر پارچە ماقالىنى پۈتكۈزگەن بولىسىز. مول بىلىم بولماي تۇرۇپ، تىرىشىپ ئۆگەنمەي، تەتقىق - تەھلىل قىلماي تۇ- رۇپ، «قۇرۇق قول، قۇرۇق كاللا» بىلەن ماقالە يازىمەن دەپ،

مەيدانغا چىقىش تولىمۇ كۆلكىلىك ئىش بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە گېزىت - ژۇرنال كەلسە - كەلمەس كىشىلەرنىڭ «تەكبىر ئېيتىش مۇنبىرى» ئەمەس. ئۇ پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ تىلى. ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە نەزەرىيە، مۇھاكىمە جەھەتتە پىشقان، ئەمەلىي مەسىلە قويۇلغان، كىشىنى قايىل قىلالايدىغان ماقالىلەر لازىم. ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن كۆچۈرۈپ تىزىپ قويىدىغان «ئۇلۇغ ئەسەر» لەرنىڭ كېرىكى يوق! قىسقىسى «بىلسىڭىز راۋاب چېلىڭ، بىلمىسىڭىز چاۋاڭ چېلىڭ» - دە، زورۇقماڭ.

# ستاتىستىكا خىزمىتىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش لازىم

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ستاتىستىكا خىزمىتىدە يالغان سان مەلۇم قىلىش، كۆپتۈرمىچىلىك، ئاشۇرمىچىلىق قىلىش، داغۋازلىق قىلىش ئىشلىرى كۆپىيىپ قېلىپ، توسمىسا بولمايدىغان هالەتكە كېلىپ قالدى. قىسمەن ئورۇنلارنىڭ ئۆز ئورۇنلىرى توغرىسىدىكى ئىنكاس، ستاتىستىكا دوكلاتلىرى ئەمەلىي ئەهۋال بىلەن ئانچە ئوخشىمايدۇ، سان ـ سىپىرلاردىكى پەرقمۇ خېلىلا چوڭ. بۇ دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

ستاتىستىكا مەلۇم ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ سانلىق ئىنكاسى بولۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ توغرا سىياسەت، فاكچېنلارنى تۈزۈشىنىڭ مۇهىم ئاساسى. خاتا، يالغان سانلىق مەلۇماتلاردا رېئال ئۆچۈرلار بۇرمىلانغان بولغاچقا، بۇ خىل ئۆچۈر ـ مەلۇماتلارغا ئاساسەن تۈزۈلگەن سىياسەت، فاكچېن، تەدبىرلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان ئەهۋال ئاستىدا، مۇنداق يالغان مەلۇماتلار دۆلەت، كوللېكتىپنى زور دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ ئېغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ. يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك پارتىيىمىزنىڭ «ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» تىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەنىگە خىلاپ، پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى،

پاك، راستچىل بولۇش ئىستىلىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. سىياسىي جەمئىيەت، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزىدۇ، ئاممىنىڭ ئىشەنچىنى يوقىتىدۇ. خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇش، تەدبىر بەلگىلىشتە زور دەرىجىدە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا زور زىيان كەلتۈرىدۇ. ئالايلۇق، بەزى جايلار كىچىك ئاپەت بولسا، چوڭ ئاپەت بولدى دەپ، يېنىك ئاپەت بولسا، ئېغىر ئاپەت بولدى، دەپ مەلۇمات يوللاپ، ياردەم ئېلىشنىلا ئويلاپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئويلاش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، ئاپەتنى يېڭىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇشقا سەل قارايدۇ. بەزى جايلاردا دېھقانلارنىڭ يۈكى ئېغىر تۇرۇقلۇق بەزى كىشىلەر ئۇ جايدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ يوللاپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بۇ «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» بولىدۇ. ئاڭلىسام، مەلۇم كەنت بوغالتىرى يىل ئاخىرىدا ئالغان مەھسۇلات، مەھسۇلات قىممىتى، پايدا، ئوتتۇرىچە كىرىمنى ستاتىستىكا قىلىپ يۇقىرىغا يوللىغاندا، يېزا تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېتىلگەن. ئەسلىدە مەلۇماتتا خاتالىق يوق ئىكەن. بىراق، سانلىق مەلۇمات يېزىنىڭ «نىشانغا يېتىش»، «سەۋىيە ياردىتىش» دەرىجىسىگە يەتمىگەن دەپ قارالغاچقا، قوبۇل قىلىنمىغان، كېيىن كەنت باشلىقىنىڭ «ئەقىل» كۆرسىتىشى بىلەن چوتتا سانسىپىر ھاسىل قىلىنىپ، مەھسۇلات بۇلتۇرقىدىن مۇنچە توننا ئاشتى... دەپ ئوتتۇرىچە كىرىمنى ئاشۇرۇپ ھېسابلاپتۇ. قارىسا، مەھسۇلات ھېسابلىغانسېرى كۆپىيىپ «ۋەزىيەت چوڭ ياخشى» بولۇشقا باشلاپتۇ، بوغالتىرنىڭمۇ پىكىر يوللىرى چوت ئۇرۇقىنى مىدىرلاتقانسېرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. كېيىن ئۇقسا، يېزا باشلىقى ھاللىق سەۋىيە يارىتىمىز دەپ يىل بېشىدا ناھىيە يىغىنىدا تەنتەنىلىك ۋەدە بەرگەن، بىراق يىل ئاخىرىدا سان - سىپىرلار مۆلچەردىكىدىن تۆۋەن بولغاچقا، ئۇلار ھەرقايسى ئورۇنلاردىن ستاتىستىكا جەدۋىلىدە «نىشانغا»، «سەۋىيىگە يېتىش»نى تەلەپ قىلغانىكەن. «ھاللىق سە-

ۋىيە» نى چوت، سان ـ سىپىر ئارقىلىق يارىتىش، كەڭ يېزىلارنىڭ بەزى جايلىرىدىكى بىر قىسىم ئورۇنلار ۋە بەزى ئىدىيە ۋە ئىستىلى توغرا بولمىغان كادىرلاردا ھەقىقەتەن مەۋجۇت.

قەدىمكىلەر «راست گەپ قىلمىسا، باشقىلارنى ئىشەندۈرگىلى بولمايدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان. ھەرقانداق ئورگان ۋە شەخس يالغان دوكلات، يالغان ستاتىستىكىلارغا بېرىلىپ كەتسە، ئىشتا چوڭ چاتاق چىقىدۇ. راست گەپ قىلىش رەھبەرلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەقەل- لىي شەرت ۋە ئاساسلىق سىياسىي ساپا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشىنىش، ئىگىلەش بىر سىياسىي پارتىيىنىڭ سىياسىي نوپۇزى، ھاياتىنىڭ ئەقەللىي كاپالىتى. بۇنداق كاپالەتكە ئىگە بول- ماي، كاللىسىدا ھەقىقىي سان بولماي، بەزى كىشىلەر توقۇپ چىققان خىيالىي نەرسىلەر تەرىپىدىن بەند قىلىنىپ كېتىلسە، «ئەمانىڭ قارىغۇ ئاتقا مىنىپ كېچىدە يول يۈرۈشى» گە ئوخشاپ قالىدۇ. شۇڭا، رەھبىرىي كادىرلار تۆۋەندىن ئەھۋالنى ئەينەن ئىنكاس قىلىشنى تە- لەپ قىلىشى زۆرۈر ۋە ئۇنى بىرىنچى سىياسىي ئىنتىزام، دەپ قارىشى لازىم.

يالغان دوكلات قىلىش، يالغان سان ـ سىپىر يوللاش، يالغان ئەھۋال ئىنكاس قىلىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماسلىق بىر خىل چىرىك قىلمىش، بۇنىڭغا رەھبىرىي كادىرلار قەتئىي يول قويماسلىقى لازىم. بەزى جاي، تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ئۇنى توسۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۆزىنىڭ نام ـ شۆھرىتى، شەخسىي پايدا ـ زىيىنى- نى، كىچىك گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، تۆۋەندىكىلەر- نى يالغان دوكلات يېزىشقا دەۋەت قىلىدۇ ھەم ئەقىل كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ساختىپەزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دۆلەتنىڭ، خەلق- نىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، بۇنداق كىشىلەرنى پارتىيە ئىنتى- زامى، دۆلەت قانۇنى بويىچە قاتتىق جازالاش لازىم.

ساختىپەزلىكنى، يالغانچىلىقنى چەكلەش، سانلىق مەلۇماتلارنى توغرا يوللاش يالغۇز ستاتىستىكا كەسپىي خادىملىرىنىڭ ئىشى بولۇپ

قالماستىن، بەلكى شۇ جايدىكى رەھبىرىي خادىملارنىڭمۇ مەسئۇلىيەت-
تى. بۇ ئادەتتىكى ئىش بولماستىن بىر خىل ئىجتىمائىي مەسىلە.
بىز ئىلگىرى يالغانچىلىق قىلىش، كۆپتۇرمىچىلىك، مۇبالىغىچى-
لىك، شەكىلۋازلىق قىلىش تەتۈر شامىلىنىڭ زىيىنىنى كۆپ تارت-
قان. بۇ ساۋاقلارنى ئەستە مەھكەم تۇتۇشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك
رەھبىرىي كادىرلار، كەسپىي خادىملار ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-
دەپ، ئەھۋال قانداق بولسا شۇنداق ماتېرىيال يوللاش، بارنى بار
دېيىش، يوقنى يوق دېيىش لازىم. ستاتىستىكا ئورگانلىرى ھۆكۈمەت-
نىڭ ئۇچۇر يەتكۈزۈش فۇنكسىيىلىك تارمىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن
سانلىق مەلۇماتلارنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى، باشتىن - ئاخىر
مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيىدە بولۇشى لازىم. ئالاقىدار تارماقلار ئور-
تاق كۆڭۈل بۆلۈپ، ساختىپەزلىك قىلمىشلىرىنىڭ يامراپ كېتىشىگە
قەتئىي يول قويماسلىقى لازىم.

# سۆرەلمىلىك قىلماڭ، شاللىنىپ كېتىسىز

«ۋاقىت — ئالتۇن» دېگەن سۆزنى ياقتۇرمايدىغان كىشى بولمىسا كېرەك. لېكىن، بەزى كىشىلەر ئاغزىدا ياقتۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئېتىبارسىز قارايدۇ، بولۇپمۇ بەزى رەھبىرىي خادىملاردا ۋە كونكرېت ئىش بېجىرگۈچىلەردە سۆرەلمىلىك، ئېزىلەڭگۈلۈك ئەھۋاللىرى يەنە خېلىلا ئېغىر بولۇپ، ئۇلاردا مىنۇت - سېكۇنتنىمۇ قولدىن بەرمەيدىغان ۋاقىت قارىشى ناھايىتى كەم. بۇ ھەرقايسى ساھەنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىۋاتقان بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ رىتىمىغا قاراپ باقساقلا سۆرەلمىلىكنىڭ ھەر خىل ئىپادىلىرىنى سېزىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس. مەسىلەن، مەلۇم بىر كىشى بىرەر ئورگانغا بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بارسا، ئالاقىدار خادىملار بېجىرگىلى بولىدىغان ئىشنىمۇ ۋاقتىدا بېجىرىپ بەرمەيدۇ. ئورۇنسىز ھالدا ئەتە - ئۆگۈن دەپ ئارقىغا سۆرەيدۇ، ھەتتا ھەپتە، ئاي، يىلغىچە تەلمۈرتىدۇ (بۇنداقلارغا كىشىلەر يىرگىنچ بىلەن قارايدۇ)، بەزى ئورۇنلار مۇزاكىرە قىلىدىغان ئىشلارنى ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلمايدۇ ياكى تەكرار مۇزاكىرە قىلىدۇ. مۇزاكىرە قىلسىمۇ ئايىغىغا چىقارمايدۇ. سۇرۇشتۇرۇشكە تېگىشلىك ئىشلارنى ۋاقتىدا سۇرۇشتۇرمەي ئۆز پېتىچە تاشلاپ قويۇۋېرىدۇ. قارار قىلىنغان ئىشلارنى ۋاقتىدا ئىجرا قىلمايدۇ ياكى

خۇددى قارار بىر كېچىسىلا ئۆزگىرىپ قالىدىغاندەك، باشقا جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بەزى ئورۇنلار ھەتتا ئۆتكەن يىللىق خىزمەت خۇلاسىلىرىنى بۇ يىل بىرىنچى پەسىلنىڭ ئاخىرى ياكى يېرىم يىل ئۆتكەندە ئاندىن چىقىرىپ، خىزمەت، پىلان، ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بەزى ئورگانلاردىكى خادىملار ئىش قىلغاندا ۋاقىت، ئۇنۇم بىلەن ھېسابلاشمايدۇ، ھەتتا «كۈن ئۇياققا، پۇل بۇياققا» ئۆتسىلا بولدى قىلىدۇ، بەزى ئورۇنلاردا يىغىن ئېچىلسا، «سۆز» ، «قوشۇمچە»لەر تۈگىمەيدۇ، يىغىندا قۇرۇق گەپ قىلىپ ئەمەلىي مەسىلە ھەل قىلىنمايدۇ. بىرەر پىلان - لايىھىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغاندا ئۇ كەم، بۇ يوق··· دېگەنگە ئوخشاش يوقىلاڭ باھانە - سەۋەبلەر بىلەن كۈن، ئاي، يىللاپ كېچىكتۈرىدۇ. ئۆزى قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارنى ۋاقتىدا قىلمايدۇ، ھەتتا دىتىغا ياقمىسىمۇ قايسى ئورۇننىڭ قارارى، پىكرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىجرا قىلمايدۇ، ئۇندىن باشقا، ئىشقا كېلىشتە سائەت توشۇپ كەتكەن تۇرۇقلۇقمۇ ئاستا، ئالدىرىماي كېلىدۇ. ئىشخانىغا كىرسە، تاماكا شوراپ، گېزىت ئوقۇپ، ئەسنەپ ئولتۇرىدۇ ياكى ئالدىغا بىرەر ماتېرىيالنى يېيىۋېلىپ جىددىي تەتقىقات خىزمىتى بىلەن بولۇۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ (ئۆزىنى بەكمۇ كاتتا ھېسابلاپ) ئىش بېجىرىشكە كەلگۈچىلەرنى كۆپ يالۋۇرغىلى، يېلىنغىلى سېلىپ، «تىلىنى چىقارمىسا» ، ھەتتا «پارا» بەرمىسە، ئىش بېجىرىپ بەرمەيدۇ. بەزىلەر ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئىشلىرىنى، «پۇلدار»لارنىڭ ئىشىنى پرىنسىپقا توغرا كەلمىسىمۇ ئامال قىلىپ تېز بېجىرىپ بېرىدۇ. پۇقرالار، ناتونۇش كىشىلەر كەلسە، پرىنسىپقا ئۇيغۇن بولسىمۇ، بېجىرگىلى ئۇنىمايدۇ ياكى ئارقىغا سۆرەيدۇ، ئىشلار دۆۋىلىنىپ تۇرسىمۇ قولدىن چىقىراي دېمەي، ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدۇ. ئىش ۋاقتى توشا - توشمايلا سومكىسىنى قولتۇقلاپ ئىشتىن چۇشۇپ كېتىپ، ئىش بېجىرگىلى كەلگەنلەرنى يەنە بىر كۈنى قايتا كېلىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللارنى ھەممىلا

يەردە، ھەركۈنى ئۈچرىتىپ تۇرىمىز، ئۇ خىل كىشىلەر ئىش بېجى-رىشكە كەلگۈچىلەرنىڭ تەقەززاسىنى قىلچە نەزەرگە ئالمايدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيىتىمىزدە، مۇشۇ دەۋردە يۈز بېرىۋاتقان سۆرەلمىلىكنىڭ مەلۇم دائىرىدىكى ئىپادىلىرى بولۇپ، كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ھاجەتمەنلەرنى تولىمۇ بىزار قىلماقتا.

ھازىر ھەممىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئالدىرىتىپ تۇرۇپتۇ. ھەممە كىشىنىڭ شۇ كۈنى بېجىرىدىغان، قىلىدىغان ئىشلىرى كۆپ تەرتىپكە قويۇلغان بولۇپ، ئىش بېجىرىش ئاستا بولسا ياكى شۇ كۈنى بېجىرىلمىسە، كىشىلەرنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش رىتىمىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆر-سىتىدۇ. ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشى، خىزمىتى، ۋەزىپى-سى، مەسئۇلىيىتى بار. باشقىلار ئىش - كۈشى يوق بولۇپ قېلىپ سىزنىڭ ئىشخانىڭىز ئەتراپىنى چۆرگىلەپ يۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بەزى-لەر ھۆكۈمەت، ئىدارە خىزمىتى بىلەن، بەزىلەر شەخسى ئىش بىلەن ئالدىڭىزغا ئىش بېجىرىشكە كەلگەن ئىكەن، سىز ئۇلارنى ئورۇنسىز ساقلاتماسلىقىڭىز، ئىشنى ئارقىغا سۆرىمەسلىكىڭىز، شۇ كۈنى بې-جىرىشكە بولىدىغان ئىشنى شۇ كۈنىلا بېجىرىپ بېرىشىڭىز لازىم. ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر سىز ئەنە شۇنداق بىر ھاجەتمەن بولۇپ مەسىلە ھەل قىلىشقا كەلگۈچى بولسىڭىز، بەلكى ئاشۇلاردىن بەكرەك ئالدى-رىغان، تاقىتىڭىز تاق بولغان بولاتتى، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ھەممەيلەن «ۋاقىت — ئالتۇن، ۋاقىت — ئۈنۈم، ۋاقىت — بايلىق» دېگەن سۆزنى دائىملىق ھەرىكىتىمىزگە ئايلاندۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ۋاقتىنى قەدىرلىشىمىز، ئىش قىلغاندا ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىشىمىز، تەخىر-سىزلىك كۆزقارىشىدا بولۇشىمىز لازىم. ھېلىقىدەك كەچكىچە ئەس-نەپ ئولتۇرۇپ كىشىلەرنى ساقلىتىپ، ئاۋارە قىلىپ، ئىشنى ئارقى-غا سۆرىگەندە ھازىرقى دەۋردىكى خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ. قىسقىسى ھەممەيلەن دۆلەتنىڭ كادىرى، خەلقنىڭ «چاكى-رى» ئىكەنمىز، ئىسمى - جىسمىمىزغا لايىق ھالدا خىزمەت قىلىشى-

مىز، باشقىلار ئالدىرغانغا بىزمۇ ئالدىرىشىمىز لازىم. كىشىلەر پارتىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىدىن، دەۋرىمىزدىن سۆ- يۈنسە، سىزنىڭ چېۋەر - چاققانلىقىڭىزدىن، ئىلمىي، قائىدە - تۈ- زۈم، پرىنسىپ بويىچە ئىش بېجىرىشىڭىزدىن خۇددى قەنت چاي ئىچكەندەك ھۇزۇرلانسا، قىممەتلىك سۆزلىرىڭىزدىن، ياخشى خىز- مەت، كەسپىي ئىقتىدارىڭىزدىن، پوزىتسىيىڭىزدىن، سىزنىڭ كاما- لىتىڭىزدىن سۆيۈنسە، لەۋلىرىدە قايىل بولغانلىق، خۇشال بولغانلىق تەبەسسۇمى جىلۋە قىلسا، ياخشى تەرىپىڭىزنى قىلسا بۇ ھەممىمىزگە شەرەپ ئەمەسمۇ؟ خەلق سىز ھەم بىزدىن پەخىرلەنسە، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازى تېخىمۇ نۇرلانماسمۇ؟

# «ئاز سۆزلە، كۆپ ئاڭلا، ئاز يە، كۆپ چاپىنا»

ئەجدادلىرىمىز «ئاز يېيىش، ئاز سۆزلەشنى ئادەت قىل» دەپ نەسىھەت قىلىپ كەلگەنىدى. لېكىن، ھازىرقى كۈنلەردە خېلى بىر قىسىملىرىمىز بۇ نەسىھەتنى ئېسىمىزدە تۇتالمىدۇق ياكى ھاياتلىق يولىمىزدا ئۇنى تەرك ئەتتۇق. كۆرۈپ ھەم بىلىپ تۇرۇۋېتىمىزكى، ئارىمىزدا شۇنداق كىشىلەر ياشاۋاتىدۇكى، ئۆزىگە كۇسار (كالتە ئىشتان) پىچالمايدىغان تۇرۇغلۇق، باشقىلارغا نى - نى شاھانە تونلار-نى پىچىپ بېرەلەيدۇ. گېزى كەلسە گۈندىپايىلارنىڭ تونلىرىنىمۇ پىچىپ كېتەلەيدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھەدېسىلا كىشىلەرگە نۇرغۇن كامالەتكە يەتكەن ئەقىللەرنى ئۆگىتىدۇ، يوليورۇق - كۆرسەتمىلەرنى بېرىدىيۇ، ئۆزىنىڭ ھېچبىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ، ئۆزىگە «ئەقىل» بېرەلمەيدۇ، ئۆز ئەقلىنى، ئۆز «دانا» لىقىنى ئۆزىگە ئىش-لىتەلمەيدۇ. باشقىلار بىرەر ئىشنى مەسلىھەت يۈزىسىدىن سەمىگە سالغۇدەك بولسا، ئالدى بىلەن قۇسۇر، نۇقسان ئىزدەپ، «ۋالاقتەگ-كورۇپ[1]» تەك سۆزلەپلا كېتىدۇ. باشقىلارنى ئەيىبلەپ «ئۇ نېمەڭ بولماپتۇ يەي، بۇ نېمەڭ بولماپتۇ يەي… ئۇنداق قىلىش كېرەكتى يەي، مۇنداق قىلىش كېرەكتى يەي…» دەپ ئەزۋەيلەپ كېتىدۇ،

---

① «ۋالاقتەگكورۇپ»— ئاتاقلىق شائىر، مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «ۋالاقتەگكورۇپنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن شېئىرىدىكى سەلبىي پېرسوناژ.

باشقىلارنىڭ ئاغزىنى ئاچۇرمايدۇ، باشقىلار گېپىنى باشلاپ بولغۇچە، گېپىنىڭ «شېخى»غا ئۇرۇپ، ئۆزىلا سۆزلەپ كېتىدۇ ياكى گەپنىڭ تېمىسىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ، ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىشقا باشلايدۇ. ئۇنداق گېپىنىڭ «شېخى» زەخىملەنگەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەڭتۇشلىرى بولسىغۇ كاشكى، ئۆزىدىن چوڭ، ھەتتا ئۆزىنىڭ دادىسىدەك، بوۋىسىدەك ئادەملەر بولسىمۇ، سۆز «مەن»لىكىنى نامايان قىلىپ، ئېچىلغان ئاغزى ئۇزاققىچە يۇمۇلماي كېتىدۇ... ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چىقىپ بولغۇچە، باشقىلارنىڭ قۇلىقى ئاغرىپ، نەپسى سىقىلىپ كېتىدۇ، ئۆرە تۇرۇۋاتقان بولسا پۇتلىرى ئاغرىپ، بەللىرى تېلىپ، يىقىلىپ چۈشەيلا دەپ قالىدۇ. شۇنداق پەيتتە بىرەر ئەزىمەت چىقىپ ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، پەيلاسوپ كاپپىۋنىڭ «تىل — چاقماق، سۆز — ئۇچقۇن، ھەي سۆزلەۋاتقان ئادەم، ئېھتىيات قىلمىساڭ ئوت ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن» دېگەن ئەقلىيە سۆزىنى ۋارقىراپ توۋلىغۇسى كېلىدۇ، بىراق بۇنىڭغا نېمە ئامال!

ئەنە شۇنداق «ئادەمنىڭ سۆزى ئەقلىنىڭ تارازىسى» دېگەن ھېكمەتكە ئېتىبار قىلماي، نەگىلا بارسا سۆز «مەشقاۋۇل»لىقىنى پەش قىلىپ، يېڭى سۆز سەھىپىلىرىنى كەشىپ قىلىپ، سۆز ئويۇنى چىقىرىپ، «كۆڭۈلنىڭ زىننىتى سۆز» دېگەن ھېكمەتنى ئېسىگىمۇ ئېلىپ قويماي، «ئارتۇقچە سۆز»نى كۆپ قىلىدىغان، ئىش دېسە بېشى ئاغرىپ، گەپ دېسە ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ تۇرىدىغان «ۋات-ۋات»لاردىن ئەل بىزار ھەم ئۇ تولىمۇ يامان ئادەت بولۇپ، تېگىدىن ئالغاندا سۆھبەت ئەخلاقىغا پىسەنت قىلمىغانلىق، ئۆز تەڭتۇشلىرىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق؛ بىلەرمەنلىك قىلىپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلىمىگەنلىك، چوڭلارنى ھۆرمەتلىمىگەنلىك، ئەل - جامائەتنى ئەخمەق قىلغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنداق كىشىلەر بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى «ئېغىز» دىن «كېتىپ» قالىدۇ ياكى پېشكەللىككە يولۇقماي قالمايدۇ. چۈنكى، ئەجدادلىرىمىز «ئاز سۆزلە، كۆپ ئاڭلا، ئاز يە، كۆپ چاينا» دەپ خىتاپ قىلغان. شۇنداق بولغاچقا، «گەپ بىلگەندىن كۆرە ئىش بىلگەن تۈزۈك» . لېكىن، يۇقىرىدا دېگىنى-

ـمىزدەك ئۇلارنىڭ «ئاڭلىشىدىن سۆزلىشى تولا». گەپنى قاملاشتۇ-رۇپ سۆزلىگەن بىلەن ئىش قىلالمايدۇ، قىلسىمۇ ئەپلەشتۈرەلمەيدۇ، نەگىلا بارسا ئۇنداقلارنىڭ «تىلى بىر غىرىچ» چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا «گەپ سورۇنى» بولۇپ تۇرسا، ياخشى تاماق، ياخشى كىيىم، ياخشى ئارام بولسا، يالغان - ياۋىداق گەپلەر بىلەن باشقىلارنى رام قىلالىسىلا ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامى ھۇزۇر بەخش تاپقان بولىدۇ.

قىسقىسى، باشقىلارنى رەنجىتىش، باشقىلارنى ئاني تېپىش، باشقىلارنى ئازدۇرۇپ خاتا يولغا باشلاش، باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئىسـ-ـراپ قىلىش بەدىلىگە خۇشال بولۇش بىزنىڭ ئادىتىمىزگە، ئەنئەنـ-ـمىزگە، ئەخلاقىمىزغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. كونىلار: «توغرىلىق، ئوچۇق يۈزلۈك، شېرىن سۆزلۈك، ھالال ئەمگەك بىلەن رىزقىنى تېپىش تۇرمۇشتىكى سائادەتمەنلىكنىڭ نىشانىدۇر» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان، شۇنداقلا ئارىستوتېلمۇ شاگىرتلىرىغا نەسىھەت قىـ-ـلىپ: «توغرا سۆزلەپ، توغرا ئىشلەپ ۋاپات بولۇش، يالغانچى بولۇپ ئۇزاق ياشىغاندىن خەيرلىكتۇر» دېگەن. شۇڭا، ئادەمنىڭ، بولۇپمۇ ئۆزىنى بىلىملىك، دانا ھېسابلاپ، ئۆزىچە كېرىلىپ يۈرىدـ-ـغان ئادەملەرنىڭ يۈزىمۇ، سۆزىمۇ، قەلبىمۇ، پىكرىمۇ ئۆزىگە لايىق گۈزەل بولۇشى لازىم. بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ «يول قوغلىغان خەزىـ-ـنىگە يولۇقار، سۆز قوغلىغان بالاغا يولۇقار» دېگەن تەمسىلنى ئېسىـ-ـمىزدە تۇتۇپ، ئازراق، سازراق، پۇختا، مېغىزلىق سۆزلەپ، قۇ-رۇق گەپ قىلىشتىن، تولا گەپ قىلىشتىن، باشقىلاردىن ھەدېسىلا ئەيىب، نۇقسان ئىزدەپ، كىشىلەرنى يەرگە قارىتىشتىن، بىلىپ - بىلمەي، ئۇقۇپ - ئۇقماي ئۇستاتلىق قىلىشتىن، باشقىلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم سۆزلىشىۋاتقاندا قىستىلىپ بېرىپ گەپ - سۆزلىرىگە ئارىلىـ-ـشىۋېلىشتىن، گەپ - سۆزلىرىنى بۆلۈۋېتىشتىن ھەزەر ئەيلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىگە ياخشى ئەخلاق - پەزىلەتنى يار قىـ-ـلىپ، مۇلايىم، كەمتەر، قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇشىمىز، ھاكاۋۇر-لۇق، مەنمەنچىلىك، ھورۇنلۇق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ساخـ-ـتىپەزلىكتىن ساقلىنىشىمىز ۋە ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

# كاسىپلارمۇ كەسىپىي ئەخلاقنى
# گەۋدىلەندۈرۈشى لازىم

مەن ھەر قېتىم قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان مەلۇم ساتىراشخانىغا كىرگىنىمدە، بىر - ئىككى ئۇستامنىڭ يەنە بىر ئۇس-تامنى ئورۇنسىز چاقچاقلار بىلەن كەمسۇندۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاي-مەن. ئۇلار بەزىدە ھېلىقى ئۇستامنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ چاچ - ساقال ئېلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، بەتقىلىق ھەرىكەتلەر بىلەن «چاقچاق» قىل-ىشاتتى، بەزىدە ھەتتا ئۆزلىرى ئىشلىتىۋاتقان ئۇستىرا، قىزىق چاي بار چاينەك قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ھېلىقى ئۇستامنى قورقۇتۇپ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. ئۇستام تېرىكىپ خاپا بولسا، كۆڭلىنىڭ يېقىنلىقىدىن چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىشات-تى. ئۇستام جىم بولۇپ قالسا، «چاقچاق» نى يەنىمۇ ئەۋجىگە چىقىد-ىرىشاتتى. چاچ ئالدۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرغان خېرىدارلارنىڭ بەزىلىرى «چاقچاقچىلار» نىڭ قىزىقچىلىقلىرىدىن كۈلۈشسە، كۆپ قىسمى «چاقچاقچىلار» نىڭ بىرنەچچىدىن بالىلىرى بارلىقىغا قارىماي، ئۆزلىرىنىڭ ئابرۇيى، ئۇستاملىق ھۆرمىتىنى ساقلىماي، ئاشۇنداق بىمەنە «چاقچاق» لارنى قىلىشىۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلىناتتى، مەنمۇ كېيىنكىلەر جۈملىسىدىن ئىدىم. ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ بىرى بولغان ساتىراشخانىدا داۋاملىشىۋاتقان بۇ خىل «چاقچاق» ئەنە شۇ كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ كەسىپىي ئەخلاقىنىڭ ناچارلىقىنى دەلىللەيدۇ، ئۇس-

تاملىق سۈپىتىگە كەم ـ كۈتىسىز نۇقسان يەتكۈزىدۇ.

كەسپىي ئەخلاقتا يات بولغان بۇ خىل «چاقچاق» لار باشقا ساھە-دىكى كاسىپلار ئىچىدىمۇ مەۋجۇت. بەزى خادىملاردا كىشىلەرگە ئىل-مىي مۇئامىلە قىلمايدىغان، كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچىكى، مەرتى-ۋىسىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان، خېرىدارلارنى ھاقارەتلەيدىغان، كەمسىتىدىغان يامان ئادەتلەر بار. بۇ خىل ناچار ھادىسىلەر قالاق ئىجتىمائىي ئەخلاق جۈملىسىگە مەنسۇپ. ئۇ جەمئىيەتنى بۇلغايدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىنى قوچۇيدۇ، ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇپ، يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ھەر ساھەدىكى كاسىپلار ئەتراپتىكى كىشىلەرگە بېرىدىغان ناچار تەسىرنى ئويلىماي، ياۋايىلار-چە ئاغزىغا كەلگەننى دەپ، كۆڭلىگە كەلگەننى قىلىپ، كەسپىي ئەخلاقنى گەۋدىلەندۈرمىسە، ئەلۋەتتە خېرىدار - ھاجەتمەنلەر ئۇلاردىن رەنجىيدۇ ھەم ئۇلاردىن بىزار بولىدۇ. نەتىجىدە شۇ ئورۇننىڭ ئىنا-ۋىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم تۆۋەنلەيدۇ.

مەدەنىيەتلىك - ئەدەپلىك بولۇش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈن-دە، بىزدىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق كىشىلەر ئارىسىدىكى يېڭى ئىجتىما-ئىي مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرمەكتە. ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ سوتسىيا-لىستىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى يېڭى قائىدە، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە ئىنتىزامغا ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، ھەربىر كە-سىپ ئەھلى خىزمەت ۋە مۇلازىمەتتە كەسپىي ئەخلاقنى يادرو قىلىپ، ئىناقلىقتا تەسىر يەتكۈزىدىغان، كىشىلەرنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان، خىزمەت ئىنتىزامىغا خىلاپ كېلىدىغان قوپال سۆز - ھەرىكەتلەر بىلەن يېڭى جەمئىيىتىمىزنىڭ شان - شۆھرىتىگە داغ چۈشۈرمەسلىد-كى لازىم. بۇ سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئەقەللىي پرىنسىپى.

# «ياغاچ قازان بىر قېتىم قاينار»

يېقىندا، بىر دوستۇم ئۆيىگە كېلىدىغان مېھمانىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن، شەھەر بويىچە سودا - سېتىق ئەڭ قىزىيدىغان، نەرقى - ناۋاسى بىرقەدەر ئەرزان بولغان «دېھقانلار بازىرى»غا بېرىپ، كۆكتات، ھۆل - قۇرۇق يەل - يېمىش قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇدۇل قاسساپنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ئۇستام، شورپىغا لايىق گۆشلىرىدىن بەش كىلوگرام بەرگەن بولسىلا، مايسىزراق يېرىدىن بولسۇن، — دەپتۇ دوستۇم...

— بولىدۇ ئۇكام، بولىدۇ، ئۆزلىرىنى ئوبدان رازى قىلىمەن،— دەپتۇ قاسساپ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ،— ماۋۇ ئارقا سانني بەرسەم بولارمۇ؟

— ماي كۆپرەك تۇرامدۇ - نېمە، ئۇستام؟

— ھە، ئۇنداق بولسا، ماۋۇ پەشلەپ قويۇلغان گۆش ئىدى، بىر يېقىن بۇرادىرىمگە ئېلىپ قويغان، ھازىرغىچە كەلمىدى، ئۆزلىرىگە بېرەي، — دەپتۇ قاسساپ.

گۆش چىلان رەڭدە بولۇپ، مېيىمۇ يوق ھېسابتا ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، دوستۇم بەش كىلوگرام گۆشنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. دوستۇمنىڭ خوتۇنى گۆش پارچىلاۋېتىپ، گۆشكە چاپلىشىپ قالغان تۇكلەرگە زەن سېلىشقا باشلاپتۇ. قارىسا، ئۆچكىنىڭ چۇپۇرلىرى

ئىكەن.

— ئەكەلگەنلىرى ئۆچكە گۆشى ئىكەن ئەمەسمۇ،— دەپتۇ دوستۇمنىڭ خوتۇنى.

— توۋا دەڭلا خوتۇن، قاسساپ كۇپ - كۇندۇزدە ئادەمنى قارا باستۇرماس؟ !

— قارىمامسىلەر، گۆش چىرايلىق بولغان بىلەن ھەقىقەتەن ئۆچكە گۆشى ئىكەن.

— قاسساپ مەندەك «كور خېرىدار» نى باپلاپتۇ - دە، — دەپتۇ دوستۇم غەزەپ بىلەن...

يەنە بىر كۇنى بىر دوستۇم يۇقىرىقىدەك ئېھتىياج تۇپەيلىدىن، ئۆستەڭبويى بازىرىدىكى بىر قاسساپتىن بەش كىلوگرام گۆش ئاپتۇ. گۆش ھەقىقەتەن شورپىغا لايىق ئىكەن، دوستۇم گۆشنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، گۆشىنىڭ ئۆچكە گۆشى ئىكەنلىكىنى پەملەپ قېلىپ، دەرھال گۆش سېتىۋالغان بازارغا چېپىپتۇ ۋە قاسساپنىڭ دۇكىنى ئالدىغا كېلىپ: «ئۇستام! ماۋۇ گۆشنى ئالماشتۇرۇپ بەرسىلە، بولمىسا سىلىنىڭ〈ھۇنەر〉لىرىنى جامائەتكە كۆرسىتىمەن! » دەپتۇ. ھودۇقۇپ كەتكەن قاسساپ گۇناھكار ئادەمدەك ئۇن - تىنسىز دوستۇمنىڭ قولىدىن گۆشنى ئېلىپ، ئالماشتۇرۇپ بېرىپتۇ.

يۇقىرىقىلارنى يېزىۋېتىپ، ئىككى يىل بۇرۇنقى بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى: بىر كۇنى بىر قاسساپنىڭ ئالدىغا گۆش ئېلىشقا باردىم. شۇ ئارىدا بىر خېرىدار قاسساپقا گۆشكە قۇيرۇق مايدىن قوشۇپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلدى، قاسساپ بۇ خېرىدارغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى ۋە:

— ھەممە ئادەم مايدىن قېچىۋاتسا، ئۆزلىرى ماي ئالىمەن دەۋاتىلىغۇ؟— دېدى.

— بالا - چاقىلىرىم مانتىغا ئامراق، قۇيرۇق ماي توغراپ ئەتكەن مانتا مەززىلىك بولىدۇ. شۇڭا، مايدىن كۆپرەك ئالاي دېدىم،

— دېدى خېرىدار.

قاسساپ «هە، بىلدىم» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە كانارىغا ئېسىلغان گۆشنىڭ قۇيرۇق مېيىنى پىچىقى بىلەن ئاۋايلاپ كېسىشكە باشلىدى. 500 گرام كەلگۇدەك قۇيرۇق مايىنى ئەمدىلا كېسىپ ئېلىۋىدى، تۇيۇقسىز قۇيرۇق ماي گۆشتىن ئاجراپ چۇشۇپ كەتتى. ئەسلىدە قاسساپ قۇيرۇق مايىنى گۆشكە پەم بىلەن چاپلاپ قويغان ئىكەن. ئەتراپتىكىلەر هەيران قېلىشتى. گۆش ئېلىشقا كەلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى كۇلۇشتى، بەزىلىرى قاسساپقا هومايدى. قاسساپ خۇددى ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان ئادەمدەك تەمتىرەپ قالدى. خېرىدارلار غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى:

— توۋا قىلدىم، بازاردا سېتىلىۋاتقان ئۆچكىلەر قەيەرگە كېتىدىغاندۇ دېسەك، مانا شۇنداق قۇيرۇق ماي ئېسىپ قويۇپ، ئۆچكە گۆشى ساتىدىغانلار سېتىۋېلىپ، «كور خېرىدار» لارنى باپلايدىكەن- دە؟

— چاندۇرمايمەن، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك.

— خېرىدارلارنىڭ كۆزىگە «توپا» چاچىمەن دېگىنى نېمىسى؟

— بۇ خېرىدارلارنى ئالدىغانلىق ئەمەسمۇ؟

— قارىمامدىغان بۇ نائىنساپنىڭ قىلىقىنى ...

ئۇ بىر ئېغىزدىن، بۇ بىر ئېغىزدىن تاپا - تەنە، مەسخىرە قىلىشىپ، خېرىدارلار بىر - بىرلەپ كېتىپ قېلىشتى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارمۇ قاسساپقا لەنەت كۆزى بىلەن قارىشىپ مېڭىشتى، هېلىقى قۇيرۇق ماي ئالماقچى بولغان خېرىدارمۇ باشقا قاسساپ تەرەپكە يول ئالدى. هېلىقى قاسساپ گۇناهكار ئادەمدەك بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. كېيىن باشقا كىشىلەردىن ئىشنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرسەم، ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش بەزى قاسساپلار يەكشەنبە كۈنى مال بازىرىدىن بىرنەچچە ئۆچكە سېتىۋېلىپ، گۆشكە قۇيرۇق ئېسىپ قويۇپ، خېرىدارلارنى ئالدايدىكەن.

مۇنداق ئىشلار بىزگە پات - پات يولۇقۇپ تۇرىدۇ. بەزى كىشى-

لەر قاسساپنىڭ ئالدىغا گۆش ئالغىلى بارسا، بەزى قاسساپلار ئالدى بىلەن مېيى كۆپرەك گۆشنى گىرغا سالماقچى بولىدۇ، ئۇنى كۆرگەن خېرىدار: «مايسىزراق يېرىدىن بەرگەن بولسىلا...» دەپ ئىلتىجا قىلىدۇ. بۇ گەپ قاسساپنىڭ كۆڭلىگە ياغدەك ياقىدۇ ـ دە، ئالاھىدە گۆشنىڭ «قارا» يېرىدىن كېسىپ گىرغا تاشلايدۇ، خېرىدار قاسساپ ـ نىڭ بۇنداق چېۋەر «ھۇنەر» لىرىگە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، قاسساپ ئۆيىدە سويۇپ چىققان ئۆچكىلەرنىڭ گۆش ـ لىرى ھەر خىل «ھۇنەر»، ئۇسۇللار بىلەن قوي گۆشىگە قوشۇپ سېتىلىۋېرىدۇ. بازاردىكى ئۆچكىنىڭ باھاسى قوينىڭ باھاسىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن ئەرزان توختايدۇ. ئۆچكە گۆشى قوي گۆشىگە ئارىلاشتۇرۇپ سېتىلىۋەرسە، پايدا قاسساپلارغا بولىدۇ. پۇل تېپىش ئۈچۈن قاسساپلار قوي گۆشى كۆرسىتىپ، ئۆچكە گۆشى ساتسا، سۈت ساتقۇچىلار سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ساتسا، كاۋاپچىلار كالا گۆشى، ئۆچكە گۆشىنى قوي گۆشى كاۋىپى دەپ ساتسا، باشقا ھۇنەرۋەن ـ كاسىپلار ـ مۇ ھۇنەرلىرىگە ئەنە شۇنداق ساختىلىقلارنى ئىشلىتىپ، خېرىدارلار ـ نى باپلاشقا ئۇرۇنسا، ۋىجدان دېگەن نەدە قالىدۇ؟ سەممىيلىك، مېھىر ـ شەپقەت، ئادىللىق دېگەنلەر قەيەرگە كەتكەن بولىدۇ؟ شۇنداق بولۇۋەرسە، ساختىپەزلىك قىلىۋاتقان تىجارەتچىلەرنىڭ ھال كۈنى خەيرلىك بولمايدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلارنىڭ تاپقان پايدىسى كۆلگە ئايلىنىپ كېتىشى ياكى تىجارەتتە ۋەيران بولۇشى مۇمكىن.

شۇنى ئوچۇق ئېيتىش كېرەككى، ھەممىلا قاسساپ، تىجارەتچى ـ لەر ئۇنداق ناتوغرا، ناپاك ئىشلارنى قىلىپ يۈرمەيدۇ. كۆپ قىسىم قاسساپ، تىجارەتچىلەر توغرا يول بىلەن ھالال پۇل تاپىدۇ، قوي گۆشنى قوي گۆشى بويىچە ساتىدۇ. ئۆچكە گۆشلىرىنى ئارىلاشتۇ ـ رۇپ سېتىشنى، كەم جىڭلاپ بېرىپ، ھارام پايدا ئېلىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدۇ. بۇنداق قاسساپلارنىڭ خېرىدارلىرى ھەرگىز ئۈكسۈپ قالمايدۇ، بىر قېتىم گۆش ئالغان خېرىدار ئۇلارغا چۆپقەت بولۇپ دائىم ئۇلاردىن گۆش ئالىدىغان بولىدۇ. باشقا ساھەدىكى تىجارەتچى ـ

لەرمۇ سەممىي، ئادىل بولسىلا، ئۇلارنىڭمۇ خېرىدارلىرى كۆنسېرى كۆپىيىپ، تىجارىتى روناق تاپىدۇ. ئەكسىچە بولسا، «ياغاچ قازان بىر قېتىم قاينار» دېگەن تەمسىلگە توغرا كېلىدۇ. داۋاملىق نەپسى بالالىق قىلىدىغان، سودىدا ئادىل، سەممىي بولمايدىغان، خېرىدار-لارنى ئالدايدىغان قاسساپلارنى، تىجارەتچىلەرنى جامائەت ياخشى كۆر-مەيدۇ، بەلكى ئۇلارغا غەيرىي نەزەر بىلەن قارايدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، تىجارەت — تىرىكچىلىك ۋاسىتىسى. بى-راق، تىجارەت قىلغۇچىلار تىرىكچىلىك قىلىمەن دەپ، ئادەمگەرچى-لىكنى، ئار - نومۇسنى، ۋىجداننى، سەممىيلىكنى ئۇنتۇپ قالسا بولمايدۇ. پۇلنى دەپ ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق قىلىشقا، پايدا نەپنى دەپ، ئالا كۆڭۈللۈك قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق كەسىپنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ كەسىپ ئەخلاقى، كەسىپ رىسالىسى، كەسىپ ئېتىقادى بولىدۇ؛ بەلگىلىك كەسىپ مەجبۇرىيە-تىنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. تىجارەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ كەس-پىي ئەخلاقى، رىسالىسىگە ئەمەل قىلىشى، كەسپىي ئېتىقادىغا سادىق بولۇشى لازىم. شەخسىي مەنپەئەتنى، پايدىنى دەپ ۋىجداننى بۇلغى-ماسلىقى، خېرىدارلارنى قاقتى - سوقتى قىلماسلىقى، تىجارەتتە سەممىي، راستچىل، ئىشەنچلىك بولۇشى، لەۋزىدە تۇرۇشى، كە-سىپنى قەدىرلىشى، خېرىدارلارنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، گېزى كەلسە ئاز - تولا پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشى، ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى ھەمدە كەسپىي مىزانىغا رىئايە قىلمايدىغان ناچار قىلىقلاردىن ساقلىنى-شى لازىم. بۇ ئەلۋەتتە دەۋر روھىغا ئۇيغۇن بولۇپ، كىمنىڭ مېلى سەرخىل، ئەلا سۈپەتلىك بولسا، ئېلىم - بېرىمدا سەممىي بولسا، ئۇنىڭ خېرىدارى مەڭگۈ ئۆكسىمەيدۇ، شۇ تىجارەتچى مەڭگۈ روناق تاپىدۇ.

# «كۇس - كۇس» گەپلەرنىڭ «قۇدرىتى»گە سەل قارىماڭ

مەلۇم ئىدارە يېنىدىكى ئاسفالت يولدا كېتىۋاتاتتىم، ئالدىمدىكى بىنانىڭ ئاستىدىكى دەرەخ سايىسىدا ئۈچ كىشى باشلىرىنى بىر - بىرىگە ئېگىشكەن ھالدا قۇلاقلىرىنى قۇلاقلىرىغا ياققىنىچە بىرنېمەلەرنى دەپ كۇسۇلدىشىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىۋىدىم، بىر «سېسىق گاز» خۇددى شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن گەندە پۇرىقىدەك بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. ھەتتىگىنەي، ئۇلار «سېسىق گاز» قويۇۋېتىپتۇ - دە! دېدىم ئىچىمدە. بىراق، قىياسىم خاتا بولماپتۇ، بۇلارغا بىرنەچچە چامدام ئارىلىق قالغاندا، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن «كۇس - كۇس» گەپلەرنىڭ پەيزىنى سۈرۈشۈۋاتقانلىقى ئايان بولدى. ئۇلار ھەدەپ مەلۇم «ئەمەلدار» ئۈستىدىن «ھېكايە» توقۇشۇۋاتقان ئىكەن. ئۇلارنىڭ «ھېكايە»لىرىنىڭ دىئالوگلىرى قۇلىقىمغا بىلىنەر - بىلىنمەس ھالدا ئاڭلىنىپ قالدى:

— ئاغزىدىن سۈت پۇراپ تۇرىدىغان، ھېچنېمە بىلمەيدىغان بىرنېمە ئىدى.

— بىرنېمە بىلسە باشلىق بولالامتى!

— ھەي، بويىنىنىڭ سۆڭىكى يوق، ئېگىلىپ يۈرۈپ ئالغان مەنسەپ دېمەمسىلەر؟

— شۇ نېمىگە باشلىقلىق ياراشسا كاشكى…

— سىلى ـ بىز دەك ئۆتكۈر پىكىرلىك، كەسكىن تەدبىرلىك، مەرد ئەرلەرگە كەلمەيدۇ ـ دە، شۇ ھوقۇق...

— ئۆزىمىزنى تۆۋەن چاغلىمايلى، بىزنىڭ ئۇلاردىن ھېچبىر قالغۇچىلىكىمىز يوق جىما؟ !

— شۇنداق بولمامدىغان، شۇنداقتە...

...

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپلا «يېڭى، ئۆزگىرىشچان قىياپەتشۇناس» لارنى، ئادەم ئەمەس، شەيتانلارنىڭ ئۇستىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى ئەنە شۇ كىشىلەر باشلىق بۇ ئىدارىگە يېڭىلا تەيىنلىنىپ كەلگەندە، يېڭىدىن نېرى كەتمەي، باشلىق تەرلىسە يەل-پۈپ، توڭلىسا «جۇۋا» كىيدۈرۈپ، قورسىقى ئاچسا كاۋاپ بىلەن شاراپ كەلتۈرۈپ، ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ، تىزلىنىپ يۈرۈشۈۋاتات-تى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلار كونا «ھۈنىرى» نى تاشلاپ، «يېڭى ھۈنىرى» نى باشلاپ، «زەھەرلىك گاز» قويۇپ، «يوشۇرۇن ئوق» ئېتىشقا باشلىغىنىنى قارىمامدىغان. ئېھتىمال ئۇلار «قاتار» دىن قال-غانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيۋاتسا كېرەك. ئېتىراپ قىلمىغان ئىكەن، خىرىس قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئېلىشىشقا تېخى مەيدانغا چىقالمايدۇ، ئاشكارا قارشى تۇرالمىغاندىكىن ئارقىدىن «يوشۇرۇن ئوق» ئاتماي يەنە نېمە ئىلاج بار دەيسىز ئۇلاردا. يەنە شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، بۈگۈن ئۇلار ئارقىسىدىن غەيۋەت- شىكا-يەت قىلغان بىلەن، ئەتە ئۇنى «شىپاھى ئەنبەر» گە ئايلاندۇرۇپ، ئاشكارا سورۇندا پەيدا بولمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ئۆزلىرىنى پەردە بىلەن يوشۇرۇپ تۇرغاچقا، ئانچە چاندۇرۇپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار ئالدىدا ماختاپ ئۇچۇرۇشنى، ئارقىدا تىللاپ، قارغاپ «يىقىتىش» پەمىنى ئۆگەنگەن-دە!

جەمئىيەتتىكى غەيۋەت ـ شىكايەتچىلەر يالغۇز بۇلارلا بولمىسا كېرەك. يەنە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا پىتنە ـ پاسات، ئىغۋا تارقىتىپ

جان باقىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قابىلىيە- تىنى بوش چاغلىقلى بولمايدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ خىيالىغا كەلمەي- دىغان ئاجايىپ - غارايىپ سۆز - چۆچەكلەرنىمۇ توقۇپ چىقىرالايدۇ. مەسىلەن، بىرى، پوكۇنى جايدا پۇستانى پوكۇنىغا پىچاق سېلىپ كاللىسىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ، دېسە، يەنە بىرى، پۇستانى ئىدارىنىڭ باشلىقى ئاپتوموبىل ۋەقەسىگە ئۇچراپ نەق مەيداندا ئۆلۈپتۇ، پوكۇنى- نىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ پۇتۇن دەپىنە - دۇنياسىنى قۇرۇغداپ چىقىپ كېتىپتۇ، ساقچىلار ئوغرىنى تۇتالماي يۈرۈپتۇ، دېسە، يەنە بىرى قوپۇپ:

— ھەي ھازىرقى ساقچىلارنىڭ ئىقتىدارى شۇنچىلىك دەڭلا، — دېيىشىدۇ، ئىشقىلىپ، ئادەم ئاڭلىمىغان، تەسەۋۋۇر قىلىپ بولماي- دىغان توقۇلمىلارنى خۇددى راست بولغان ئىشتەك سۆزلەپ، كىشى- لەرنى ئىشەندۇرۇپ يۈرىدۇ، «يالغان سۆز ئۈچ قېتىم تەكرارلانسا، راستقا ئايلىنىدۇ» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى خېلى بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلالايدۇ ۋە ئاق- قارىنى تەھلىل قىلمايلا ئىشىنىپ كېتىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر ئاغزىلىرىنى كامارىدەك ئېچىشىپ، ھاڭۋېقىپ تېڭىرقاپ قېلىشىدۇ. بۇنى كۆرگەن ھېلىقى لاپچىلار يەنى «ئاغزىنىڭ قۇلىپى يوق» ئاشۇ خىل كىشىلەر ئارقا- ئارقىدىن «چۆچەك» لىرىنى توقۇشۇپ چىقىرىۋېرىشىدۇ. بۇ خىل يالغان سۆز - چۆچەكلەر جەمئىيەتتە قارا كۆلەڭگە پەيدا قىلىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇپ، جەمئىيەتتە داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ. ئىغۋا گەپلەرگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدىغان «نادان» كىشىلەر ئاشۇ خىل گەپلەرنى باشقىلارغىمۇ تارقىتىپ ۋە ئۇلارنى ئىشەندۇرۇپ، سۇزۇك ھاۋانى پىتنە - پاسات گازلىرى بىلەن بۇلغايدۇ ۋە خىزمەت، تۇرمۇشقا بىر مەھەل يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ھەقىقەتەن قەستەن قۇ- سۇر ئىزدەش، باشقىلارنىڭ يېغىرىنى ئېچىش، يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى قوراشتۇرۇپ «بازار» غا سېلىشنى كەسىپ قىلىۋالغان،

باشقىلارنى ئىنكار قىلىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ «قىممىتى» نى ئاشۇرۇشنى ھېكمەت قىلىۋالغان. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئۆم - ئىناق ياشىشىنى، يېڭىلىق، نەتىجە، شان - شەرەپ يارىتىشىنى خالىمايدۇ، سۇخەنچىدىلىك قىلىپ، پىتنە - ئىغۋا توقۇپ تۇرمىسا خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرگە چۈشىنىشلىككى، يۇقىرىقىدەك «زەھەرلىك گاز» قويۇۋېتىش ئۇسۇلى ئاشكارا «ئوق» ئېتىشتىن كۆپ ئەۋزەل بولسا كېرەك. «ئوق» ئاشكارا ئېتىلسا، چېنىپ قالىدۇ، ئاسانلا نىشانلىق شەخسىيگە ئايلىنىپ تونۇلۇپ، تۇتۇلۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئاشكارا ئوق» بەدەننى زەخىملەندۈرۈپ، نىشان ئېنىق بولۇپ قالىدۇ، «زەھەرلىك گاز» قويغاندا يوشۇرۇن، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا بولىدۇ، بىراق بۇنىڭ خەۋپى بەك يامان. بەزى «بەدىنى ئاجىز» كىشىلەر ئاسانلا زەخىملىنىپ، پاڭقۇش، ھەتتا ساراڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، كىشىلەر «زەھەرلىك گاز» بىلەن خۇش پۇراق ھىدىنى پەرق ئېتىشنى ئۆگىنىۋېلىشى، «زەھەرلىك گاز» نىڭ بەدىنىنى زەخىملەندۈرۈشىدىن ھەزەر ئەيلىشى لازىم.



# توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ-لاردىكى ھەشەمەتچىلىك ئادەت ئەمەس، ئىللەت

توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش قەدىمدىن بار ئادەت. توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلارنى مەيلى قايسى مىللەت كىشىلىرى بولسۇن، ھەر كىم ئۆز ھالىغا يارىشا ناھايىتى يەڭگىل ئۆتكۈزەتتى. كېيىنكى مەزگىللەردە، بولۇپمۇ ھازىرقى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات دەۋرىدە ئەسلىدە بىزدە يوق بەزى ناچار ئۆرپ - ئادەتلەر كىشىلىك تۇرمۇشىمىزغا بۆسۈپ كىردى. بىر قىسىم كىشىلەر ئىجاد قىلغان ياخشى ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى بۇزىدىغان ئاتالمىش «كەشپىيات»، «يېڭىلىق»لار بىزنى تېخىمۇ گاڭگىرىتىپ قويىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىدىكى بەزى «ئىجادىي» ئادەت-لەر، مەسىلەن، «ئىسقات قىلىش»، ھەشەم - دەرەم بىلەن «چوڭ نەزىر» ئۆتكۈزۈش، «قارىسىنى ئۇشتۇش»، «سوۋغات، زەللە» ئال-دۇرۇش قاتارلىق «ئۆلۈك نەگە ماڭدى، تىرىكنىڭ كۆتىنى كولىغى-نى» دېگەندەك ئەھۋاللار ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. توي - تۆكۈن ئىشلىرىدىكى ھەشەمەتچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك قىلمىشلى-رى، مەسىلەن، تويلۇقنىڭ ئېغىرلىقى، توي، مەرىكىلەرنىڭ ئالدى-كەيىندىكى ئورۇنسىز بېرىش - كېلىشلەر، «سالام بېرىش»لەر، چوڭ - كىچىك چايلار، بۇ جەرياندىكى سوۋغا - سالاملار، قىز

يۆتكىگەندە نۇرغۇن ھەشەمەتلىك پىكاپلارنى ئىشلىتىپ، شەھەر كو-چىلىرىنى ئايلاندۇرۇش قاتارلىق ئادەتلەر چىكىدىن ئېشىپ، كىشىنى تەئەججۇپلەندۇرىدىغان، ھەتتا سەسكەندۇرىدىغان ھالەتكە بېرىپ يەت-تى. بۇ بىر يامان ئىللەتكە، ئېغىر ئاپەتكە ئايلاندى. «تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ» دېگەندەك، بۇ ئاپەتنىڭ زىيىنىنى توي - تۆكۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلارلا ئەمەس، بەلكى كەڭ خەلق ئاممىسىمۇ تەڭ تارتماقتا، ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەر بۇنداق ئېغىر روھىي ۋە ئىقتى-سادىي جەھەتتىكى بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ياخشى ئەنئەنىسىگە داغ تەگكۈزىدى-غان، ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇلغايدىغان ئاشۇ خىل ھەشەمەت-چىلىك، ئىسراپچىلىق، داغۋازلىق، مەنمەنچىلىك قىلىش ئىللەتلى-رىگە چەك قويىدىغان پەيت ئەمدى يېتىپ كەلدى. ج ك پ 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنى-يەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرقانچە مۇھىم مەسىلە توغرى-سىدىكى قارارى» ۋە «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» دىمۇ ياخشى جەمئىيەت كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش ئىشى ئالاھىدە تەكىتلەندى. بىز بۇ يىغىننىڭ شەرق شامىلىدىن پايدىلىنىپ، توي - تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىدىكى ناچار ئادەتلەرنى قەتئىي ئۆزگەرتىشىمىز، چەك-لىشىمىز لازىم.

ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، توي- تۆكۈن، نەزىر- چى-راغلاردىكى ئىسراپچىلىق، داغۋازلىق، ھەشەمەتچىلىكنى قەتئىي تۈ-گىتىش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈ-رۈشتە بۆسۈش ھاسىل قىلىدىغان چوڭ ئىش. بۇ ئىشنى چىڭ تۇتۇپ، ياخشى ئىشلەش — روھنى ئۇرغۇتۇپ، توغرا كەيپىيات تىكلەشكە، ھەممە ئىشنى تېرىشچان، ئىقتىسادچىللىق بىلەن قىلىشتەك ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى يارىتىشقا؛ پارتىيە - ھۆكۈمەت ئىستىلىنى

ياخشىلاشقا، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلام، مەدەنىيەتلىك،
ئىلمىي بولغان تۇرمۇش ئۇسۇلى يارىتىشقا پايدىلىق. شۇڭا، بۇ ئىشقا
يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. توي- تۆكۈن، نەزىر-
چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزۈش، ھەشەمەتچىلىككە قار-
شى تۇرۇشتا يەنىلا كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار، پارتىيە،
ئىتتىپاق ئەزالىرى، مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ئاچقۇچ. بۇلار بۇ ئىشتا
ئالدى بىلەن باشلامچىلىق قىلىشى، ئۆزلىرى باشلامچى بولۇپ چەكلى-
شى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچى-
لەر، ھەر ساھە كىشىلىرى، كەڭ جامائەتچىلىك بۇ ئىشقا كۆڭۈل
بۆلۈشى ۋە ئاڭلىق چەكلىشى كېرەك. بۇ نۇقتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك
قىلىنسا يامان ئىللەت، ناچار ئادەتلەرنى ئۈنۈملۈك چەكلىگىلى بولى-
دۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەشۋىقات - تەرغىبات ئىشلىرىمۇ بىر مۇھىم
ھالقا بولۇپ، جانلىق، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق خەلق ئاممىسى-
نى ئىجابىي نۇقتىدىن يېتەكلەشكە كۈچ سەرپ قىلىشى لازىم.

# ئائىلىدە فامىلە، نەسەبنامە بولۇش — مەدەنىيلىكنىڭ بەلگىسى

— ئائىلەڭلەردە «نەسەبنامە» يېزىپ قالدۇرۇۋاتامسىلەر؟ فامىلە قوللاندىڭلارمۇ؟ — سورىدىممەن مەلۇم سورۇندا بىر زىيالىي دوستۇمدىن.

— ياق.

بىر ئېغىز راست سۆز بىلەنلا جاۋاب بەردى دوستۇم. يەنە بىر مۇئەللىم دوستۇممۇ راست گەپنى دېمەي تۇرالمىدى. مېنىڭ جاۋابىمۇ ئۇلارنىڭكىدىن كۆپ پەرقلەنمىسىمۇ، لېكىن ئۆزۈمنى خېلى بىر زىيالىي ساناپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈنمىكىن، خىجىللىق پەيگاسىدىن ئەپسۇسلۇق كۆلچىكىگە چۈشۈپ كەتكەندەك سوغۇق تەرگە چۆمۈپ كەتتىم. ئۇلارمۇ شۇنداق بولغان بولسا كېرەك، ئارىمىزدا بىر دەقىقە سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى، بىردەمدىن كېيىن مۇگدەك بېسىپ قايتا ئويغانغان ئادەمدەك سەگەكلىشىشكە باشلىدىم ۋە ئىنسان ھاياتىدا، ئەجدادلار تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بۇ ئىشقا ھازىرغىچە تولۇق، بېجىرىم كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىمىزدىن تۈمەن مىڭ قېتىم ئۆكۈندۇق.

دەرۋەقە، فامىلە، نەسەب دېگەنلەر بىر مىللەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، نەسەب دېگەن سۆز كېلىپ

چىقىش، ئۇرۇق، نەسىل، جەمەت، ئەجداد دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. «نەسەبنامە» دېگەنلىك، بىرەر كىشىنىڭ كېلىپ چىقىش نەسلى، ئۇرۇق - ئەجداد ھەققىدە يېزىلغان خاتىرە دېمەكتۇر. «فامىلە» — كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا ياكى ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالىدىغان، بىر مىللەتكە تەۋە مەلۇم ئۇرۇق كىشىلەرنىڭ قانداشلىق ياكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان تۇراقلىق، خاس نام. دېمەك، يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ مەنىسىدىنلا بىر ئائىلىدە ئىككى ئەڭگۈشتەر — بىرى فامىلە، يەنە بىرى نەسەبنامە بولۇشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

مىللىتىمىز كىشىلىرىنىڭمۇ فامىلە قوللىنىش تارىخى ناھايىتى ئۇزاق. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دا «بەكەچ - تېگىنلەرنىڭ لەقىمى» ( I توم 664 - بەت) دېگەن سۆز خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن لەقەم، فامىلە قوللىنىش تارىخىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇزاق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالماق قىيىن ئەمەس. تارىخي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مىللىتىمىز كىشىلىرى مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدىلا فامىلە قوللىنىشقا باشلىغان: (1) تۇتېم ياكى قەبىلە ناملىرىنى فامىلە ئورنىدا قوللانغان. كۈچلۈك، قەيسەر، باتۇر ھايۋانلارنى ئۆز قوۋمىنىڭ سىمۋولى دەپ قاراپ، ئۇلارغا چوقۇنغان، ئۇلاردىن مەدەت تىلىگەن. شۇڭقا، بۆرە، ئۆكۈز، قاپلان، يولۋاس، ئارسلان، شۇڭقار، قارچۇغىغا ئوخشاش ھايۋانات ۋە قۇشلارنى، ئاي، قوياش، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئۇلۇغلاپ، ئۆز قەبىلىسىنىڭ يىلتىزى، تۇتېمى ھەمدە ئۇنى پۇشتى، ئۇرۇقى، نەسەب بەلگىسى سۈپىتىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قالدۇرغان؛ (2) جۇغراپىيىلىك جايلارنىڭ ناملىرىنى فامىلە ئورنىدا قوللانغان. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرى، موللا مۇسا سايرامى دېگەندەك؛ (3) ئۇنۋان، مەنسەب، ئەمەل، كەسىپ ناملىرىنى فامىلە ئورنىدا قوللانغان. ھەرقايسى دەۋرلەردە مەلۇم ئاتاق، ئۇنۋان، كەسىپ، ئەمەلگە ئىگە بولغان كىشىلەر كەسىپ، ئەمەل، ئۇنۋان نامىنى

ئۆز ئىسمىغا ئۇلاپ فامىلە قىلغان. مەسىلەن، توختى مىراپ، ئەلى سەرراپ، تۇردى بەگ، ئەمەت مەزىن… دېگەندەك؛ (4) لەقەمنى فامىلە ئورنىدا قوللانغان. مەسىلەن، مامۇت شەيتان، ئىمىن پالۋان، ئاۋۇت قارىقاش، يۇنۇس تايغان دېگەندەك؛ (5) ئەدەبىي تەخەللۇسلار-مۇ فامىلە سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تۇرغۇن يىلتىز، تۇردى يامغۇر… دېگەندەك؛ (6) ئەرەبچە، پارسچە فامىلە شەكىللىرىمۇ ئاز - تولا ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئىسمىنى فامىلە ئورنىدا قوللىنىش ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولۇشقا ۋە ئومۇملىشىشقا باشلىغان. ئادەتتە ئاتا ئۇرۇق، ئانا يەر ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، نەسەب قوغلى-شىپ (ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرمەسلىك ئاساسىدا) ئىسىم قويىدىغان، بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى ئوغۇل نەۋرىسىگە، مومىسىنىڭ ئىسمىنى قىز نەۋرىسىگە ئىسىم قىلىپ قويىدىغان ئادەت شەكىللە-نىپ، ئوغۇلنى تىلغا ئالغاندا بوۋىسىنى، قىزنى تىلغا ئالغاندا موما-سىنى ئەسلەيدىغان تۇرمۇش شەكلى ئىپادىلىنىپ كەلدى. بۇنداق ئادەت بەزى ئائىلىلەردە ئىزچىل، بەزى ئائىلىلەردە ئىزچىل بولال-ماي، ئىسىم - فامىلىلىرى ئوخشىشىپ، ئارىلىشىپ كېتىدىغان (ئۇيغۇرلاردا ھەر 1000 كىشىگە بىر ئىسىم توغرا كېلىدۇ)، يىللار ئۆتكەنسېرى ئائىلە ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنى ئېنىق، تولۇق بىلەلمەي ئالەمدىن ئۆتىدىغان، نەسەب قالدۇرۇپ ماڭالمايدىغان ئادەت ئۆزلىشىپ، داۋاملىشىپ كەلدى. خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت كىشىلىرى ئائىلىدە فامىلە قوللىنىدۇ، نەسەبنامە يېزىپ ماڭىدۇ. شۇڭا بىلەن ئۇلار ئەجدادىنى، ئەۋلادىنى بىلىپ ماڭىدۇ. مىللىتىمىز ئادەملىرى-نىڭ كۆپ قىسمى فامىلە قوللانمىغانلىقى، نەسەبنامە يېزىپ ماڭمى-غانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ چوڭ بوۋىسىنىڭ كىملىكىنى دەپ بېرەلەي-دىغانلار ناھايىتى ئاز. كۆپ قىسمى 3 - بوۋىسىغىچە دەپ بېرەلەيدى-يۇ، 4 - بوۋىسىغا بارغاندا دۇدۇقلاپ قالىدۇ، دۇدۇقلىماي ساناپ بېرەلەيدىغانلار قانچىلىك، بۇنى بىلىپ بولمايدۇ. بىزگە ئوخشاش ئاز

سانلىق مىللەت بولغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە نوپۇسى نىسبەتەن ئاز بولغان قىرغىز مىللىتى كىشىلىرىمۇ، ھېچبولمىغاندا 7 - بوۋىسىغىچە ساناپ بېرەلەيدۇ، بىزچۇ؟…

دەرۋەقە، ئىلگىرى مىللىتىمىز كىشىلىرى ئىچىدىكى قەلەم تۇتالايدىغان ياكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان، ياكى ئوقۇمۇشلۇق ئاز ساندىكى كىشىلەر ئارىسىدا «نەسەبنامە» يېزىپ قالدۇرۇش، تارىخىي خاتىرە يېزىش، تەزكىرە يېزىپ قالدۇرۇش ئادەتلىرى بولغان، بۇنىڭدا ئۆز ئەۋلادى، قوۋمى، يۇرتى ئىچىدىكى نامى ئۇلۇغ، شۆھرىتى يۇقىرى، باتۇر - پالۋانلىقتا تونۇلغان، ئەل - ۋەتەن يولىدا جان پىدا قىلغان، كۆپلەپ خاسىيەتلىك ئىش قىلغان داڭدار كىشىلەرنىڭ تارىخى - تەزكىرىسى خاتىرە سۈپىتىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان ياكى رىۋايەت شەكلىدە توقۇلۇپ، ئىش ئىزلىرى داستان قىلىپ ئوقۇلۇپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ساقلانغان. باشقا نۇرغۇن سانىنى تەشكىل قىلىدىغان ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەسەب، تارىخ، تەزكىرىسى يېزىپ قالدۇرۇلمىغان، ئەمدى بۇ ئىشلارغا خاتىمە بېرىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. ھازىر دەۋر، زامان ئۆزگەردى، ئادەملەر ئۆزگەردى، دۇنيا تەرەققىي قىلماقتا… بۇ خىل تەرەققىيات، ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش، مەدەنىيلىك ساپايىمىزنى، بىلىم سۈيەر روھىمىزنى ھەقىقىي نامايان قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم بىر ئائىلىدە بىر فامىلە، بىر نەسەبنامە بولۇشى، شۇ ئائىلە، شۇ قوۋم، شۇ نەسەبتىكىلەر ئۇنىڭغا چوقۇم ۋارىسلىق قىلىشى لازىم. ئىلگىرى فامىلە قوللانمىغان، نەسەبنامە يېزىپ مېڭىشنى ئادەت قىلمىغان كىشىلەر بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشنى قولغا ئېلىشى لازىم. چۈنكى، نەسەب تارىخنى ئۇلىغۇچى ئالتۇن ھالقا. ئۆتمۈشتە ياشىغان ئەجدادلارنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۇلىغۇچى رىشتە، ئائىلىنىڭ تارىخ - ئەينىكى، ئەجدادلارنىڭ مەنىۋى بايلىق ئامبىرى. شۇنداق ئىكەن، ئەجدادىنى، يىلتىزىنى، نەسەبىنى بىلمىگەن ئادەمنى قانداقمۇ ھازىرقى مەدەنىيەتلىك زاماننىڭ ئادەملىرى دېيىش مۇمكىن! نەسەبنامە قالدۇرۇش، فامىلە قوللىنىش مەدەنىي-

لىكنىڭ مۇھىم بەلگىسى، مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شۇڭا، بۇ ئىشقا
يەڭگىللىك ھەم نادانلىق قىلىپ سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ.
ئۇنداقتا، «نەسەبنامە» گە نېمىلەرنى يېزىش، قايسى دائىرىدىكى
ئىشلارنى كىرگۈزۈش كېرەك؟ مېنىڭچە، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا،
ئەجدادى، ئۇرۇق - نەسلى كىم؟ ئۇلار قايسى ئەسىر، قايسى يىل،
قەيەردە تۇغۇلغان، ئىسىم - فامىلىسى كىم؟ ئۇلارنىڭ ئەۋلاد -
ئەجدادلىرى كىملەر؟ ئۇلار قانداق كەسىپ، قانداق ھۈنەر، تىجارەت
بىلەن شۇغۇللانغان، قانداق ئۇنۋان - ئاتاقلا ئېرىشكەن، قانداق روناق
تاپقان ياكى قايسى يول بىلەن ۋەيران بولغان دېگەنگە ئوخشاش ئەھۋال-
لارنى يازسا مۇۋاپىق بولار. مۇبادا يەنىمۇ مۇكەممەللىكرەك، تولۇق-
راق يېزىشقا توغرا كەلسە، شۇ ئەۋلاد كىشىلەر ئىچىدە خەلققە،
ۋەتەنگە كاتتا تۆھپە قوشقان، شان - شەرەپ قۇچقان، ئىلىم - پەن،
ھۈنەر - تىجارەتتە كامالەتكە يەتكەن كىشىلەر بولسا ئۇلارنىڭ ئىشلى-
رىنى ئالاھىدىرەك خاتىرىلەپ قويسا تېخىمۇ تولۇق بولۇشى مۇمكىن.
نەسەبنامە ئەينەن، راستچىللىق بىلەن يېزىلىشى، تارىخنىڭ سىنىقى-
دىن ئۆتۈشى لازىم. چۈنكى، نەسەبنامە يېزىلىپ، 10 — 20 يىل
ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يېزىلغان ئىشلار
تارىخقا ئايلىنىدۇ، تارىخنى ئەلۋەتتە بىر ئائىلە، بىر كىشى يازمايدۇ،
خەلق يازىدۇ، يازغان ئىشلىرىمىز رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىسا، ھەر-
قانچە پەردەزلەپ يازغان بىلەنمۇ ئۇ بەربىر تارىخ، نەسەبنامە بولالماي
قالىدۇ. يەنە بىر ئىشنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ-
كى، ئەگەر نەسەب - قوۋمىمىز ئىچىدە تەتۈر يول تۇتۇپ، خەلققە،
ھۆكۈمەتكە يۈز كېلەلمەيدىغان ئېغىر ۋەقە - ئىشلارنى سادىر قىلىپ،
ۋەتەن، خەلققە ئېغىر زىيان سالغانلارنىمۇ ئالاھىدە قىستۇرۇپ قويۇش
لازىم. چۈنكى، ئۇنداقلارمۇ كېيىنكى ئەۋلادلارغىمۇ بىر «ئەينەك»،
بىر «سەلبىي ماتېرىيال» بولۇپ قالىدۇ. مۇنداق بولغاندا، بۇرۇنقى-
لار كەتسىمۇ، كېيىنكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى، ئۇلارنىڭ
تۆھپە - گۇناھىنى بىلىپ، ياخشى تەرەپلىرىدىن، ياخشى ئەنئەنىلىرى-

دىن ئۆلگە - ئىلھام ئېلىپ ۋارىسلىق قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، «سەلبىي تىپ»لاردىن ساۋاق يەكۈنلەيدۇ.

«نەسەبنامە» يېزىپ قالدۇرۇش قانچىلىك مۇھىم بولسا، فامىلە قوللىنىشمۇ شۇنچىلىك مۇھىم. فامىلە قوللانغاندا، ئەڭ ياخشىسى بىر ئۇرۇق، بىر جەمەت بىر تۇراقلىق، خاس فامىلە قوللىنىشى، قوللانغان فامىلە بىر مىللەتكە تەۋە مەلۇم ئۇرۇق - جەمەت كىشىلىرى-نىڭ قانداشلىق ياكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ تۇرۇ-شى، يېڭى، ئىخچام، ئاممىباب، مەزمۇنلۇق بولۇشى، قوللانغان فامىلە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قېلىشى، ئىزچىل داۋاملى-شىشى، ئالدىنقىلارنىڭ فامىلىسىگە كېيىنكىلەر چوقۇم ۋارىسلىق قىلىشى لازىم. شۇڭا، مەيلى «نەسەبنامە»، مەيلى فامىلە قوللىنىش بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى مىللىتىمىز كىشىلىرىگە نىسبەتەن مۇھىم ھەم تەخىرسىز ئىش بولۇپ، ھازىرنى باشلانما قىلىپ، ئىشلارنى يېڭىۋاشتىن باشلىشىمىز، داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىمۇ ئەس-كەرتىپ ئۆتۈش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇكى، مىللىتىمىز كىشىلىرى ئى-چىدە ئاللىقاچان فامىلە قوللانغان، «نەسەبنامە» يېزىپ مېڭىۋاتقان كىشىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ، مۇنداق فامىلە، نەسەبنامە مەدەنىيىتىنى تۇرمۇشقا سىڭدۈرگەن، سىڭدۈرۈۋاتقان كى-شىلەرنى ئەڭ دانا، ئەقىللىق، مەدەنىيەتلىك كىشىلەر، يىراقنى كۆرگەن، ئويلىغان كىشىلەر دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە ئەرزىمەيدىغان كىشىلەرمۇ بار. ھەممىمىزگە مەخپىي ئەمەسكى، ئادەم مەڭگۈ ياشىمايدۇ، ئۆمرىنىڭ، ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ. بەزىلەر ساۋاتلىق ھەم قەلەم قۇۋۋىتى يېتەرلىك تۇرۇپ، ئائىلىدە، جەمئىيەتتە، شۇ جايدا ياشىغان، باشقىلارغا باشلامچى بول-غان، تۆھپە ياراتقان، شان - شەرەپ قۇچقان، دانا ۋە ئەللامەلىقتا كامالەتكە يەتكەن، ئىجاد قىلغان، يېڭىلىق ياراتقان كىشىلەرنى، شۇ دەۋردە سادىر بولغان ۋەقە - ھادىسىلەرنى خاتىرىلەپ، ئەۋلادقا يەتكۈ-زۈپ قويماي، توپلىغان ماتېرىياللىرىنى، قىلغان ئەجرىنى باشقىلارغا

مىراس سۇپىتىدە قالدۇرۇپ قويماي، سۆزلەپ بەرمەي، ئۈن ـ تىن ـ
سىز، ئىز ـ دېرەكسىز، گويا بىر كېچىدىلا بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن ـ
دەك ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالسا، ئۇنىڭ نېمە قىممىتى، نە ئەھمىيىتى
بولسۇن! ئارىمىزدا شۇنداق «كېتىپ قالغان» لارمۇ بار. كىشىلەر
يۇرت ئەھلى تەرىپىدىن «تىرىك شاھىد» ، «تىرىك يۇرت تارىخى» ،
«يۇرت ئەللامىسى» دەپ ھۆرمەتلىنىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزى
بىلىدىغان يۇرت تارىخىنى، قورسىقىدىكى بىلىم، ھۈنەرلىرىنى باش ـ
قىلارغا دەپ بەرمەي ياكى يېزىپ قالدۇرۇپ قويماي ۋەياكى توپلىغان،
يىغقان ماتېرىيال ـ كىتابلىرىنى ئۆزى ئىشەنگەن، ئۆزىگە سەممىي ـ
لىك ئىپادىلەيدىغان بالا ـ چاقىسى، تۇغقىنى ياكى باشقا كىشىلەرگە
مىراس سۇپىتىدە ھەدىيە قىلمايلا ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ
مۇھىم خاتىرە ـ ماتېرىياللىرى، كىتاب، قول يازمىلىرى، نەسەب،
تەزكىرىلىرى ئۇلارنىڭ كىرپىكىگە توپا قونماي تۇرۇپلا نادان ئەۋلاد ـ
لىرى تەرىپىدىن بۇزۇپ ـ چېچىلىپ تاشلاپ قويۇلدى ياكى سېتىۋې ـ
تىلدى. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق، ھەسرەتلىك ئىش ـ ھە؟ ! شۇڭا،
بۇ خىل جاپاكەش ئەجدادلىرىمىز ئۆز ئەجرىنى قەدىرلىگەن ئاساستا،
ئۆزلىرى بىلىدىغان، مۇھىم دەپ قارىغان، خاتىرىلەپ قويۇشقا تې ـ
گىشلىك ئىش، ۋەقە، ھادىسىلەرنى، ئادەملەرنى، ھۈنەر ـ تېخنىكا،
بىلىملەرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىپ قالماي، خاتىرىلەپ
قويۇشى، ئۆزلىرىنىڭ فامىلە، نەسەبنامىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ـ
نى يېزىپ قالدۇرۇپ، ئەۋلادلارغا سۆزلەپ بېرىپ، كۆڭۈلگە پۈككەن
ئىشلارنى بۇرۇنراق ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم.

# كىتاب — كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قۇۋۋەت دورىسى

گېزىت ۋاراقلاۋېتىپ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ مەلۇم سانىغا بېسىلغان «شۆجىدە كىتاب بولماسلىقتىن ئويلىغانلىرىم» دې- گەن خەۋەر دىققىتىمنى تارتتى. خەۋەردە مۇنۇلار يېزىلغان: «يېقىندا مەلۇم بىر يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى مۇئاۋىن هاكىملىقا سايلىنىپ، ئۆيىنى شەهەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەندە، ئۈچ ئاپتوموبىلغا ئالىي دەرى- جىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى لىق بېسىلغان. چوڭ - كىچىك 28يە- شىككە داڭلىق تاماكا، هاراق قاچىلانغان، ۋەهالەنكى شۇجىنىڭ بار- لىق ئائىلە بىساتلىرى ئىچىدە بىر پارچىمۇ كىتاب كۆرۈنمىگەن.» بۇ قۇرلار مېنى ئويغا سالدى. بۇ ئىش نۆۋەتتە بەزى كادىرلاردا ساقلىنىۋاتقان كىتاب ئوقۇماسلىق، ئۆگىنىش قىلماسلىق خاھىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. قىسمەن كادىرلار كۆپ هاللاردا ئۆزىنىڭ سالاهىيىتى، تەجرىبىسى، كونا ئۇسۇل - چارىلىرىغا تايىنىپ، هەتتا قاراملىقىغا تايىنىپ خىزمەت قىلىدۇ، يېڭى ئوي - پىكىرلەردە بول- مايدۇ، خىزمەتتە يېڭى سەۋىيە ياراتمايدۇ، ئىشنى ئېقىشىغا قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشنى ئويلىمايدۇ. بىراق، سەيلە- ساياهەت، ئويۇن- تاما- شا دېسە ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئالىي رېستورانلاردا ئولتۇرۇپ پۇلنى بولۇ- شىغا خەجلەيدۇ. دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ. بەزى- لەر 100 ~ 1000 يۈەن پۇل خەجلەپ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى،

ئۆي ـ جاھازلىرى سېتىۋالىدۇ... بۇ خەجلىگەن پۇللار پەقەت كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. بىراق، بىرقانچە يۈەن، بىرقانچە ئون يۈەن خەجلەپ كىتاب سېتىۋېلىشقا، گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇشقا توغرا كەلسە، ئالدى ـ ئارقىسىغا قارايدۇ، بولسا ئۇنىمۇ ھۆكۈمەت پۇلىغا يېزىلغۇسى كېلىدۇ. ئۆزى ئۇچۇن ئۆگىنىش، پايدىلىنىش قىممىتى زور بولغان كىتاب ـ ماتېرىياللارغىمۇ ئۆز يېنىدىن ئازراق پۇل چىقىرىشقا كۆزى قىيمايدۇ. مەردلەرچە پۇل خەجلەيدىغان «بايۋەچچە» لەر بالىلىرى ئوقۇش ماتېرىيال پۇلى تەلەپ قىلسا، تولىمۇ پىخسىقلىق قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ، پەرزەنتلىرىنىڭ «ئەقىل بۇلىقى» نى ئېچىشقا مەبلەغ سالغۇسى كەلمەيدۇ. بۇ بىر نادانلىقنىڭ ئالامىتى.

قايسىبىر مۇتەپەككۇر: «كىتاب — ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئاچقۇچى» دېگەن. ئۇلۇغ پېشىۋالىرىمىز يەنە «بىلىم — كۈچ» دېگەن ۋە يەنە «كىتاب — ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ شوتىسى»، «كىتاب — ئادەملەرنى يورۇقلۇققا، چىنلىققا باشلايدىغان مەشئەل» دەپ تەرىپلىگەن. ئەگەر كىتاب بولمىغان بولسا، كىشىلەر نادانلىقنىڭ ئاسارىتىدىن ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان جاپا ـ مۇشەققەتلەردىن قۇتۇلالمىغان بولاتتى، ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ھازىرقىدەك تەرەققىيات باسقۇچىغا يېتەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كىتاب ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ، ئەنە شۇنداق قىممەتلىك بولسىمۇ، بەزى كادىرلار كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاشنى خالىمايدۇ، ئىزدىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي خىزمىتى ئۈستىدە يېڭىلىق ياراتىشنى، يېڭى نەتىجە يارىتىشنى چوڭقۇر ئويلانمايدۇ. بۇ خىل كىشىلەردىن بىر قىسىملىرى كىچىككىنە بىر شەھەر، كىچىككىنە بىر يېزىدا ياشاۋاتقانلىقىغا قارىماي، «جاھان دېگەن مانا شۇ»، «ئۆمۈر دېگەن چەكلىك نېمە، ئېيت ناخشاڭنى ئىچ شاراب...» دەپ كۈن بويى لاغايلاپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق ياشاش، كۈن ئۆتكۈزۈش ھازىرقى ۋەزىيەت بىلەن قىلچە سىغىشالمايدۇ. ھازىر ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوندىكى نۇرغۇن كىشىلەر كەلگۈسىدىكى خىرىسنى كۆتۈۋې-

لىش، تېخىمۇ ياخشى ياشاش ئۈچۈن جان تىكىپ ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، ماگىستىر، دوكتور دېگەندەك ئىلمىي ئۇنۋانلارغا ئېرىشكەن-لىكىگە قانائەت قىلماي، ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانلارنى ئېلىش يولىدا قاتتىق ئۆگىنىپ ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتى-مىز. ئۇ جايلاردا چەت ئەل تىلى، ئىقتىساد، سودا، قانۇن ۋە تېخنىكا بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىدىن بەك ئەتىۋارلىنىۋاتقانلىقىنى، «پۇلدار»لارنىڭ يۇقىرى ھەق بېرىپ، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ بالىلىرىنى ئوقۇتۇۋاتقانلىقىنى، بالىلىرىنى نۇقتىلىق باغچا، باشلان-غۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلدۇرۇۋاتقان-لىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىمۇ يۇقىرى تېخنى-كىغا ئىگە كىشىلەرنى تېخنىكىلىق كەسپىي ئورۇنلارغا تەكلىپ قى-لىپ، يۇقىرى ھەق بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. ئەقەللىي-سى، تېخنىكىسى يۇقىرى ئاشپەزلەرنىڭمۇ ئالىي رېستورانلارغا تەك-لىپ قىلىنىپ، يۇقىرى ئىش ھەققى ئېلىۋاتقانلىقىنى، تېخنىكىسى يوق، بىلىمى يوق كىشىلەرنىڭ قارا ئىش، ئېغىر ئىش قىلىپمۇ يەنە تۆۋەن ئىش ھەققى ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلىمنىڭ، تېخنىكىنىڭ پۇل ئىكەنلىكىنى، باي بولۇش، ياخشى ياشاش ئۈچۈنمۇ يەنىلا تېخنىكا، بىلىمنىڭ مول بولۇشىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

جەمئىيەت، ئىقتىساد ئاخىرقى ھېسابتا ئىلىم - پەن ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ. سىز بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا كارامەت كۆرسە-تەي دېسىڭىز، كىتاب ئوقۇشىڭىز، بىلىم ئۆگىنىشىڭىز لازىم. ئائىلە بىساتلىرى، ئالتۇن زىبۇزىننەتلىرى كۆزنى چاقنىتىدىغان «توققۇزى تەل» كىشىلەرمۇ ئۆيلىرىدە كىتاب ساقلىشى، بىلىم ئۆگە-نىشى، تېخنىكا ئۆگىنىشى لازىم. دانالار ئېيتقاندەك: «كىتاب بول-مىغان ئۆي دېرىزىسى بولمىغان ئۆيگە ئوخشايدۇ...»، «بايلىقمۇ يېتىپ - ئېشىپ تۇرۇۋاتسا كىتاب ئوقۇشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى» دەپ قارايدىغان كىشىلەر، قۇرسىقىدا ئىلىپنىڭ سۇنۇقى يوق، ھېچنېمە بىلمەيدىغان كىشىلەردۇر. كىتاب ئوقۇمايدىغان، بىلىم ئالمايدىغان،

ئۇنداق كىشىلەرنى كەلگۈسىدە كۇتۇپ تۇرىدىغىنى دەۋرنىڭ شاللىۋې-
تىشى بولىدۇ، خالاس.
ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئەلۋەتتە كىتابتىن ئايرىلالمايدۇ،
كىتاب ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسى،
ھەرقايسى مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشمۇ كىتابتىن ئايرىلالماي-
دۇ. مىللىتىمىز كىشىلىرى ئارىسىدا قورسىقى ئاچ قالغان كىشىلەر
تاماقتا ئىنتىلگەندەك، بىلىمگە ئىنتىلىپ تۇرىدىغانلار ئاز ئەمەس.
ئۇلار بىرەر چەت ئەل تىلىنى بىلىشنى، بىرەر پەندىن نەتىجە يارىتىش-
نى ئازلىق ھېس قىلماقتا. يەنىمۇ نۇرغۇن بىلىم ئالسام، يەنىمۇ
كۆپرەك نەتىجە ياراتسام دەپ ئالغا ئىنتىلىپ تۇرىدۇ. بىراق، يەنە
بىر قىسىم كىشىلىرىمىز كىتاب، گېزىت ئوقۇمايدۇ. قۇرۇق پاراڭ،
كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرگە ئىشىنىپ، ئاغزى-
غا كەلگەننى سۆزلەپ، پو ئېتىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. «قولاق
موللىسى» بولۇۋېلىپ ئۆزىنى بىلىملىك كىشى ھېسابلاشقا خۇشتار.
بولۇپمۇ بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام رەھبىرىي كادىرلىرى ئارىسىدا
شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار «ئەمەل مېنىڭ ئالتۇن تاۋىقىم،
مۇشۇ تاۋىقىمنى تارتتۇرۇپ قويمىساملا ھەممىدىن خاتىرجەم ئۆتى-
مەن»، دەپ ئويلاپ بىلىمگە ئىنتىلمەيدۇ، ئەمەلنى چىڭ تۇتۇش
ئۈچۈنمۇ «بىلىم كېرەك» بولىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلىمايدۇ، «كىتاب
ئوقۇش، بىلىم، ئۈچۈر ئىگىلەش» دېسە بېشى ئاغرىيدۇ. كىتاب،
گېزىت بىلەن خۇشى يوق، ماتېرىيال ھۆججەت ئوقۇمايدۇ. «ھۆج-
جەت» كەلسە ماۋزۇسىنى ئوقۇپلا، ھەممىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ،
ئىچىنى ۋاراقلاپمۇ قويمايدۇ. ئۆيىدە، ئىشخانىسىدا كىتاب ساقلىماي-
دۇ، ئۆزىچە ھەممىنى بىلىمەن، دەپ خىيال قىلىپ باشقىلارنى ھەر-
گىزمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ، ھەتتا دېھقانىنى «كالۋا، دوت، گەپ ئۇقتۇر-
غىلى بولمايدۇ» دەپ ئۆزىچە قايناپ كېتىدۇ. ئۇلارنى مەسخىرە قىلى-
دۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆز قورسىقىدا ئىلىپنىڭ سۇنىقىمۇ يوقلۇقىنى
ئاڭقىرالمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەيدۇ. بىلىم-
نىڭ يېڭىلىنىۋاتقانلىقىنى، بىرەر خىزمەت بىلەن شۇغۇللانسا بىرەر

نەتىجە، تەجرىبە يارىتىۋالسا، بىر ئۆمۈر «يەپ يېتىشقا» يېتىدىغان دەۋرنىڭ ئالىلىقاچان كەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بۇ تولىمۇ هاماقەتلىك ئوي ـ خىيال. هازىر خەلقئارادا بىلىم بەش يىلدا ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر قېتىم يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەيلى «ئەمەلدار بولسۇن، مەيلى ئادەتتىكى كادىر بولسۇن، مەيلى دېھقان، ئىشچى بولسۇن» بىر خىل «كرىزىس ئېڭى» بولۇشى كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، مەيلى كارخانا، مەيلى يېزىلاردا بولسۇن، بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىش ئۈچۈن مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى ئۆزلۈكسىز تەڭشەشكە، يېڭى مەھسۇلات يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ، يەنى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان يېتەكلەش خاراكتېرىدىكى كەسىپلەر، ئۈچۈر كەسپىگە ئوخشاش كەسىپلەردىمۇ بىلىم قۇرۇلمىسىنى، تېخنىكىسىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاشقا توغرا كەلمەكتە. ئۇنداق بولمىغاندا، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئەمەلدارلار بولسۇن، كەسپىنى يېڭىلاش، ئىش ئورنىنى ئۆزگەرتىش، ئىش ئورنىدىن قېلىش، ھەتتا شاللىنىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە بىلىم شۇنچىلىك مۇھىمكى، بۇنى مىللىتىمىزنىڭ ھەرقانداق بىر ئادىمى چوڭقۇر چۈشىنىشى لازىم. «كىتاب — كىشىلەرنى ئالغا باستۇرىدىغان شوتا»، «كىتاب — زامانىمىزدىكى ھەقىقىي ئالىي مەكتەپ» دېگەن ھەقىقەتلەرنى تونۇيدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. ئەگەر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلمەي، بىغەملىك بۆشۇكىدە يېتىۋېرىدىغان بولساق، ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەرگە «ئىسىت» دېمەي قالمايمىز. شۇڭا، كىتابنى قىزغىن سۆيۈشىمىز، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشىمىز لازىم. چۈنكى، كىتاب سەھىپىلىرىدە شىپالىق دورا بار، ئۇ نادانلىقنى داۋالايدۇ؛ كىتاب سەھىپىلىرىدە ئېسىل نازۇ نېمەتلەر بار، ئۇ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە ئىگە قىلىدۇ؛ كىتاب سەھىپىلىرىدە بىر خىل سېھرىي كۈچ بار، ئۇ چۆكۈپ كېتىۋاتقان «كېمە»مىزنى قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ.

# كەرەملىك ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ مۇبارەك تەۋەررۇكلىرى يۇرتىنىڭ، مىللەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى

بىر كۈنى ئۇ دۇنياغا كەتكىنىگە ئىككى ـ ئۈچ يىل بولغان بىر يېقىن بۇرادىرىمىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن ھال سوراپ بارغانىدىم. گەپ ئارىلىقىدا مەرھۇمنىڭ خوتۇنىنىڭ ئېرىدىن قالغان كىتاب ـ ماتېرىياللىرىنى نىمكەش مال سېتىۋالغۇچىلارغا سېتىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. چۈنكى، مەرھۇم بۇرادىرىم يازغۇچى، شائىر بولمىسىمۇ، بىلىمنى، كىتاب ـ ژۇرناللارنى بەكمۇ قەدىرلەيتتى. بازارغا چىقسىلا كىيىم ـ كېچەك سېتىۋالمىسا سېتىۋالمايتتىكى، قىممەت باھالىق ياخشى كىتابلاردىن بىر ـ ئىككىنى سېتىۋالماي قويمايتتى. كىتاب ـ ژۇرنال ئوقۇشقا، ساقلاشقا بەكمۇ ھېرىسمەن بولۇپ، مەخسۇس كىتاب ئىشكاپىمۇ بار ئىدى. مانا بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ جەسەت سۆڭەكلىرى چىرىمەي تۇرۇپلا ئۇ قەدىرلىگەن، ياخشى كۆرىدىغان، ئەتىۋارلايدىغان كىتاب ـ ژۇرناللىرىنىڭ ئاللىقانداق قەغەز پۇرچىلارنىڭ قولى ئارقىلىق قەغەز زاۋۇتىغا كەتكەنلىكىنى بىلىپ تولىمۇ ئېچىندىم، يۈرىكىم پۇچىلىنىپ كەتتى. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك! ھەي! ...

يېقىندا يەنە بىر مويسىپىت، مەرىپەتپەرۋەر، ھۆرمەتلىك زاتنىڭ ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشقا توغرا كەلدى. ئۇ كىشىمۇ ئۆمۈر بويى

كىتاب ـ ماتېرىيال توپلىغان، كىتاب ـ ژۇرنال دۆۋىلىرى ئىچىدە يۈرۈپ خىزمەت قىلغان مەرتىۋىلىك كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇنى ـ بۇنى يازاتتى. تارىخىي ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى خاتىرىلەپ ماڭاتتى. ئەتراپتىـ كىلەرگە تۈرلۈك بىلىم، ھۈنەر ـ رىساللىرى، ۋەقە ـ ھادىسىلەر توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇنىۋېرسال بىلىمى بىرقەدەر مول بولۇپ، ئۆز دىيارىنىڭ قەدىمكى تارىخىي ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىدىغان بولۇپ، بىر يۇرتنىڭ تىرىك شاھىدى ئىدى. سۆھبەت ئارىلىقىدا، ئۇ بېشىدىن ئۆتكەن كىچىككىنە بىر ئىشنى ماڭا سۆزلەپ بەردى:

بىر كۈنى بۇ مويسىپىت بوۋاي تاۋى يوق بولۇپ قېلىپ، يېتىپ ئارام ئېلىۋاتاتتى. ئىشىك ئېچىلىپ ئۈچ كىشى ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۇ ياتقان ئۆيدىكى گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىلەرگە جايلىشىپ، سالام ـ سەھەتتىن كېيىن، ئۆزئارا ھال ـ ئەھۋال سوراشتى. سىرتتىن سالام ـ سەھەت قىلىشسىمۇ ئەزەلدىن ئائىلە ئەزالىرى ئاغرىق ـ سىلاق بولۇپ قالسا ياكى ئائىلىسىدە توي ـ تۆكۈن، مۇسىبەت ئىشلىرى بولۇپ قالسىمۇ باردى ـ كەلدى قىلىشـ مايدىغان بۇ ئۈچ پېشقەدەم زىيالىينىڭ تاسادىپىي ھالدا يوقلاپ كېلىـ شى بۇ مويسىپىت بوۋايغا باشقىچە تۇيۇلدى. بىراق، ئۇلارنىڭ «بىتاب ـ لىقىلىرىدىن خەۋەر تېپىپ يوقلاپ كېلىشىمىز...» دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى خېلىلا يومشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، بۇ مويسىپىت بوۋاينىڭ «ئوغۇل ـ قىزلىرىم بولسىمۇ، ئىشلىرىمغا ۋارىسلىق قىلالايدىغان پەرزەنتىمنىڭ يوقلۇقىدىن ئەپسۇسلىنىمەن، توپلىغان، يازغان كىتاب، ماتېرىياللىـ رىمنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا پايدىلىنىلماي بۇزۇلۇپ، چېچىلىپ ناـ بۇت بولۇپ كېتىشىدىن ھەسرەتلىنىمەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئۈچ پېشقەدەم زىيالىينىڭ تىللىرىغا يېڭىۋاشتىن جان كىرىپ، «بىز ـ مۇ دەل مۇشۇ ئىشنى دەپ كېلىشىمىز. كىتاب ـ ماتېرىياللىرى بولسا بىزگە بېرىپ تۇرغان بولسىلا، پايدىلىنىپ تۇرساق...» دېيىشتى.

پېشقەدەم مويسىپىت بوۋاينىڭ كىتاب - ماتېرىياللىرىنى بەرگۈسى بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەننى سىمابتەك ئېرىتىدىغان شېرىن سۆزلىرى خېلىلا تەسىر قىلدى بولغاي... «قازايى قەدىر ئۆلۈپ تارتىپ قالسام، كىتاب - ماتېرىياللىرىم ئىگە - چاقىسىز قالمىسۇن، بالا - چاقىلىرىم بۇزۇۋېپ نابۇت قىلىۋەتكۈچە، بوپتىلا، مۇشۇلارغا بېرىپ تۇرسام تۇ- راي» دېگەن يەرگە كەلدى - دە، باللىرى ئارقىلىق «ماتېرىيال ئامبىرى»غا تەكلىپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇچەيلەن پېشقەدەم مويسىپىت بوۋاينىڭ كېرەككە كېلىدىغان، پايدىلىنىش قىممىتى يۇ- قىرى بارلىق كىتاب - ماتېرىياللىرى، قول يازمىلىرى، تارىخىي داستان، كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر تەۋەررۇك جۇغلانمىلىرىنى چوڭ چېپىتىغا قاچىلاپ ئېلىپ كەتتى. بوۋاي خۇددى بىرى يۈرىكىنى سۇغۇ- رۇپ كەتكەندەك ئۇلۇغ كىچىك تىندى... بوۋاي كېسىلى شىپا تېپىپ ئوڭلىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا تېلېفون بېرىپ بىر قىسىم قولىيازما، خاتىرە دەپتەرلىرىنى بولسىمۇ قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، «ماقۇلغا جاۋاب» بولمىدى. ھۆرمەتلىك ئاقساقال ئۆزىنىڭ ئالدىراقسانلىق قىلىپ، بىراۋلارنىڭ «ھەسەل» دەك سۆزلىرىگە ئى- شىنىپ كېتىپ، بىباھا «جۇغلانما» لىرىنى بېرىۋەتكەنلىكىدىن ھەس- رەتلەندى ھەم «ئەقىلسىزنىڭ مەنزىلى پۇشايمان» دېگەن شۇ - دە! دېۋەتتى... ئائىلىنىڭ تەۋەررۇك قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى سېتىۋېتىدى- غان ياكى بىراۋلارغا بېرىۋېتىدىغان مۇنداق ئىشلار مەن ئاڭلىغان ھەم كۆرگەن بۇ ئەھۋاللاردىنمۇ ئېچىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن. «مىراس» بىلەن باغلىنىپ كېتىدىغان بۇنداق ئېچىنىشلىق، تراگېدىيىلىك ۋەقە- ھادىسىلەرنى كىم مەن كۆرمىگەن دەپ ئېيتالايدۇ؟ مەسىلەن، ئاتا- بوۋىسى «بالا - چاقىلىرىمىز ئۆي ماكانسىز قالمىسۇن، چىرايلىق ئولتۇرسۇن دەپ مىڭ جاپادا يەر - زېمىن سېتىۋېلىپ، ئۆي سېلىپ قويسا، ئاتا - بوۋىسى بۇ دۇنيادىن كېتىپ كىرپىكىگە توپا - چاڭ قونغۇچە بولغان ئارىلىقتا بەزى بالا - چاقىلار «مىراس» توغرىسىدا غوۋغا قىلىشىدۇ، ئېلىشىغا سېتىپ تېزرەك بۆلۈۋېلىشقا ئالدىرايدۇ،

ھەتتا مىراس تالىشىپ جېدەللىشىپ، ياقا تۇتۇشۇپ، پىچاق كۆتۈرۈ-
شۇپ، ئۆلۈم ھادىسىسى چىققۇچە جەڭگى - جېدەل قىلىشىدۇ، ھەتتا
قىسمەن بالا - چاقىلار ئاتا - بوۋىسىدىن ئۆي، زېمىن، مال - بىسات
قالماي، كىتاب - ماتېرىيال دۆۋىلىرى قالغانلىقىدىن ئاچچىقلىنىپ،
كىتاب ماتېرىياللىرىنى ئۇياقتىن - بۇياققا تاشلىشىپ، ئۆيلەرنى تېز-
رەك «تازىلاپ» پاكىزلاشقا ئالدىرايدۇ. يۇقىرىدىكىلەردىن قارىغاندا،
نادانلىق روھىيەتتىكى «ئاغرىق» دۇر، يەنى ئازغۇنلۇق غاپىلىقنىڭ
مۇھىم بەلگىسىدۇر، دېمەي ئامال يوق! ئىلگىرىكى زامانلاردا مىللە-
تىمىز خەلقى باتۇر، قەيسەر، ئىشچان، چىداملىق، لەۋزىدە تۇرىدى-
غان، كەڭ قورساق، ئۆزئارا مېھىر- شەپقەتلىك كىشىلەردىن بولۇپ،
مەردانىلىكى، قورقۇمسىزلىقى، ھالال - خالىسلىقى، سەمىمىيلىكى،
دۇرۇسلىقى، بېجىرىملىقى قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن شۆھرەتلىك ئى-
دى ھەم ئاشۇ سۈپەت، ئېسىل خىسلەت - پەزىلەتلىرى بىلەن بۈيۈك
ھۆرمەت مۇنارى تىكلىگەنىدى. ھالا بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە تەبى-
ئەت دۇنياسىنىڭ بۇلغىنىشى، ئېكولوگىيىنىڭ بۇزۇلۇشى نۇرغۇن
نەرسىلەرنىڭ بۇلغىنىشىغا سەۋەب بولماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەبىئەت
دۇنياسىنىڭ بۇلغىنىشىغا مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇلغىنىشمۇ قوشۇ-
لۇپ، ئەقلى بۇلغىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. شۇ ۋەجدىن، بىر
قىسىم پەرزەنتلەر ۋۇجۇدىدا ئىچى تارلىق، كۆزى كىچىكلىك، ھە-
سەتخورلۇق، كۆيۈمسىزلىك، جۇرئەتسىزلىك، قورقۇنچاقلىق، چې-
تىمچىلىق، كۆڭلى قارىلىق، ۋاپاسىزلىق ئىللەتلىرى شاخلاشقا،
مېۋىلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ «ئاچچىق مېۋە» لىرىنى يەپ ئەقلى
بۇلغانغان قىسمەن پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىلار ئالدىدا ھايا قىلمايدىغان،
ئۇلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ بىر ئۆمۈر يىغقان،
قەدىرلىگەن، نۇرغۇن «بوران - چاپقۇن» لار ئىچىدىن «ئامان -
ئېسەن» ساقلاپ قالغان كىتاب - ژۇرنال، قولىيازما، يېزىپ قالدۇرغان
ئەسەرلىرى ۋە باشقا تەۋەررۈك مىراسلىرىنى مەرھۇم ئاتا- بوۋىلىرى-
نىڭ كىرپىكىگە توپا قونماي تۇرۇپلا باشقىلارغا بېرىۋېتىدىغان، سې-

تىۋېتىدىغان، كۆيدۈرۈۋېتىدىغان، «كېرەكسىز قەغەز» لەر قاتارىدا «تازىلاپ» چىقىرىۋېتىدىغان ئىشلارنى قىلماقتا. بۇ ئاتا - ئانىغا ھۆرمەتسىزلىك، ۋاپاسىزلىق قىلغانلىق، ئاتا - ئانىنى قەدىرلىمىگەنلىك. قاتتىقراق سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئاتا- ئانىنى ساتقانلىق، ئاتا - ئانىنىڭ تەۋەررۇكلىرىنى تالان - تاراج قىلغانلىق! ئىلگىرىكى زامانلاردىكى باتۇر، ئەزىمەت ئەجدادلىرىمىز، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ تەۋەررۇك كىتاب، قولىيازما ۋە باشقا ئەسەرلىرىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالدۇرۇپ، نەچچە ئەسىر ساقلاپ كەلگەن، بېشىغا ئۆلۈم دەھشىتى كەلگەن تەقدىردىمۇ تەۋەررۇك «مىراس» نى بىراۋلارغا بېرىۋەتمىگەن، «سىر» نى بىرەرسىگە ئېيتىپ بەرمىگەن. ئۇلۇغ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەجدادلىرىنىڭ كىتاب - ۋەسىقىلىرىنى بالا - چاقىلىرىغا ساقلاشقا بەرگەندە ئالاھىدە جېكىلەپ: «بۇ بىزنىڭ ئەبەدىي ئەڭگۈشتەرىمىز، ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ساقلىنىپ كەلگەن، جېنىڭ تەندە تۇرۇپ يوقىتىپ قويساڭ ئاتا - بوۋىلىرىڭغا يۈز كېلەلمەيسەن، جېنىڭدىن ئەتىۋار بىلىپ ساقلا، بۇ بىز ئەتىۋارلاپ ساقلايدىغان ئامانەتتۇر، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش كوپۇرلۇقتۇر... ئۆمرۈڭ ئاخىرىدا ئۆزۈڭ ئىشەنگەن، دىلىڭ گۇۋاھلىق بەرگەن ئەۋلادىڭدىن بىرەرسىگە تاپشۇرغايسەن، «غايىپ بولما» ، دېگەنگە ئوخشاش ۋەزنى ئېغىر سۆزلەر بىلەن تاپىلىغان، پەرزەنتلىرىمۇ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ كىتاب - ماتېرىيال، قولىيازما، خاتىرە بۇيۇم، ماقالە، خەت - ئالاقە قاتارلىق تەۋەررۇكلىرىنى يەڭگىللىك بىلەن بىراۋلارغا بېرىۋەتمەيتتى. ئۇنى جاندىن ئەزىز بىلىپ ساقلاپ، بالا - چاقىلىرىدىن بىرەرسىگە ساقلاشقا ئامانەت قىلاتتى. ئۇمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىر ئەۋلادىغا قالدۇرۇپ، يوقىتىۋەتمەي ساقلاپ ماڭاتتى. «12 مۇقام» نىڭ ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا ساقلىنىپ بۈگۈنكى دەۋرگىچە يېتىپ كېلىشى، نۇرغۇن ئالىم ، كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ قىممەتلىك كىتابلىرىنىڭ تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلەلىشىمۇ ئەنە شۇ «ئامانەت» ، قىممەتلىك «مىراس» لارنى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەنلىكىدىن بولغان. بىرەر كىشى

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز، ئەجدادلىرىمىزغا ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ بىرەر تەۋەررۇك مۇھىم نەرسىسىنى ساقلاپ قويۇپ، بىرەر تۇغقىنىغا بېرىپ قويۇشنى ھاۋالە قىلغان بولسا، «خەقنىڭ نەرسىسى» دەپ قارىماي ھەم «ئامانەت» كە خىيانەت قىلماي، جاندىن كەچسە كەچكەنكى، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە قارا سانىمىغان، لەۋزىدە تۇرۇپ، جان بىلەن «ئامانەت» نى قوغدىغان، بۇ نېمىدېگەن ئېسىل روھ ـ ھە! بۈگۈنكى كۈندە ئەقىلسىز بەزى ئەۋلادلار ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان تەۋەررۇك مىراسلارنىڭ ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي قىممىتىنى سۈرۈشتۈرىدۇ، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى ئويلايدۇ. بىراق، «مەنىۋى مىراس» لار بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئىلمىي، مەنىۋى قىممىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيدۇ. ئەسلىي بىلسەك ئاشۇ «ئائىلە كىتابخانىسى»، ئائىلە كىتاب ئىشكاپى، چىرايلىق رەتلەپ قويۇلغان كىتاب ـ ماتېرىياللار، قولىيازمىلار، خاتىرە بۇيۇملار، ماقالە، خەت ـ ئالاقە... لەر بىر دۆۋە قەغەز ياكى ئەرزىمەس ماتېرىياللار ئەمەس، بەلكى ئىلمىي، مەنىۋى قىممىتى يۇقىرى مەنىۋى مەھسۇلات، مەنىۋى جۇغلانما، مانا شۇ بىلىم «جۇغلانما» لار بولغاندىلا ئاندىن نى ـ نى كاتتا كىتابلارنى، مۇھىم ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. بۇ بىلىم، «جۇغلانما» لار بولغاندىلا، ئاندىن نى ـ نى كاتتا كىتابلارنى، مۇھىم ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. بۇ بىلىم، «جۇغلانما» لار قەدرىگە يەتكەن مۇلۇكسىز كىشىلەرگە تۈگىمەس بايلىق، نەسەبسىزلەرگە ئۆزۈلمەس نەسەبتۇر. يەنە كېلىپ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۆمۈر بويى زەر بىلەن توقۇغان تۈگىمەس بايلىق قاچىلانغان «ھەميان» دۇر. بۇ «ھەميان» نى خالىغانچە تاشلىۋېتىشكە، «خەجلەپ» تۈگىتىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ بايلىقلارنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىر ئۆمۈر يىغقان، رەتلىگەن، خاتىرە قالدۇرغان، نى ـ نى ئېغىر كۈنلەردىن ھازىرغىچە ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ كەلگەن. بۇ بىلىم، «جۇغلانما» لارنى باشقا ھەرقانداق كۈتۈپخانىلاردىن، باشقا جايلاردىن تېپىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، بۇ نەرسىلەر ئەقىللىق ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن

تۆگمەس بايلىق، تېگى- تەگتىدىن ئېيتقاندا، يۇرتنىڭ، ئەلنىڭ، مىللەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى، بۇ «بايلىق» نى ئەزىز، ئەتىۋار بىلمەسلىك ئازدۇرغۇچى شەيتان- ئىبلىسنىڭ ئىشىدۇر. كىمكى «ئىلىم - بىلىمنى، ھۈنەرنى، ئەجىر - ئەمگەكنى خورلىسا، ئاقىۋەتتە ئۆزلىرى شۇ خورلۇققا دۇچار بولۇپ ۋەيران بولىدۇ. شۇڭا، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك تەۋەررۇك «مەنىۋى جۇغلانما» لىرىنى بىراۋلارغا بېرىۋېتىشتىن، سېتىۋېتىشتىن، ئالدام خالتىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشىمىز، ئۇنى قەدىرلەپ ساقلىشىمىز، قوربىمىز يەتسە، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قىلىپ بولالمىغان ئىشلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىشىمىز، ئۇلارنىڭ قولىيازما ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ يورۇقلۇققا چىقىرىشىمىز لازىم. مانا بۇ چېچەن، ئەقىللىق، بىلىملىك كامالەت ساھىبلىرىنىڭ قىلىدىغان ئىشىدۇر.

# تۇرمۇش بىر تۈگىمەس داستان

مەن تۈن ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلار توپىغا يىراقتىن نەزەر تاشلاۋې-
تىپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆمدۈم: يەر شارى نېمە ئۈچۈن توختىماي
ئايلىنالايدۇ؟ مەن چىراغ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ تارىخنامىلەرنى ۋاراقلا-
ۋېتىپ، تەپەككۇر قۇشلىرىمنى پەرۋاز قىلدۇردۇم: تارىخ بىزگە قان-
چىلىغان نۇرانە پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن - ھە!
كۆك ئاسمان قەھرىدە ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ
ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايروپىلانغا قاراپ خىيالىم قانات قېقىشقا باشلى-
دى. ئايروپىلان ئىنسانلار ئىجاد قىلغان قالتىس مۆجىزە ئەمەسمۇ؟

تۇرمۇشىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا نەزەر سېلىۋېتىپ، كۆز
ئالدىمغا كومپيۇتېر كەلدى. كومپيۇتېر تۇرمۇشىمىزغا شىددەت بى-
لەن سىڭىپ كىرمەكتە. كىشىلەر ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ئالەمنىڭ ئۇ
چېتى بىلەن ئۇچۇرلارنى ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى ئارقىلىق ئال-
ماشتۇرۇلايدىغان بولدى؛ قوغۇشۇن مەتبەئەنىڭ ئورنىنى ئېلېكترون-
لۇق مەتبەئە، رەڭسىز باسما تېخنىكىسى ئورنىنى لازېر نۇرلۇق
رەڭلىك باسما تېخنىكىسى ئىگىلىدى؛ كومپيۇتېر تۇرمۇشىمىزنىڭ
ھەرقايسى قاتلاملىرىغا بۆسۈپ كىردى؛ مىكرو ئېلېكترونلۇق رەقەم-
لىك تەڭشەش تېخنىكىسى تېلېۋىزورغا قوللىنىلغانلىقتىن، تېلېۋى-
زوردا 100 دىن ئارتۇق قانالنى تاللاپ كۆرگىلى بولىدىغان بولدى؛
دەۋرىمىز ئۇچۇر دەۋرىگە، ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەم قويدى. مەن
يەنە كوچىلارنى ئايلىنىۋېتىپ ئەتىگەن، چۈش، كەچتە بولسۇن، ئۇ-

ياقتىن - بۇياققا ئالدىراش كېتىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىمدە، ئۆز - ئۆزۈمگە شۇنداق سوئاللارنى قويدۇم: كىشىلەر نېمىشقا شۇنداق ئالدىراش يۈرىدىغاندۇ؟ مەن ئېتىزلىقلارنى ئايلىنىۋېتىپ ياپيېشىل ئوت - چۆپلەرنى، رەڭدار ياۋا گۈللەرنى، ئالتۇن باشاق بۇغدايلارنى، كېۋەز، قوناقلارنى كۆزەتكىنىمدە ئىچىمدە: «رەڭگارەڭ بۇ دۇنيا، بۇ مۆجىزىلەر ئىنسانلارنىڭ قولى بىلەن هاسىل بولغان ئەمەسمۇ؟» دەپ توۋلىغۇم كەلدى. بىراق، بۇ رەڭگارەڭ دۇنيا، بۇ ئاجايىپ يېڭىلىقلار ئاسان قولغا كەلگەن ئەمەس. نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارنى، مۇش-كۈلاتلارنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. تۇرمۇش ئەنە شۇنداق گۈزەل، رەڭدار رەسىملەرگە ئوخشىسىمۇ، ئۇنىڭ ھەم كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك ئالاھىدىلىكى، ھەم كىشىنى چۆچۈتكۈدەك بوران - چاپقۇنلىرى بولىدۇ. دوستلار، سەبداشلار، قېنى ئويلاپ بېقىڭلار، قانداق قىلىپ تۇرمۇش دېڭىزىدا ئىرادە يەلكىنىنى چىقى-رىپ، دەۋرنىڭ بوران - چاپقۇنىنى كۈتۈۋېلىش كېرەك؟ تۇرمۇشتا ئەزەلدىن تۈپتۈز يول بولۇپ باقمىغان، ئىلىم - پەن جەسۇر، شىجا-ئەتلىك، قەيسەر كىشىلەرگە موھتاج. غەيرىتى يوق، يۈقىرى پەللىگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، لاي غەزەل، تەر ئاققۇزۇشنى خالى-مايدىغانلاردا شانلىق ئىقبالنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئوڭۇش-سىزلىق ۋە قىيىنچىلىقلار كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلايدۇ. مەغۇ-لۇبىيەت كىشىلەرنىڭ تالانتىنى يېتىشتۈرىدۇ. تۇرمۇشنىڭ چىن مە-نىسى ئەنە شۇ.

ھازىرقى زامان كىشىلىرىنى، بولۇپمۇ ياشلارنى ئەڭ بەختلىك دېيىشكە بولىدۇ. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى ياشلارغا ئەركىن ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى يارىتىپ بەردى. بىپايان ۋەتەن زېمىنى پارلاق قۇياش نۇرىغا پۈركىنىپ، نەۋ باھارنىڭ مەيىن شامال-لىرى لەرزان سوقۇپ، گۈل - گىياھلار تەكشى ئېچىلىپ، ئېرىق-ئۆستەڭلەر ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخلەر ئۆز غۇلاچلىرىنى مۇلايىم كىرىپ، تاتلىق ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقان قىز- يىگىت-

لەرنى چاقىرماقتا. ئېلېكتر ۋە سانائەت، پەن ـ تېخنىكا دۇنياسىدىكى ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئېقىمىنىڭ دولقۇن-لىرى ئىجتىھاتلىق، قابىل، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئالغا ئىنتىل-ىشكە ئۈندىمەكتە. تۇرمۇش ئاكتىپلىق، يۈكسىلىش، ئىتتىپاقلىق، قىزغىنلىق، رىقابەت، بەسلىشىش بىلەن تولۇپ تاشماقتا، گۈل ـ گىياھلارغا رەڭ، بۈركۈتلەرگە قانات، ياشلارغا ئىشەنچ ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت، چوڭلارغا ئىلھام، قوللاش، ئۈمىد ۋە ئىستەك ئاتا قىلماق-تا.

بىراق، بىر قىسىم كىشىلەر، بولۇپمۇ ئاز ساندىكى ياشلار راھەت ـ پاراغەت قوغلىشىدىغان، ئىشتا يالقاۋلىق قىلىدىغان، ئۆگى-نىشكە بېرىلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىر قىسىم كىشىلەر سەيلە ـ ساياھەت بوستانلىقلىرىغا، كۆڭۈلدىكى قولۋاقلارغا زىيادە بېرىلمەيدىغان، تانسىلارغا، قاۋاقخانىلارغىمۇ بەك يۈگۈرۈپ كەتمەيدىغان، قىممەتلىك ۋاقتىنى بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلمايدىغان بولدى. قىسقىسى تۇرمۇش پەقەت كۆلكە، ناخشىلارغىلا موھتاج ئە-مەس، بەلكى ئۇ تېخىمۇ مۇھىمى پىداكارلىقتا، ئىرادىگە، غەيرەت-شىجائەتكە، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە موھتاج.

تۇرمۇش- باھاردىكى جىددىي «تېرىقچىلىق پەسلى» . مىنۇت-سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي ئۇرۇق سالىدىغان، يەر ھەيدەيدىغان پە-سىل، كىمكى تەييارغا ھەييار بولۇپ، ھورۇنلۇق قىلىپ، «تېرىقچى-لىق پەسلى» نى قولدىن بېرىپ قويىدىكەن، شۇ كىشى چەكسىز ھاياتلىق سەپىرىدە ياشلىق باھارىنى نابۇت قىلىۋەتكەنلىكىنىڭ ئاچچىق تەمىنى ھەسرەت بىلەن تېتىيدۇ.

ھازىر دەۋرىمىزدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى بىرقەدەر ئوچۇق، ئۇلار يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي، ئۇلارنىڭ يېڭى شەيئى-لەرنى قوبۇل قىلىشى تېز، كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيىسى ئاز. ئى-شىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن، ئىسلاھات دولقۇنى شىددەت بىلەن ئۆر-لەۋاتقان مۇشۇ شارائىتتا، ئۇلار پىكىر يوللىرىنى كېڭەيتىپ، تارىخ

پەلسەپىسىنىڭ يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ۋەتەنىنىڭ ئىستىقبالى، جاھان-
دىكى ئىشلار، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، ئىنسانلار تۇرمۇشى-
دىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، دۇچ كەلگەن
مۇشكۇلاتلارنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق باھارى ۋە
غايىسىنى ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئۈچۈن
تەقدىم قىلىش ئارزۇ - ئارمانلىرى ئۇستىدە ئىزدەنمەكتە. مانا مۇ-
شۇنداق تۇرمۇشلا ئەڭ مەنىلىك ۋە ئەڭ قىممەتلىك تۇرمۇش بولىدۇ.
ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆز شەخسىي مەنپەئىتى ئۈچۈن باش قاتۇرۇش،
ئۆز راھەت - پاراغىتى ئۈچۈن چېپىش، ھەتتا ئالدامچىلىق ۋاسىتىلى-
رىنى قوللىنىپ، پۇل جۆندىۋېلىش، جاپا چېكىشنى، ئەمگەك قى-
لىشنى خالىماسلىق، تىرىكچىلىك يوللىرى ئۇستىدە ئىزدەنمەسلىك،
چىقىش يولى تاپماسلىق بىرخىل ھۇرۇنلۇق، قاشاقلىق ئىللەت.
بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە ئىقتىسادى ۋە ھوقۇقىغا تايىنىپ،
تەپ تارتماي باشقىلارنى قاقتى - سوقتى قىلىش، كوللېكتىپ ۋە
دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى پۇتۇنلەي بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئۆز
چۆنتىكىنىلا پۇلغا توشتۇرۇشنى «يېگەن - ئىچكەندەك، سوقا - سەن-
دەلدەك» ياشىدىم، دەپ بىلىدىغان بۇنداق تۇرمۇش نومۇسسىز تۇر-
مۇشتۇر. بىز ئۆز ھالال تەرى بىلەن گۈللىنىشنى، ھالال ئەمگەك
بىلەن بېيىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. ئۆز ئەقىل - پاراستى، ئەمگى-
كىگە تايىنىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنى ھەقىقىي بەختلىك تۇرمۇش ۋە
خۇشاللىق دەپ قارايمىز.

دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، خەلقنىڭ بېيىشى توسۇۋالغىلى بول-
مايدىغان ئۇلۇغ يۈزلىنىش. «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» نىڭ ئاچقۇ-
چى پەن - تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا. ياشلار پەقەت مەدەنىيەت-
نى، تېخنىكىنى، ئىلىم - پەننى ۋە يېڭى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى
تىرىشىپ ئۆگەنگەندىلا، ھەم نەزەرىيىگە، ھەم ئەمەلىيەتكە ئىگە بول-
غاندىلا، ئاندىن بالدۇر ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ يېتىشەلەيدۇ.
ئىقتىدارسىزلار، رىقابەت قارشى يوق كىشىلەر دەۋرنىڭ ئارقىسىدا

قالىدۇ؛ ھەتتا تۇرمۇشنى قامدىيالمايدۇ. ئۆگەنمىسە، تىرىشمىسا ياخشى ئىشلىمىسە«نان» كىچىك بولىدىغان، ھەتتا «ئاچ» قالىدىغان ۋەزىيەت قىستاپ كەلمەكتە. كىمكى تىرىشىپ ئۆگەنسە، بىلىم ئىگىلىسە، ئىقتىدار يېتىلدۈرسە رىقابەتتە ئۇزۇپ چىقالايدۇ. كۆن بويى تۇتامى يوق ئىشلار بىلەن بەند بولىدىغانلار، قۇرۇق پاراڭغا، غەيۋەت-شىكايەتكە خۇشتار، ئويۇن - تاماشىغا ئامراق كىشىلەر، كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەر، رېستوراندا«رەڭلىك ئولتۇرۇپ» يەپ - ئىچىپ «ھايات پەيزى» نى سۈرىدىغان كىشىلەر دەۋر ئېقىمىدا شاللىنىپ كېتىدۇ.

ھازىر ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى جەھەتتىكى تەلىپىمۇ كۈچەيدى. ئۇلار ئەمدى ئىشلەش، تاماق يېيىش، ئۇخلاش تېرىلوگىيىسى بىلەن قانائەتلەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار مول، كۆپ مەزمۇنلۇق ئىشتىن سىرتقى مەدەنىي تۇرمۇشنى تەلەپ قىلىدىغان بولدى. كىتاب ئوقۇش، بىلىم ئىگىلەش، تېخنىكا ئۆگىنىش، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ئانچە-مۇنچە ساياھەت قىلىش، ناخشا ئوقۇش، ئۇسسۇل ئويناش، گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈش - پەرۋىش قىلىش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئىجاد قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق مۇشۇنداق كۆپ مەزمۇنلۇق مەنىۋى تۇرمۇش كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىنى يېتىلدۈرمەكتە. ئۇنىڭ ياشلارغا بېغىشلىغىنى شادلىق، خۇشاللىق، كۈلكە، چەكسىز قىزىقىش بولماقتا.

تۇرمۇش — بىر تۈگىمەس داستان. يېچلاردا چاچراۋاتقان پولات ئېرىتمىلىرى، خامانغا چۈشكەن ئالتۇن دانلار، چېگرىنى ساقلاۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ قوللىرىدىكى قوراللار، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تولۇق نومۇرلۇق جاۋابلىرى، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان مۇكاپات لوڭقىلىرى، ئالىملارنىڭ كەشپىيات گۇۋاھنامىلىرى... بۇلارنىڭ بىر مىسالى. ئىجادىيەتسىز تۇرمۇشنى تۇرمۇش دېگىلى بولمايدۇ؛ خاسلىقى، ئالاھىدىلىكى بولمىغان ئادەمنى

بىجىرىم ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. بۇلارنى پەقەت تىرىك ياشاۋاتىدۇ
دېيىشكە بولىدۇ، خالاس. تۇرمۇش دېگەن يېڭىلىق يارىتىش، ئىنتى-
لىش، يۇقىرى ئۆرلەش، ئېلىشىش دېگەنلىكتۇر. بىرەر ئىشقا ئىن-
تىلمەيدىغان كىشىلەر تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىيالمايدۇ. قولىدىن
ھېچ ئىش كەلمەيدىغان كىشىلەر پەقەت تۇرمۇشنىڭ مەسخىرىسىگىلا
قالىدۇ، خالاس. تۇرمۇش قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ،
ئىجاد قىلغۇچىلارنىڭ، يېڭىلىق ياراتقۇچىلارنىڭ جەننىتى. كىمكى
قاتتىق ئىرادە، يۈكسەك ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ
ماڭىدىكەن، ئۇلارغا ئاشۇ جەننەتنىڭ ئىشىكى داۋاملىق ئوچۇق.

# سالاپەتلىكرەك بولۇڭ

تەھرىرلىك قىلىۋېتىپ ياكى گېزىتكە ماقالە بېرىۋېتىپ ئېختىيارىي مۇخبىرلار تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بەزى ئاخبارات سۈرەتلىرىنى گېزىتكە بېرىشكە ئىلاجسىز قىلىپ، قاراملىق بىلەن قالدۇرۇۋېتىشكە توغرا كەلدى. بۇ سۈرەتلەرنىڭ نېمە ئېۋىنى بار دېمەمسىلەر؟ سۈرەتلەر ناھايىتى جايىدا تارتىلغان، سۈرەتلەردىكى ئوبرازلارمۇ ناھايىتى سالاپەتلىك ھەم كۆركەم. بىراق، سۈرەتلەردىكى ئوبرازلار سالاپەتلىك بولغىنى بىلەن ئۇلاردىكى نۇقسان كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدۇ، يەنى ئۇلار ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقلىرىغا سېلىۋالغان ياكى ئىككى قولىنى كەينىگە مىنگەشتۈرۈۋېلىپ، قورساقلىرىنى پومپايتىپ چىقىرىشىۋالغان، بەزىلىرى چاپىنىنى يېپىنچاقلىۋالغان. سۈرەتلەردىكى چۈشەندۈرۈشلەرگە كۆز يۈگۈرتسەم، بۇ ئوبرازلارنىڭ بەزىلىرى كەنت ، يېزا، بەزىلىرى ناھىيە، يەنە بەزىلىرى ئىدارە - ئورگانلار، يەنە بەزىلىرى مەلۇم ئورۇننىڭ باشلىقلىرىنىڭ، ئاساسىي قاتلاملاردا ئىش بېجىرىۋاتقان، دېھقانلاردىن ھال سوراۋاتقان، نەق مەيداندا خىزمەت تەكشۈرۈۋاتقان ياكى خىزمەتلەر توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىۋاتقان ھەر خىل كۆرۈنۈشلەر ئىكەن. بۇ كۆرۈنۈشلەردىن بەزىلىرى تېلېۋىزور ئېكرانىدىمۇ بىرقانچە قېتىم كۆزۈمگە چېلىقىپ قېلىپ، بېشىمنى چايقاشقا مەجبۇر بولغان ۋاقىتلىرىممۇ بولغانىدى.

بۇ غەلىتە ئوبرازلار نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ يېنىكرەك سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ھاكاۋۇرلۇقنىڭ، مەنمەنچىلىكنىڭ، «ئاقسۆڭەك»

لىكنىڭ ئىپادىسى. قاتتىقراق تىل بىلەن ئېيتقاندا، بۇ بىر ئەخلاق-سىزلىق، پەزىلەتسىزلىكنىڭ ئىپادىسى. ئەگەر بۇ كۆرۈنۈشلەر ئاسا-سىي قاتلاملاردىكى پۇقرالار ئارىسىدا ئىككى قولىنى يانچۇقلىرىغا سېلىشىپ، قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ تۇتۇپ ياكى چاپىنىنىڭ يېڭ-نى ساپماي گىدىيىۋالغان ئاز ساندىكى ئاشۇ قىياپەتلەر گېزىت بەتلى-رىدە، تېلېۋىزور ئېكرانىدا مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەر ئال-دىدا نامايان بولسا، ئۇلارنىڭ ئوبرازىغا، «چاكار»لىق خىسلىتىگە قاتتىق نۇقسان يەتمەسمۇ؟ ئۇلارغا كىشىلەر نېمىدەپ باھا بېرىشەر! كونىلارنىڭ «نەزەردىن يىقىلدى» دېگەن مەشھۇر ئىبارىسىگە توغرا كېلىپ قالماسمۇ؟

بىز دۆلەت باشلىقلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى، گېزىت بەتلىرىدىكى سۈرەتلىرىگە نەزەر سال-ساق، ئۇلاردا ئۇنداق گىدىيىش ئالامەتلىرى يوق، ئۇلار قوللىرىنى ئالدىغا قىلىپ تۇتقان، ئاما ياكى ئاساسىي قاتلاملاردىن بارغان يول-داشلار بىلەن شۇنداق كەمتەرلىك بىلەن سۆزلىشىۋاتقان، دوكلات، يولىيورۇق بېرىۋاتقان، ھەتتا قۇچاقلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرى-مىز. ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىياپىتى كەمتەرلىكنى، كىچىك پېئىللىق-نى، ئاما بىلەن قەلبداش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. قېنى سىز ئۇلار بىلەن ئۆزىڭىزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالام-سىزكىنتاڭ؟! ئىشقىلىپ، بۇ ئويلىنىپ كۆرۈشىڭىزگە ئەرزىيدۇ.

رېئال تۇرمۇشىمىزدا ئەمدىلا رەھبەرلىك ئورنىغا قەدەم قويغان بەزى خادىملىرىمىز ئەلگە ھېچبىر تۆھپە قوشمايلا كۆرەڭلەپ خۇدىنى بىلمەي قالىدۇ، خۇددى چۈجە خورازلاردەك گىدىيىشىۋالىدۇ، ئۆزلى-رىنى ئەنە شۇنداق سەمرىتكەن ئاۋام - پۇقرانى بىرەر تال خەسچىلىكمۇ كۆرمەيدۇ، ئۆزلىرىنى تولىمۇ كاتتا، قالتىس چاغلايدۇ، ئۆزلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋالىدۇ. بۇ بىلىمسىزلىكنىڭ، نادان-لىقنىڭ ئىپادىسى. ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە قۇللارچە ئىتائەت قىلىشىنى ئويلىشى تولىمۇ يىرگىنچلىك يامان ئىللەت. ل. تولىس-

تۇي «قىلىق تېرىساڭ ئادەت ئالىسەن، ئادەت تېرىساڭ خاراكتېر ئالىسەن، خاراكتېر تېرىساڭ تەقدىر ئالىسەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى قالدۇرغان. ئەگەر ئۇلار ئەنە شۇنداق مەنمەنچىلىك بىلەن دەۋران سۈرىمەن دەپ خىيال قىلسا، ئاخىرقى ھېسابتا تەقدىرى پۇشايمان بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، خالاس.

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا شۇنىمۇ قوشۇپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ، مەن تەنقىد قىلىۋاتقان كىشىلەرنى داۋاملىق گىدىيىپ يۈرەمدىكىن دېسەم، ئۇلارنىڭ ئېگىلىپ، ھىجىيىپ تۇرىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ ئاز ئەمەس-كەن، ئۇلار ئۆزلىرىدىن مەرتىۋىسى چوڭ كىشىلەر، نەپ بەرگۈچى كىشىلەر ئالدىدا داۋاملىق ھىجىيىپ، قول باغلاپ تۇرۇشىدىكەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قىياپىتى «مۈشۈك شىر بولىدۇ چاشقان ئالدى-دا، لېكىن ئۇ، يولۋاسنىڭ ئالدىدا چاشقان» دېگەن مىسرانى ئەسلى-تىدىكەن. بەزىلىرى ھەتتا ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بۇرۇلۇپ مېڭىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، كەينىچە مېڭىپ قايتىدىكەن. ئويلىنىپ كۆرسەم، ئۇلار «گىدىيىش» ۋە «ئېگىلىپ ھىجىيىش» تىن ئىبارەت ئىككى خىل خۇينى ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرىۋالغان بولۇپ، بۇ ئىككى خىل خۇي بىر گەۋدىدىن ئوزۇق ئېلىپ تەڭ ياشايدىكەن. ئەگەر ئۇلار بۇنداق ئىللەتنى ياخشى خىسلەتكە ئۆزگەرتمەيدىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈلكە - شادلىق يىغىغا ئايلىنىپ قالسا ياكى «كۆلگىمۇ سۇ كىرىۋەرسە بىر كۈن تاشىدۇ، ئېگىزدىن يىقىلغان قاتتىق چۈشىدۇ ...» دېگەن تەمسىلگە توغرا كېلىپ قالسا نېمە دېگۈلۈك! ؟ تەقدىر «دەرەخلەر ئۆرۈلسە، مايمۇن توزۇپتۇ...» دېگەنلەرگە ئېلىپ كەلسە، ئۇلار ھەسرەت - نادامەت، دەردۇئەلەم بىلەن ئازابلانماسمۇ؟

مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەر، مەن ئېھتىمال ئانچە مۇھىم بولمىغان نۇقسانلارغا قەلەم ئۇچىنى تەگكۈزۈپ قالغاندىمەن، كەچۈرگەيسىلەر، كونىلار ئېيتقاندەك «سۆزلىگۈچى ياندا قاپتۇ، ئاڭلىغۇچى پايدا ئاپتۇ» دېگەندەك، ئۇلار مەسلىھەتىم بىلەن پايدا ئېلىپ قالسا ئەجەب ئە-مەس، بۇ چاغدا مېنىڭ ياندا قېلىشىمنىڭ كارى چاغلىق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

# «ئۆزىنى سورىغان شەھەر سوراپتۇ»

كونىلاردىن قالغان «ئۆزىنى سورىغان شەھەر سوراپتۇ» دېگەن ماقال ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. ئەگەر ھەممە ئادەم ئۆزىنى سوراشنى ئىشقا ئاشۇرسا، ئۇنىڭ قۇدرىتىگە گەپ توغرا كەلمەيدۇ. بىراق، بۇنى ھەممە ئادەمنىڭ ئىشقا ئاشۇرمىقى قىيىن.

ئۆزىنى سوراش دېگەنلىك، ھەممە ئىشتا قائىدە - يوسۇنلۇق، سەمىمىي، كەمتەر، ئاقىلىق بولۇش دېمەكتۇر، يەنى قانۇن، قانۇن-تۈزۈم، بەلگىلىمىلەرگە، جەمئىيەت ئەخلاقىغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىپ، ئىش - خىزمەتنى ۋاقتىدا، جايىدا، كۆڭۈلدىكىدەك قىلىپ، جامائەت سورۇنلىرىدا، شەخسىي تۇرمۇش ئىشلىرىدا ئۆزىنى تۇتۇپ، ئۆزىگە گەپ كەلتۈرمەسلىك، ئوبرازىغا داغ تەگكۈزمەسلىك، «قۇيرۇقىنى تۇتقۇزۇپ قويماسلىق» دېگەن سۆزلەرنىڭ يىغىنچاقلىنىشىدۇر.

كۆپ سانلىق كىشىلەر تىرىشىپ ئۆگىنىپ، جاپالىق ئىشلەپ، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ، تەشكىلنىڭ، ئەل - جامائەتنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىدۇ. ئۆزىنى تۇتۇپ، ئۆزىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئىشلارنى ئىدىتلىق، قۇسۇرسىز، نۇقسانسىز ئىشلەپ، ئۆزىگە قىلچە گەپ كەلتۈرمەيدۇ، ھەممىلا جايدا كۆڭلىنىڭ ساپ - سەمىمىيلىكىنى، قەلبىنىڭ گۈزەل، شەبنەمدەك تازا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق جايدا لاياقەتلىك پۇقرا بولۇپ ياشايدۇ. ئەمما، بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنداق ئەمەس. ھەممىلا جايدا ئۆزىنى سورىمايدۇ، چاتاق

تېرىپلا يۈرىدۇ؛ مېزىنى باسسا، تېزى چىقىپلا تۇرىدۇ؛ قانۇن، قانۇن-بەلگىلىمە، پرىنسىپ، قائىدە دېگەنلەرگە پسەنت قىلمايدۇ. ئاسمىنى كەڭ بۇ زېمىندا نېمىلا قىلسام ئۆز ئىختىيارىم، دەپ قارايدۇ؛ راھەت-پاراغەت قوغلىشىدۇ. شەخسىيەتچىلىكى ئېغىر، ھەممىلا جايدا «مەن» دېيىشكە، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق. ئىشىنىڭ، خىزمەت-نىڭ يېنىكىنى، ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىنى تالىشى-دۇ؛ پۇل، مەنپەئەت ئالدىدا لاياقەتسىز كىشىلىك تۇرمۇش ھالىتىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ؛ ئىش قىلسا بەجانىدىل قىلمايدۇ؛ قىلغان ئىشىدىن نۇقسان كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ؛ تۇزىتىشنى تەۋسىيە قىلسا، ھەممىدىن بەك توۋلايدۇ؛ ئىش بېجىرگەندە نەپ تەمە قىلىدۇ؛ دائىم ئەپقاچتى گەپلەر بىلەن جان باقىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ئىشىدىن چاتاق تېپىشقا، «تىرناق ئاستىدىن كىر كولاش» قا ئامراق. ئالاقىسى يوق ئىشلارغا چېپىلىپ يۈرۈپ، ئارىغا زىددىيەت پەيدا قىلىدۇ؛ تەرسالىق، بىشەم-لىك بىلەن جاھاننى بېشىغا كىيىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر چوڭ ئىشلاردا ئۆزىنى باشقۇرۇپ، ئۆز يۈگىنىنى تارتىپ تۇرسىمۇ، ئۇش-شاق ئىشلاردا ئۆزىنى تۇتالماي، ئىشنى بۇزۇپ تۇرىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر چوڭ ئىشلاردا كاللىسىنى سەگەك تۇتالىسىمۇ، ئايرىم ئىش-لاردا كاللىسىنى سەگەك تۇتالمايدۇ؛ ھەق - ناھەقنى، توغرا - خاتا-نى، ياخشى - يامانىنى ئايرىمايدۇ. بەزى كىشىلەر ئورنى تۆۋەن چاغلار-دا ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرغان بىلەن، ئورنى ئالماشقاندا، مەنسىپى ئۆسكەندە ئۆزىنى باشقۇرالمايدۇ، ئۆزىنى تۇتالمايدۇ. «ھەممە ئىشنى مولللا بىلەر، موللا قوپۇپ كۆلگە سىيەر» دېگەندەك ئىش قىلىدۇ. قىسقىسى ئۆزىنى سورىمىغۇچىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى ساناپ تۈگىتىش قىيىن بولۇپ، «سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس» دىن بىخەۋەر كىشىلەردۇر. كونىلار «مالسىزلىقتىن ئاڭسىزلىق يامان» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئىنسان كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تىرىشىپ ئەم-گەك، خىزمەت قىلىشى، خالىس، سەممىي، ھاللال ياشاپ، ئادىل ئىش قىلىشى لازىم. ئادەمنىڭ چوڭ دۈشمىنى ئادەمنىڭ ئۆزى.

ئۆزىنى تۇتالماسلىق، ئۆزىنى سورىماسلىق ئادەمنى مەغلۇپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئادەم ھەممىلا جايدا ئۆزىنى سورىشى، قانۇن، قانۇن - تۈزۈم، پرىنسىپ ۋە ئەخلاق بىلەن ئۆزىنى تىزگىنلەپ تۇرۇشى، توغرا قىلىدىمۇ، خاتا قىلىۋاتامدىمەن؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇرۇشى، كۈندۈزدىمۇ، كېچىدىمۇ، ئادەم بار جايدىمۇ، يوق جايدىمۇ ئوخشاش بولۇشى، ھەممە ئىشنى ئەقىل بىلەن قىلىشى زۆرۈر.



# «ھاراق سورۇننىڭ گۈلى» مۇ

مەن ئەينى ۋاقىتتا بىر سورۇندا بىرەيلەننىڭ «ھاراق سورۇننىڭ گۈلى» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، دەماللىققا توغرا ـ خاتالىقىغا بىرنېمە دېيەلمىگەن ئىدىم. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ سۆز قۇلىقىم تۈۋىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى، بۇ سۆزنىڭ ۋەزنىنى قايتا-قايتا دەڭسەپ كۆردۈم، «سورۇننىڭ گۈلى» بولغان ھاراقنىڭ تەمىنىمۇ تېتىپ باقتىم، جەمئىيەتنى كۆزەتتىم، ئۆلپەتلىرىمنىڭ يۈرەك سادالىرىنى ئاڭلاپ باقتىم، ئاخىردىكى خۇلاسە شۇ بولدىكى: «ھاراق سورۇننىڭ گۈلى» ئەمەس، بەلكى ئۇ «بىلىمگە، ئەقىلگە دۈشمەن»، «مەينىڭ نامى ھەقىقەتەن جاڭجال ھەم غوۋغادۇر» ھەم «ئەپسۇسلۇق سۈيى» دۇر. بۇ خۇلاسىدىن دەرگۇمان بولىدىغانلار كۆپ بولمىسا كېرەك. چۈنكى، مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغان دۇنياۋى ئالىم، ئۇلۇغ بۇۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ مۇنداق ئىلتىجا قىلغان: «قانچىلىغان نالايىق ئىشلار مەي ئىچكەندە بولىدۇ، كۆپلىگەن ياخشى ئىشلار مەستلىكتىن قىلىنماي قالىدۇ؟»، «بىلىملىك مەي ئىچسە، بىلىمسىز بولىدۇ، بىلىمسىز مەست بولسا، ئۇنىڭ نېمىسى قالىدۇ؟»، «مەي ئىچمە، مەي ئىچسە كىشىنىڭ بەختى كېتىدۇ، مەي ئىچكۈچىنىڭ نامى ساراڭ، تەلۋە بولىدۇ». ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ھەم دۇنياغا شۆھرەتلىك شائىر ئەلىشىر ناۋائىمۇ مەي، شاراب توغرىسىدا بىزگە تەنبىھ قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىچىملىككە يېقىن يولىما، ئىچىملىك ئادەمنى ئىپلاس ھەم يىرگىنچىلىك، يالغانچى قىلىپ قويىدۇ».

«شارابخورلۇق ئىنسان كامالىغا زىيان سالىدىغان ئىش، ئىچىملىككە
ھەۋەس ئارتقانسېرى، ئادىمىيلىك سۇپەتلىرى كېمىيىپ بارىدۇ، ھەت-
تا يوقىلىپ بارىدۇ»...
نادانلىقىمىز، ھاماقەتلىكىمىز تۇپەيلىدىن پىشۋا ئۇستانلىرى-
مىزنىڭ ئالتۇندەك قىممەتلىك، گۆھەرگە بەرگۈسىز سۆزلىرى تۇر-
مۇش ئەمەلىيىتىمىزدە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلمىدى، مەي، شاراب-
خورلۇق، هاراقكەشلىك كۆپىيىپ باردىكى، ئازىيىپ قالمىدى. ئۆت-
مۇش زامانىدا بىر قىسىم بەگ، بايۋەچچە، ئوغرى - قىمارۋازلار بەزى
پىنھان جايلاردا، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىكى مەيخانا - شوپاڭخانىلاردا
ئاندا - ساندا مەخپىي مەي ئىچىشەتتى. ئۇلار يۇرت چوڭلىرىدىن،
دىنىي ئۆلىمالاردىن، يۇرت خەلقىدىن، جەمئىيەتتىن تەپ تارتىپ
بولسىمۇ مەيخورلۇققا ئۇنچىلا بېرىلىپ كېتەلمەيتتى. بۈگۈنكى كۈندە
قىسمەن كىشىلەر، بولۇپمۇ ياشلار ئاتا - ئانىلاردىن تەپ تارتىش،
چوڭلاردىن ھايا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنى ئىجتىمائىي
تۇرمۇشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشماقتا. ئۇلار
ئاغىنە - بۇرادەرلەر بىلەن قاتار ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچمىگەنلەرنى
قاتارغىمۇ ئالمايدىغان، ھەتتا «ئوغۇلبالا» مۇ دېمەيدىغان بولۇشۇپ
قالدى. شۇنىڭ بىلەن ھاراقخورلۇق سەلدەك يامراپ، شەھەرلەردىن
يېزىلارغا، يېزىلاردىن مەھەللىلەرگە، چوڭلاردىن كىچىكلەرگىچە
تارقىلىپ، ھەتتا يىگىتلەردىن قىزلارغىچە ئۆگىنىپ ھەم ئۆگىتىد-
لىپ، دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان
ئىجتىمائىي ھالەتكە يېتىپ قالدى. بەزى ياشلىرىمىز ھەر كۈنى
ھاراققا چىلىنىپ ياشاپ، ئالتۇندەك چاغلىرىنى ھاراق - شاراب بىلەن
نابۇت قىلماقتا. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، جۇڭگودا 40 مىڭدىن ئارتۇق
ھاراق زاۋۇتى بار بولۇپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ بىر يىلدا ئىچىپ بولىد-
غان ھارىقى بىلەن ئۈچ شىخۇ كۆلىنى تولدۇرغىلى بولىدىكەن، پەقەت
ھاراق ئۈچۈنلا 20 نەچچە مىليارد يۇەندىن ئارتۇق پۇل چىقىم قىلىنىد-
دىكەن( بۇ سان ئىلگىرىكى سان، ھازىر بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە

ئاشقانلىقىغا گۇمان كەتمەيدۇ) ، بەزى كىشىلەر بىرنەچچە يۈز يۈەن خەجلەپ هاراق سېتىۋېلىشقا، رېستوراندا ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىشقا رازى بولىدۇكى، نەچچە ئون يۈەن خەجلەپ بىرەر پارچە كىتاب - ژۇرنال سېتىۋالاي دېمەيدۇ. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىلىرى كىتاب ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلسىمۇ كىتاب سېتىۋېلىشقا پۇل بېرىشكە كۆزى قىيمايدۇ. ھەتتا بەزى كىشىلەر بىلىپ - بىلمەي كىتابخانىغا كىرىپ «خاتا كىرىپ قاپتىمەن» دەپ نومۇسسىزلارچە چىقىپ كېتىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر كۆنلۈكى «ئولتۇرۇش، قاتار چاي، زىياپەت، دوستلار ئۇچرىشىشى» دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن هاراق ئىچىۋېرىپ، «يانچۇق» قۇرۇقدىلىپ، قەرزگە بوغۇلۇپ قالماقتا. كاللىسى سۆگەت پورىغا ئوخشاپ قېلىپ، ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قالماقتا. خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش دېگەنلەرگىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، كەسپىي خىزمەتتە چېكىنىپ، سەپتىن چۈشۈپ قېلىش هالىتىگە بېرىپ قالماقتا.

هاراقنى بېرىلىش ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيان كەلتۈرۈپلا قالماي، سالامەتلىككىمۇ ئىنتايىن ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ. ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنىڭ جىگەرگە بولغان زىيىنى ئەڭ چوڭ بولۇپ، جىگەرنىڭ نورمال خىزمەت ئىقتىدارىنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىتىپ، جىگەرنىڭ زەھەرلىك ماددىلارنى پارچىلاپ، بىر تەرەپ قىلىشىنى تەسىرگە ئۇچرىتىدۇ. بۇ خىل هالەت داۋاملىشىۋەرسە، زەھەرلىك ماددىلار قانغا يىغىلىپ قىلىپ، جىگەر ياللۇغى، جىگەرنى ماي قاپلاش، جىگەر قېتىش، ئاشقازان ئاستى بەز ياللۇغى، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھەر يىلى نەچچە ئون مىڭ ئادەم ئىسپىرتتا زەھەرلىنىپ ئۆلىدىكەن. 60 — 70مىڭ ئادەم جانغا زامىن بولىدىغان يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكىگە گىرىپتار بولىدىكەن ياكى هاياتىدىن ئايرىلىدىكەن. نۆۋەتتە هاراقنىڭ فىزىئولوگىيىگە ۋە پسىخىكىغا بولغان زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولماقتا. هاراققا بېرىلىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان

ئەھۋاللارنىمۇ كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز، خېلى قىران ياش يە-
گىتلىرىمىزنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالماي ياكى دوختۇر قېشىغا بېرىشقى-
مۇ ئۈلگۈرمەي تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقى ئەنە شۇ «ھاراق»
نىڭ كاساپىتى. ھاراققا بېرىلگەنلەرنىڭ ئۆمرىمۇ بارغانسېرى قىسقا
بولماقتا، ھاراق ئىچكۈچىلەرنىڭ مۆلچەر ئۆمرى 53 ياشقا ئۇلاش-
مايۋاتىدۇ.

ھاراق ئىقتىسادقا، سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزۈپلا قالماي، جەم-
ئىيەت مۇقىملىقىغىمۇ ناھايىتى زور تالاپەت يەتكۈزمەكتە. مۇناسىۋەت-
لىك ماتېرىيالدا كۆرسىتىلىشىچە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى جېدەل چې-
قىرىپ مۇشتلىشىش تۇپەيلىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىنىپ
تەربىيىلەنگەن ياكى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ياش - ئۆسمۈر-
لەر ئىچىدە 63% كىشى ھاراقنى كۆپ ئىچكەنلىك بىلەن بىۋاستە
مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. لۈكچەكلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر ئى-
چىدە 38% كىشى ھاراقنى كۆپ ئىچكەنلىك بىلەن بىۋاستە ياكى
ۋاستىلىك مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. رايونىمىزدا يۈز بەرگەن ئادەم
ئۆلتۈرۈش، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىش قاتارلىق جىنايى قىل-
مىشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىمۇ ھاراق ئىچكەنلىك بىلەن مۇناسى-
ۋەتلىك بولماقتا. بەزى ياشلار بىللە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچكەن دوست-
لىرىغىمۇ پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان ياكى ئورۇنسىز، ئۇش-
شاق گەپلەرنى تالىشىپ جېدەل - ماجىرا قىلىپ بىر - بىرىنى
يارىلاندۇرىدىغان ئەھۋاللار پات - پات سادىر بولۇپ تۇرماقتا. دېمەك،
ھاراق ئادەمنى سۇنئىي ھاياجانلاندۇرۇپ، روھلاندۇرۇپ، ئەقلىنى
ئازدۇرۇپ، قەلبىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ. دوستلارنى رەنجىتىش، زەربە
بېرىش، يېقىن ئادەملىرىدىن جۇدالىشىشقا، زىناخورلۇق، ھاياسىز-
لىق، ئەخلاقسىزلىق، بەتقىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. قاتناش ۋەقەسى پەيدا
قىلىپ، خىزمەتنى، ئىشلەپچىقىرىشنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، جەمئى-
يەتنىڭ مۇقىم، تىنچ، ئامان بولۇشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.
ئۇنىڭدىن باشقا، خىزمەتتىكى بەزى ياشلىرىمىز «شېكەر شەنبە،

بىكار يەكشەنبە» نى هاراق بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى ئۇخلاپ قېلىپ، بېشى ئاغرىپ ئىشقا چىقالماسلىق قاتارلىق ئىللەتلەرگىمۇ گىرىپتار بولماقتا.

كىشىلەر ئادەم بەدىنىگە، روھىيىتىگە، پسىخولوگىيىسىگە ھېچقانداق پايدىسى يوق بۇ زەھەرلىك ئىچىملىككە نېمىشقا بارغانسېرى ھېرىسمەن بولۇپ كېتىدۇ؟ دەرۋەقە، هاراقنى ئازراق ئىچسە، كىشىگە ئاز - تولا ھۇزۇر، خۇشاللىق بېغىشلاپ، ئىچ - پۇشۇقىنى چىقىرىپ، غەم - قايغۇنى ئۇنتۇلدۇرۇشىمۇ مۇمكىن. مىللىتىمىز كىشىلىرىدىن خېلى بىر قىسمى مانا شۇ ئازغىنە خۇشاللىقنى دەپ، شۇنچىلا بەدەل تۆلەشكە رازى بولىدۇ. بۇ «تۆگىمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قېلىش» تىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆلتۈرۈش بولسىلا، بىرەر جايغا سورۇن تۈزۈلسىلا «هاراق سورۇننىڭ گۈلى» دەپ، شېشە تىكلەشكە ئەرزىمدۇ؟

مېنىڭچە ئۇنداق قىلىش پۈتۈنلەي هاجەتسىز. هازىر مۇھىتى شۇنچە ئازادە ئاشخانا، رېستورانلار، گۈزەل باغلار ناھايىتى كۆپ. دوستلار ئەنە شۇنداق جايلارغا يىغىلىشقاندا، سورۇن تۈزگەندە، چىرايلىق، مەززىلىك غىزا - تائاملارنى يېيىشىپ، خۇشال چاقچاقلارنى قىلىشىپ، يۇمۇرلارنى ئېيتىشىپ ياكى هال - مۇڭ بولۇپ ئولتۇرسىمۇ بولىدىغۇ؟ بولمىسا دۇنيادىكى يېڭىلىقلاردىن، تەرەققىيات توغرىسىدا پاراڭلاشسىمۇ بولىدىغۇ؟ ياكى بىرەر ئەھمىيەتلىك، قىزىقارلىق پائالىيەت ئېلىپ بارسىمۇ بولىدىغۇ؟ ھەدېسە رېستورانغا يىغىلىۋېلىپ، ئىسراپخورلۇق، ھەشەمەتخورلۇق قىلىشنىڭ نېمە هاجىتى؟ ئۆتمۈشتە ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئېلىپ بارىدىغان ئەنئەنىۋى پائالىيەتلەرگە ۋارىسلىق قىلساقمۇ بولىدىغۇ؟ مەسىلەن، ئىلگىرى ئىش - ئەمگەكنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدا ياكى ياز كۈنلىرى بىرمۇنچە كىشىلەر ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، ئات - ئۇلاغلىرىنى مىنىشىپ، مەپە - هارۋىلىرىنى جاراڭلىتىپ، مەنزىرىسى گۈزەل، هاۋالىق يۇرت - مەھەللىلەرگە، باغلارغا، ئۆيلەرگە بېرىپ باراۋەت قىلىشىپ، مەش-

-رەپ ئوينىشىپ، ھەر خىل كۆڭۈللۈك پائالىيەتلەر بىلەن سەيلە - ساياھەت قىلىشىپ، كۆڭۈل ئېچىشاتتى. كىشىلەر بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا سەيلىگە بېرىپ قالسا، قولۇم - قوشنىلار، كۆرگەن - بىلگەنلەر ئۆي - ئۆيلەرگە چاقىرىشىپ، «تاپقىنى گۆل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز» دېگەندەك، ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىشات-تى، ياخشى كۈتەلمىدى، دەپ كەمسىتىش، مەنسىتمەسلىكتىن خالىي ئىدى. ئىشلار تولىمۇ ئاددىي - ساددا، كۆڭۈللۈك بولاتتى. ئوينىغان مەشرەپلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ تولىمۇ مول بولۇپ، تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلاتتى. ئۇششاقى - چوڭ باللار ھەر خىل ئويۇنلارنى يېرىم كېچى-لەرگىچە داۋام قىلدۇرۇشاتتى. بىرەر يۇتۇم ھاراق ئىچىشمەيتتى. جېدەل - ماجىرا، نىزا - ئاداۋەتلەردىن خالىي تۇرۇشاتتى. كىشىلەر بىر - بىرىگە مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈشۈپ، تېخىمۇ ئىناق - ئىجىل بولۇشاتتى؛ كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى، قىزىقىش - ھەۋەسلىرى-نى نامايان قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ زامانلاردا نۇرغۇن دانىشمەن زاتلار، چېلىشچى پالۋانلار، ئوغلاقچىلار، پائالىيەت تەشكىلاتچىلىرى مەيدانغا چىقاتتى، كىشىلەردە قورساق، كىيىمدىن باشقا چوڭ غەم - غۇسسى-لىرى بولمايتتى، كۆڭۈل - كۆكسى شۇنچە كەڭ ئىدىكى، ھەتتا بىرەر يۇرتتا تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولماي قېلىپ، مۇساپىر بولۇپ كېلىپ قالغانلارغا باغلىق ھويلىلىرىنى بوشىتىپ بېرىشتىن ئايانمايتتى. شۇ-ڭا، كىشىلەرنىڭ ئۆمرىمۇ ئۇزاق، سالامەتلىكىمۇ ياخشى تۇراتتى. بۈ-گۈنكى كۈندە ئىككى - ئۈچ دوست بىر جايغا جەم بولسا، بىرەر رېستوران ياكى بىرەر قاۋاقخانىغا «چۆكۈپ» ، بىر تەرەپتىن تاماق يەپ، بىر تەرەپتىن ھاراق ئىچىپ، بەھۇزۇر كەيپ سۈرىدۇ، كەيپ بولغاندىن كېيىن، مەست ھالەتتە لەگلەكتەك ئۇڭ - تەتۈر ئۇچۇ-شۇپ، يەرگە دومىلاپ، ئاخىرىدا لاي - پاتقاق بىلەن ئۇلپەتلىشىدۇ. بەزىلىرى جېدەل - ماجىرا، ئۇرۇش - تالاش قىلىشىپ، بىر - بىرىگە پىچاق تىقىشىپ، جىنايەت يولىغا ماڭىدۇ. بەزىلىرى كەيپچىلىكنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرمەك بولۇشۇپ قىز - چوكانلارغا پوخۇرلۇق قىلىشى-

دۇ. قىسقىسى ھاراق باشقا چىققاندىن كېيىن، شەيتان باشلىغان يولغا مېڭىشۇېرىپ، ئەپسۇسلۇق ئىشلارنى سادىر قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ شان - شۆھرىتىنى، ئىناۋىتىنى تۆكىشىدۇ، نەپرەتكە دۇچار بولىدۇ. ھاراق ۋە تاماكا ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە ئالللىقاچان ئىنسان ھاياتى ۋە سالامەتلىكىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلاندى. بۈگۈنكى كۈندە ھاراق مىللىتىمىزگە ئېغىر پاجىئەلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، خۇددى قايسىبىر دانىشمەن ئېيتقاندەك «ئىچىملىك ۋە چېكىملىك ئىنسانىيەتنىڭ قاتىلى، تۇرمىنى جىنايەتچى بىلەن تولدۇرۇپ بېرىدىغان خىزمەتكار، ئۇ بىچارە ئاتا- ئانىلارنىڭ يۈرىكىنى لەختە- لەختە قانغا تولدۇرۇپ، قاراڭغۇ لەھەتنى جەسەت بىلەن تولدۇرۇپ بېرىدىغان رەھىمسىز ئەزرائىل» غا ئايلىنىپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ، مىللەتنىڭ تراگېدىيىسى بولماي نېمە؟ رەڭگامۇ - رەڭ، تېتىقسىز ھاراق ئېلانلىرى، تەشۋىقاتلىرى ھەممىلا جاينى قاپلاپ كېتىۋاتىدۇ، ھاراق زاۋۇتلىرى ھەر يىلى كۆپىيىۋاتىدۇ، كىتابخانىلار، كۇتۇپخانىلار كۆپەيگىنى يوق. ھاراق باھاسى ئۆرلەپ كەتسە، ھېچ كىشىنىڭ پىكرى چىقمايدۇ، ئۆرلىگەنسېرى، قىممەت بولغانسېرى شۇنچە ئەتىۋارلىنىپ، «ئىسىل» ھاراق دەپ ئىستېمال قىلىنىدۇ؛ كىتاب باھاسى سەللا ئۆرلەپ قالسا ھەممە كىشى تەڭ قايىنايدۇ. سېتىۋېلىشقا كۆزى قىيمايدۇ، ئەنە شۇنداق كىتابقا ھېرىسمەن بولماي، ھاراققا بېرىلىپ كېتىش كەلگۈسى قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس.

ھازىر جەمئىيەت تەرەققىي قىلماقتا، دەۋر ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، ئوي - پىكىرلەر، تەسەۋۋۇرلار، ئىجادىيەت - ئىقتىدارلار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا چىقماقتا. مىللىتىمىز كىشىلىرى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىمەي، زامانغا، تەرەققىيات يولىغا ماسلاشماي، بىرەر - جايغا يىغىلسىلا «بىر - ئىككى رومكىدىن قېقىشمىساق قانداق بولغىنى» دەپ مەيخورلۇق بىلەن بولۇۋەرسەك، «مەست كاللا» ھالەتتە يۈرۈۋەرسەك، ئۆزىمىزنىڭ ساپاسىنى، مىللەتنىڭ ساپاسىنى قانداق ئۆستۈرە-

لەيمىز؟! باشقا مىللەتلەر بىلەن قانداقمۇ باراۋەر ھالەتتە ياشىيالايـ
مىز؟ كىنو - تىياتىر فىلىملىرىدە: باشقا ئەل - مىللەت كىشىلىرى
بىزنىڭ كىشىلىرىمىزدەك ئىچسە، مەست بولمىغۇچە توختىمايدىغان،
«لەخپۇك» دەك بولمىغۇچە، خۇدىنى يوقاتمىغۇچە بولدى قىلمايدىغان
ھالەتنى ئەمەس، ئىسپىرت دەرىجىسى تۆۋەن ئىچىملىكلەردىن بىر -
ئىككى رومكا ئىچىپ سۆھبەتلىرىنى، ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرۇۋەر-
گىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. بىز نېمىشقا باشقا مىللەت، ئەل كىشـ
لىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ياخشى ئىستېمال ئەخلاقىنى ئۆگەنمەي، ئەكـ
سىچە ھاراقخورلۇققا بېرىلىپ كېتىمىز؟ بۇ خىل ناچار ھالەتنى،
بولمىغۇر ئىللەتنى تۈزەتكىلى بولماسمۇ؟ ئەگەر مىللىتىمىز كىشىلىـ
رى مەيخورلۇققا، خوتۇنبازلىققا، زىناخورلۇققا بېرىلىپ كەتمىسە
ئىدى، ئېھتىمال باشقا ھەرقانداق مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئالدىدا ماڭار
ئىدى، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولاتتى. بىزنىڭ تارىخىمىزنى، ئېتنوگـ
رافىيىمىزنى ئاقتۇرساقلا مىللىتىمىز كىشىلىرىنىڭ قانچىلىك قەيـ
سەر، بىلىمخۇمار خەلق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس. بۇـ
گۈنكى كۈندە بىز ئەجدادىمىزنى دورىماي، باشقا مىللەت كىشىلىرىـ
نىڭ ياخشى ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى ئۆرنەك قىلماي، ھەدېسىلا بولمىـ
غۇر ئىللەت، مەيخورلۇق بىلەن ياشاۋەرسەك، مىللىتىمىز قانداق
تەرەققىي قىلىدۇ؟ ئۆزىمىز، ئەۋلادىمىز قانداق روناق تاپىدۇ؟ خۇددى
گيوتى دېگەندەك: «ئەگەر ئادەملەر ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئازـ
راق ئىچكەن بولسا، ئىنسانىيەت ناھايىتى زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن
بولار ئىدى». بۈگۈنكى كۈندە ئەۋلادلارغا بىلىم سۆيەر ئەخلاق -
پەزىلىتىمىز، قەھرىمانلىق جاسارىتىمىزنى مىراس قىلىپ قالدۇرالـ
ماسمىزمۇ؟ قالدۇرغىلى بولىدۇ، لېكىن ئىشقا ئاشۇرماق ھەقىقەتەن
قىيىن، چۈنكى بىر زامانلاردا رۇسلارمۇ ھاراقنى چەكلىگەن، ھاراق
زاۋۇتلىرىنى تاقىغان، ھاراقنىڭ خام ئەشياسى بولغان ئۈزۈم تەكلىـ
رىنى قومۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھاراقكەشلىكنى ئۈزۈل -
كېسىل تۈگىتەلمىگەن. لېكىن، شۇنىمۇ ئىشەنچ بىلەن قەيت قىلىشقا

بولىدۇكى، ئادەمدىن ئۇلۇغ، ئادەمدىن قەيسەر ھېچ نەرسە يوق. ھاراقخۇمارلىق قاتارلىق ئىللەتلىرىمىزنى تۈزەتكىلى، تۈگەتكىلى بولىدۇ، مەسىلە مىللىتىمىز كىشىلىرى ئىچىدە قەيسەر ئىرادە، ساغلام تۇرمۇش شەكلى ۋە توغرا ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەنگەندىلا، ئاندىن ھاراقكەشلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى، «ھاراق سورۇنىنىڭ گۈلى» دەپ يۇرۇۋەرمەيدىغان بولغىلى بولىدۇ. خۇددى ب. فرانكلىن ئېيتقاندەك «ئىچمەسلىك ئوچاققا ئوتۇن، قازانغا گۆش، داستىخانغا نان، دۆلەتكە دارامەت، يانچۇققا پۇل، تەنگە كۈچ، ئۈستۋاشقا كىيىم-كېچەك، مېڭىگە ئەقىل، ئائىلىگە پاراۋانلىق بەخش ئېتىدۇ». شۇڭا ھاراققا بېرىلمەي، بىلىمگە، پەن - تېخنىكىغا ھېرىسمەن بولايلى، ياخشى ئىستېمال ئەخلاقى ۋۇجۇدىمىزدا جۇلالىسۇن!



# دېھقانچىلىقمۇ بىر خىل تىجارەت،
# دېھقانمۇ بىر تىجارەتچى

«دېھقانچىلىق بىر خىل كەسىپ — تىجارەت، دېھقانمۇ بىر تىجارەتچى» دېسەك، بەزى كىشىلەر، بولۇپمۇ دېھقانلار دەماللىققا ئاڭقىرالماي قىلىشى مۇمكىن. بىراق، بۇ گەپتىن گۇمان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

بازار ئىگىلىكىگە قەدەم قويغىنىمىزغا خېلى يىل بولدى. ئىلگىرى «بازار» دېسە كىشىلەر قورقۇنچلۇق ھېس قىلىشاتتى. بۈگۈن «بازار» بىر خىل تاللاش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. بۇنداق شارائىتتا دېھقانلىرىمىز بازار ئىگىلىكىنىڭ سىرتىدا تەمتىرەپ يۈرسە، زامانغا زادى ماسلىشالمايدۇ. دېھقانلار ئىلگىرىكىدەك بىر خىل زىرائەتكىلا يېپىشىۋالسا ياكى ئۆتنىڭدىنمۇ، بۇنىڭدىنمۇ ئاز - ئازدىن ھەممە زىرائەتنى تېرىسا، ياكى ھەممە خىل چارۋىدىن بىر - ئىككى تۇياقتىن بېقىپ تىرىكچىلىك قىلسا، ئەمگىكىگە يارىشا كىرىمگە ئىگە بولالمايدۇ، بازارغىمۇ ئاشنالمايدۇ. بۇ خىل ھالەت تەننەرخ، قىممەت قانۇنىغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۈگۈنكى دەۋردىكى دېھقانچىلىق تىجارەتكە، دېھقان تىجارەتچىگە ئوخشايدۇ. تىجارەتتە ئەلۋەتتە پايدىغا قارىلىدۇ. پايدىسى بولمىغان تىجارەتنى ھېچكىم قىلمايدۇ، تىجارەت بازار ئىگىلىكىگە قاراپ يۈرۈشلەشتۈرۈلىدۇ. بازار ئىگىلىكى دېگەنلىك رىقابەتلىشىش، بازارغا لايىق مەھسۇلات يارىتىش، پىداكارلىق

بىلەن ئىشلەپ، كۆپلەپ بايلىق يارىتىش دېگەنلىكتۇر. تەرەققىي قىلـ-
غان دۆلەتلەردىكى دېھقانلار ناھايىتى يۇقىرى پەن - تېخنىكا بىلىمىگە
ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشتا بىلىمگە، ئەقىل - پاراسىتىگە
تايىنىدۇ، بازارنى ئىنچىكە كۆزىتىدۇ، پىلان - نىشان بويىچە ئىش
كۆرىدۇ. ئالغان مەھسۇلاتلىرىنى بازار ئارقىلىق ساتىدۇ، دائىم ئۇ-
چۇر ئىگىلەيدۇ، ھاۋارايىنى ئۇقۇشىدۇ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش تەد-
بىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ، ھەرقاچان بازار ئەھۋالىغا قاراپ ئىش
كۆرىدۇ، ھەرگىزمۇ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ئىش قىلىپ، زىيان
تارتىدىغان تىجارەتنى قىلمايدۇ. دېھقان تىجارەتچى بولغان ئىكەن،
بازاردىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدۇ. دېھقانلىرىمىزنىڭ تازا دېگەندەك
روناق تاپالماسلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەب: دېھقانچىلىق — تىجارەت
شەكلىنىڭ ئەنئەنىۋى تىرىقچىلىقتا، ئاشلىق، كېۋەزگىلا باغلىنىپ
قالغانلىقىدا. ئىلگىرى بىرەر خىل ھۈنەر - كەسىپ ئىگىلەپ قويسا،
ئۆزى ۋە ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد شۇنىڭ نېنىنى يېيەلەيتتى. بۈگۈنكى كۈندە
پەن - تېخنىكا، بىلىم يېڭىلىقى كىشىلەرنىڭ مۆلچەرىدىن تېز بولماق-
تا. دېھقانلار ئەنئەنىۋى ھۈنەر — دېھقانچىلىقتا يېڭىلىق ياراتمىسا،
ھەر يىلى يېڭى - يېڭى كوزىر مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ تۇرمى-
سا، بازاردىكى رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقالمايدۇ. ھەممە كىشى كۆرۈپ
تۇرۇۋاتقاندەك بىر يىلدىكى 365 كۈن ئىچىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك
يېڭى كۆكتات، يېڭى مېۋىلەرنى ئىستېمال قىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇمۇ
ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە باشقا جايلاردىكى دېھقانلارنىڭ بازارغا ماسلاشقانلى-
قىنىڭ نامايەندىسى. ئەگەر تىجارەت قۇرۇلمىسى بازارنىڭ تەلىپىگە
ماسلىشالمىسا، ئۇنى تەڭشەش، كەسىپنى ئالماشتۇرۇش كېرەك.
يەنى پۇل تاپقىلى بولىدىغان تىجارەتنى قىلىش كېرەك. شۇنى چۈشىـ-
نىپ يېتىش كېرەككى، «ھۆكۈمەت ئالىلىقاچان دېھقانلارنىڭ تېرىق-
چىلىق — تىجارەتتە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى قوغداش
توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقارغان، دېھقانلار نېمىنى تېرىغۇسى
كەلسە شۇنى تېرىشى، نېمىدىن پۇل تاپقىلى بولسا شۇنى تېرىشى

كېرەك. ھەرقانداق ئادەمنىڭ چات كېرىۋېلىشىغا بولمايدۇ».
دېھقانلار ئازغىنە باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پۇت - قولىنى ئۆزلىرى چۇشۇۋالماسلىقى كېرەك. نى - نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغان بۇ كەڭ زېمىندا دېھقانلار ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى، ھۈنەر - تېخنىكىسىنى، دىت - پەمىنى ئىشلىتىپ، يىراقنى كۆزلەپ، قىممەت قانۇنىيىتى «سالغان دەسمىدىن نەپ ئېلىش»نى ئاساس قىلىپ، پايدا ئېلىشقا كۆزى يەتكەن بىر خىل تىجارەتنى قىلىشى لازىم. نۇرغۇن دېھقانلار 5 — 10 مو يەرگە باغلىنىپ قىلىپ يا تۇزۇكرەك مەھسۇلات ئالالمىغان، يا ئالىقىنى تولغۇدەك پۇل تاپالمىغان. بەزى دېھقانلار ھەتتا گۆھەردەك زېمىن، ئۈنچىدەك سۇ، تالماس ئىشچان بىلىكى تۇرۇپمۇ زېمىندىن پايدىلىنىشنى بىلمەي، يەرلىرىنى ئاق تاشلىۋېتىدۇ، «ھويلا - ئارام ئىگىلىكى» بەرپا قىلىشنى بىلمەيدۇ. مۇنداق تىرىكچىلىك يولىدا ماڭغۇچە، يەرلەرنى ئوبدان تېرىيالايدىغان تېرىقچىلىق ماھىرلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى، ئۆزى پۇل تاپالايدىغان باشقا تىجارەت - كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغىنى ياخشى. بۇ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش دېيىلىدۇ. تېرىقچىلىق تىجارەت ماھىرلىرى ئىچكى - تاشقى بازارلارنى كۆزلەپ، داڭلىق، بازىرى ئىتتىك، پۇلغا يارايدىغان «كوزىر» مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، بازارنى ئىگىلىشى، پۇل تېپىشى لازىم، يەنى خاسلىقنى، ئالاھىدىلىكنى تۇتۇشى، باشقا جايلار ئورنىنى بېسىپ چۇشەلمەيدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشى، باشقىلار ئىشلەپچىقىرالمايدىغان مەھسۇلاتلارنى يارىتىشى، باشقىلار ئىشلەپچىقارغان بولسىمۇ، ئۈنىڭدىنمۇ سەرخىل مەھسۇلاتلارنى يارىتىشى لازىم. مۇنداق دېيىلسە، بەزىلەر كېۋەز، ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىمىساقمۇ بولغۇدەك دېيىشى مۇمكىن، بۇ خىل قاراش توغرا ئەمەس. كېۋەز، ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىماي بولمايدۇ. بۇ خىل زىرائەتلەردىنمۇ پۇل تاپقىلى بولىدۇ. بىراق بىرقانچە مو يەرگىلا كېۋەز ياكى بۇغداي تېرىغاندا، قىلغان ئەمگىكىگە يارىشا نەپكە ئېرىشمەك قىيىن. تېرىدىغان ئىكەنمىز،

40 — 50 مو يەرگە ياكى ئۈنىڭدىنمۇ كۆپرەك يەرگە تېرىشىمىز، تېرىقچىلىق ماھىرلىرىغا تېرىتىشىمىز، بازار ئەھۋالىغا قاراپ ئىش قىلىشىمىز، قالغانلىرىمىز باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشىمىز لازىم. ھەممە كىشى بىر خىل كەسىپ يولىغا كىرىۋالسا، تار يولدا قىستىلىپ قالغاندەك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. دېھقانلارنىڭ بىرى كېۋەزنى ئاساس قىلىپ تېرىسا، بىرى سەي - كۆكتات تېرىسا، يەنە بىرى باغۋەنچىلىكنى تۇتسا، بىرى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كەسپىگە، تىجارىتىگە ئايلاندۇرسا، بۇ خىل تىجارەتتىن نېمىشقا نەپ ئالغىلى بولمىسۇن!

ئاخىرىدا شۇنىمۇ قوشۇپ قويۇش لازىمكى، دېھقانلار بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىش جەريانىدا نۇرغۇن پۇتلىكاشاڭ، توسالغۇلارغا ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ: «قوغۇن تېرىيمەن دېسە، كېۋەز - ئاشلىقتىن سۇ تالاشتىڭ دېيىلىدۇ، قىزىلچا تېرىي دېسە، سالا ئېتىزغا تېرىساڭ بولمايدۇ، دېيىلىدۇ. ئۇنداق قىلاي دېسە بولمايدۇ، مۇنداق قىلاي دېسىمۇ بولمايدۇ» دەيدۇ. بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق ئەركىنلىكىنى، تىجارەت يولىنى توسقانلىق. ئەڭ ياخشىسى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى دېھقانلارنىڭ تىجارەت روھىنى ئىلھاملاندۇرۇشى، دېھقانلارنى ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، «روھىي كىشەن»نى، ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنى تۈگىتىپ، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇم - ئىرسىيەتلىك قاراشلاردىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىشى لازىم. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشى، ئۇلارنىڭ ماددىي - مەنىۋى يۈكتىن قۇتۇلۇشىغا چارە - ئەقىل كۆرسىتىشى، «ئۈچكە پايدىلىق» (سوتسىيالىزمغا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشقا، دېھقانلارنى بېيىتىشقا پايدىلىق) بولسىلا، دادىللىق بىلەن يول ئېچىپ بېرىشى، دادىل قوللىشى ھەمدە رايون، كەسىپ ۋە مۇلۇكچىلىك ھالقىغان ھالدا بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى، ئومۇمىيلىقنى، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلىشى، خەلق ئۈچۈن جان-

دىل بىلەن خىزمەت قىلىشى، خەلقنىڭ ھەقىقىي «چاكار» لىرىدىن بولۇشى لازىم، شۇندىلا دېھقانلار كادىرلارنى ھېمايە قىلىدۇ، ھۆرمەت قىلىدۇ. دېھقانلار بېيىسا، كادىرلارمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، قىلغان ئەجرىدىن رازى بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ قارىساق، دېھقانلار بازار ئىگىلىكى — تىجارەت جەريانىدا: بىرىنچىدىن، ناھىيە، يېزا مەمۇرىي كادىرلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا، ئوبورتقا «ئەمەلدارلار ئىرادىسى» بويىچە قوماندانلىق قىلماي، دېھقانلارنىڭ بازار ئىگىلىكى دېڭىزىدا بەھۇزۇر ئۈزۈپ يۈرۈشىگە «يېشىل چىراغ» يېقىپ بېرىشىنى؛ ئىككىنچىدىن، «ئىككى ئەمگەك» (مەجبۇرىي ئەمگەك، خالىسانە ئەمگەك) نى يېنىكلىتىپ ياكى تۈگىتىپ، مەركەز، گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئىش قىلىشىنى؛ ئۈچىنچىدىن، دېھقانلار بازارغا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كىرسە «يېشىل چىراق» يېقىپ بېرىشنى، تۈرلۈك راسخوت، رەسمىيەت ھەققى، ئۈچى - بۇچى دېگەنلەرنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئېلىشىنى؛ تۆتىنچىدىن، پەن - تېخنىكا بازارلىرىنىڭ ئېچىلىشىنى؛ بەشىنچىدىن، ھوقۇق - مەنپەئەتىنىڭ قانۇن بويىچە قوغدىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار دېھقانلارنىڭ بۇ ئۈمىدلىرىگە سەل قارىماسلىقى لازىم.

# دېھقان بېيىمىسا ھاللىق جەمئىيەتمۇ بولمايدۇ

ج ك پ مەملىكەتلىك 16- قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىغا: «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دەپ تېما قويۇلغان، بۇ دوكلاتنىڭ يادروسى، جەۋھىرى، ئومۇمىي خۇلاسىسى بولۇپ، خۇشاللىق بىلەن چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش مەسىلىسىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1979- يىل 12- ئاينىڭ 6 - كۈنى ياپونىيە باش ۋەزىرى داپىڭ جېڭفاڭ بىلەن كۆرۈشكەندە تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان. 1982- يىل 9- ئايدا پارتىيىنىڭ 12- قۇرۇلتىيىدا: «… خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسى ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشى كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ تۇنجى قېتىم «ھاللىق جەمئىيەت» دېگەن ئۇقۇمنى ئىشلىتىشى ھەمدە ئۇنى ئاساسلىق كۆرەش نىشانى قىلغانلىقى. ئېلىمىز خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1990- يىل 2- ئايدا پارتىيىنىڭ 13- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 7- ئومۇمىي يىغىنى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 10 يىللىق پىلانىنى تۈزۈش ۋە سەككىزىنچى بەش يىللىق پىلان توغرىسىدىكى تەكلىپى» نى قاراپ چىقىپ

ھەمدە ماقۇللاپ، ھاللىق جەمئىيەتنىڭ مەزمۇننى ئىنچىكە سۈرەتلەپ
«ئاتالمىش ھاللىق سەۋىيە — تويۇنۇش، ئىسىنىش ئاساسىدا، تۇر-
مۇش سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن
بولۇش سەۋىيىسىگە يېتىش··· دېگەنلىكتۇر» دەپ كۆرسەتتى. پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان «ھاللىق جەمئىيەت» بەرپا
قىلىش چاقىرىقى ئاساسىدا، ئېلىمىز ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلى-
رىنى يۈرەكلىك ھالدا يولغا قويۇپ، ھەرقايسى سەپلەردە زور مۇۋەپ-
پەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. خەلقىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا
كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشلار بولدى. گەرچە نەتىجىلەر، تەرەققىياتلار
ئاساسىي ئورۇندا ھەم گەۋدىلىك بولسىمۇ، بىراق تەرەققىيات تەكشى
ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى تەرەققىيات سەۋىيىسى يەنىلا تۆۋەن
سەۋىيە. پارتىيە 16- قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلگىنىدەك
«ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە پەن - تېخنىكا، مائارىپ يەنىلا بىرقە-
دەر قالاق ھالەتتە بولۇپ، سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى
ئىشقا ئاشۇرۇشتا يەنىلا خېلى ئۇزاق يول مېڭىشىمىزغا توغرا كېلى-
دۇ» . رايونلار، كىشىلەر تۇرمۇشى، قاتلاملار، يېزىلار بىلەن يېزى-
لار ئوتتۇرىسىدا ۋە كەنتلەر بىلەن كەنتلەر ئوتتۇرىسىدا يەنىلا ئوخشى-
مىغان دەرىجىدە پەرقلەر مەۋجۇت. نامرات ئاھالىلەر يەنىلا خېلى كۆپ
سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئىشسىزلىق، ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق
مەسىلىلەر جەمئىيەتكە ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىپ تۇرماقتا. چەت،
يىراق رايونلارنىڭ نامراتلىق ئەھۋالى بىرقەدەر گەۋدىلىك. ئۇنداقتا،
نامراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولامدۇ - يوق؟ بۇ مەسىلىگە
16- قۇرۇلتاي روھى بىلەن جاۋاب بەرگەندە، تامامەن ھەل قىلغىلى
بولىدۇ.

16- قۇرۇلتاي ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ
ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈپ بەردى ھەم تېزدىن بېيىشنى، خاتىرجەم
بېيىشنى، يۈرەكلىك بېيىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىشىلەرنى كۈچ-
لۈك ئىلھاملاندۇردى ھەم خەلق ئاممىسىنىڭ يۈرەك ساداسىنى جاراڭ-

ـلاتتى. 16 ـ قۇرۇلتاينىڭ چاقىرىقى خەلق ئاممىسىغا، ھەر دەرىجە ـ لىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا بېرىلگەن سىگنال ھەم ياخشى پۇرسەت، ھەم يەنە بىر قېتىملىق ئىدىيىنى ئازاد قىلىش چاقىرىقى. بۇنداق ياخشى پۇرسەتنىڭ يارتىلىشى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئامەت ھەم تەلەي. ھەربىر كىشى بۇ پۇرسەتنى قەدىرلىشى، ئەۋزەل شارائىتلارنى نەزەردىن ئۆتكۈزۈپ، يېڭى تەسەۋۋۇر، يېڭى ئوي ـ پىكىرلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشى لازىم. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئى ـ يەت بەرپا قىلىشتىكى ۋەزىپە ھەقىقەتەن ئېغىر ھەم جاپالىق. بۇ ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا يېزىلاردا. ئېلىمىز چوڭ يېزا ئىگىلىك دۆلىتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى دېھقان. بۇ كىشىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇل ـ دۇرماي تۇرۇپ، ھاللىق سەۋىيىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بىرقانچە يىلدىن بۇيان، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئاستا بولدى، ھەتتا بەزى جايلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، «ئېشىش» دېگەن سۆز ـ دىن ئېغىز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان دېھقانلارنى بېيىتقاندىلا، ئاندىن جۇڭگونى بېيىدى، خەلقنى بېيىدى، ھاللىق سەۋىيىگە يەتتى دېگىلى بولىدۇ.

بىر قىسىم يېزىلارنىڭ ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، ئەھۋال بىرقەدەر مۇرەككەپ ھەم ئىدىيە، كۆزقاراش خېلىلا قاتمال. كادىرلار ۋە دېھقانلارنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش، ئىزدى ـ نىش، بېيىش روھى تۆۋەن. يېزا كادىرلىرىنى ئالساق، ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئورۇنلار سىزىپ بەرگەن «چەمبىرەك» تىن ھالقىپ چىقالمايدۇ، يۇقىرىنىڭ يوليورۇق، پىلان ـ تەسەۋۋۇرلىرىنى ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرمەيدۇ. دېھقانلارنىڭ نېمىنى ئويلايدىغىنى، نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە قانداق «سان» لارنىڭ بارلىقىنى نەزەردە تۇتمايدۇ. «قىل» دېدى، «قىلدىم» دەيدۇ ـ دە، مەسىلە چىقسا يۇقىرىغا دۆڭگەپ، «گۇناھكار» بولۇشتىن خالاس بولماقنى ئىزدەيدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا زىيان يەنىلا

دېھقانلارغا بولىدۇ. مەسىلەن، دېھقانلارنى «لازا تېرىيسەن» دېسە، لازا، «كېۋەز تېرىيسەن» دېسە كېۋەز تېرىتىپ، زىيان چىقسا، تىرناق تاتىلاشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى يېزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، شارائىتى، بازار ئەھۋالى دېگەنلەرنى نەزەردە تۇتمايدۇ، بەزى كادىرلار ھەتتا دېھقانلارنى بېيىشقا، ھاللىق سەۋىيىگە يېتەكلەش، ئۇلارغا ئەقىل كۆرسىتىش، ئۇچۇر يەتكۈزۈش، پەن - تېخنىكا ئۆگىتىش، ئىلمىي ئۇسۇل قوللىنىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش، ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۆزىنىلا «ھاللىق ئائىلە» قىلىپ چىقىش كويىدا يۈرىدۇ ۋە باشقىلار. دېھقانلارنى ئالساق، ئۇلارمۇ «يېتىلەش» كە كۆنۈپ قالغان. نېمىنى قىل دېسە، شۇنى قىلماقتىن باشقا ئامال يوق، نېمىنى تېرى دېسە، شۇنى تېرىماي مۇمكىن ئەمەس. شۇ ۋەجدىن، خېلى بىر قىسىم دېھقانلار خۇددى باشقىلارغا يەر تېرىپ بېرىۋاتقاندەك، يەرلىرىدىن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشقا تىرىشماي- دۇ. قورساق تويسا، ئۇچىسى يالىڭاچ قالمىسىلا، «شۈكۈر» دەپ يۈرۈۋېرىدۇ، ھەتتا ئىنتايىن ئاز ساندىكى بەزى دېھقانلار ئىش بولمىسا (قىل دېمىسە)، كەچ كىرگۈچە ئاپتاپسىنىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇ- رۇشقا، قارتا، بورت ئويناشقا ئامراق. بەزىلىرى كەچكىچە ئايىغى چىقمايدىغان ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بىلەن بەند بولىدۇ ياكى ئۇ يەر - بۇ يەردە لاغايلاپ يۈرۈپ، كۈنىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالىدۇ. «پۇل تېپىش» ئۈچۈن شەھەرلەرگە كەلگەن ئىشلەم- چى دېھقانلارنىڭ بىر قىسمى كەچ كىرگۈچە شەھەر مەركىزىدە ئايلى- نىپ يۈرۈشىدۇ، «ئىش بار» دېيىلسە، ئىشنىڭ ئاسانراقىنى، كۆپ- رەك پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئىشنى تاللاپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا «ئىش- سىز» قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «قارا ئەمگەك» مۇ كۆندە دېگۈدەك چىقىپ تۇرمايدۇ. ئۇلار بەزى تېخنىكىلىق ئىشلارنى قىلالماي، كۆپ ھاللاردا يەنىلا «ئىشسىز» لار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ قالىدۇ... شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم دېھقانلار باي بولاي دېسە باي بولالماي،

پۇل تاپاي دېسە، تۇزۇك پۇل تاپالماي «نامرات» ئۆتۈۋېرىدۇ. يۇقىرى-دىكى ئەھۋاللار بازار ئىگىلىكىگە زادىلا ماس كەلمەيدۇ. يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇچۇن:

بىرىنچىدىن، كادىرلار ۋە دېھقانلار چوقۇم ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىشى، ئۇقتىئىنەزىرىنى يېڭىلىشى، كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىشى، «شۇكۇر» چىلىك، قانائەتچانلىق ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى، بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىشى ھەم ھەقىقىي يۇ-رۇش قىلىشى، پەن - تېخنىكا، ئۇچۇر ئىگىلىشى، كەسىپ قۇرۇلمى-سىنى تەڭشەپ، ئالاھىدە، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشى، كىرىم يوللىرىنى كۆپەيتىشى، قىممەت قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلى-شى لازىم. بىرىنچە مو يەر تېرىش، بىرنەچچە مو باغ باشقۇرۇش، بىرقانچە تۇياق چارۋا بېقىش بىلەن بازار ئىگىلىكى ۋە ھازىرقى دەۋرنىڭ تەلىپىدىن چىققىلى ھەم روناق تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، كادىرلار كۆڭۈل - كۆكسىنى كەڭ قىلىپ، دېھقانلارنىڭ پۇت - قولىنى چۇشەپ قويماسلىقى، ئۇلارنى تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، باغۇەنچىلىك ئىگىلىكىنى بازارغا ماسلاشتۇرۇشقا، ئەركىن - ئازادە ئىگىلىك تىكلىشىگە ھەر قەدەمدە «يېشىل چىراغ» يېقىپ بېرىشى، مەدەت بېرىشى، قوللىشى لازىم. دېھقانلار كەسىپ قۇرۇلمىسىنى يۇرەكلىك بىلەن تەڭشىشى، كۆپرەك كاللا ئىشلىتىپ، قايسى كە-سىپ، قايسى ئىگىلىكتىن پۇل تاپقىلى بولسا شۇ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشى، كىچىك، قورساق تويدۇرىدىغان ئىگىلىك بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى، ئۆزلىرىنىڭ پۇت - قولىنى ئۆزلىرى چۇشەپ قويماسلىقى، يۇرەكلىك بىلەن ئىش كۆرۈشى، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ئىشلىتىپ، «پۇل تېپىش»، «ھاللىنىش» كارامىتىنى كۆرسىتىشى لازىم. يەر تېرىيدىغانلار يەر تېرىشقا ماھىر بولمىغانلار-نىڭ يەرلىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ، 100 مو، بەلكى بىرنەچچە 100 مو، بىرنەچچە 1000 مو يەر تېرىشى؛ باغۋەنچىلىككە ئېپى بارلار نەچچە 100 مو باغ باشقۇرۇشى؛ چارۋا بېقىشقا ماھىرلار بىرنەچچە

100 ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق چارۋا مال بېقىشى، قىلغان ئىشىدىن ئۇنۇم، قىممەت هاسىل قىلىشى لازىم. بازار ئېگىلىكىنىڭ قانۇنىيە-تى شۇكى، كىمنىڭ قايسى ئىشقا ئېپى بولسا شۇ ئىشنى قىلىشى، شۇ ئىشتىن بايلىق، پۇل تېپىشى لازىم. بازار ئېگىلىكى دېگەن رەھىمسىز كېلىدۇ، ماھىرلار، چېچەنلەر ئالدىدا ئۇزۇپ كېتىۋېر-دۇ. يالقاۋلار، ھورۇنلار شاللىنىپ، نامراتلىشىپ قېلىۋېرىدۇ، كىمكى بازارغا ماس كېلىدىغان، بازارغا ئېھتىياجلىق بولغان سەر خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالمايدىكەن، زىيان تارتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكى ئۆلكە، چەت ئەللەرنىڭ مەھسۇلاتلىرى، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازارغا كىرىشى يەرلىك مەھسۇلاتلارغا دائىم خىرىس پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، هازىرقى زامان كادىرلى-رى، دېھقانلىرى بازار ئېگىلىكى قانۇنىيىتىنى پىششىق ئىگىلىشى، ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىشى لازىم .

ئىككىنچىدىن، يېزىلار سانائەتلىشىش يولىدا مېڭىشى لازىم. مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلغانىكەن، ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەش، سې-تىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ، مادارى بار، مەبلىغى بار دېھقانلار ئۆز ئارا بىرلىشىپ مەبلەغ چىقىرىپ، كارخانا قۇرۇشى، كارخانا ئارقى-لىق دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق رىقابەتكە قاتنىشالايدىغان سەرخىل، سۈپەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ بازار ئىگىلىشى، روناق تېپىشى لازىم.

ئۈچىنچىدىن، بازارلاشتۇرۇش، شەھەرلەشتۈرۈش يولىدا مې-ڭىش لازىم. ئىمكانىيىتى بار يېزا ـ بازارلار ئۆز يېرىنىڭ ئالاھىدىلى-كى، ئىشلەپچىقىرىلغان يېڭى، سەرخىل، خاس مەھسۇلاتلىرىنى سې-تىپ چىقىرىش ئۈچۈن بازار قۇرۇشى، بازارنى كېڭەيتىپ، خېرىدار جەلپ قىلىپ، بازارنى ئاۋاتلاشتۇرۇشى لازىم. ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى بار بىر قىسىم دېھقانلارنى تارقاق يېزىلاردىن شەھەر ـ بازارلار-غا يۆتكەش، ئولتۇراقلاشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق تېرىش، پىششىقلاش، سېتىش ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا

يېزا، ناھىيە، ۋىلايەتلەردىن مەبلەغ سالغۇچىلارنى، بىرلىشىپ تىجا-
رەت قىلىشنى خالىغۇچىلارنى جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەبلىغىدىن
پايدىلىنىپ، ھەر خىل تىجارەت قىلىش، كارخانا، شىركەت، زاۋۇت
قۇرۇش ئىشلىرىنى يۇرۇشلەشتۇرۇش لازىم. پارتىيە 16- قۇرۇلتىيى
دوكلاتىدا: «خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىش ئۈچۈن، بارلىق ئەم-
گەك، بىلىم، تېخنىكا، باشقۇرۇش ۋە كاپىتالنىڭ ھاياتىي كۈچىنى
بەس - بەستە ئۇرغۇتۇش، ئىجتىمائىي بايلىق يارىتىدىغان بارلىق
مەنبەلەرنى تولۇق ئېچىش لازىم» دەپ كۆرسىتىلدى. ئۇنىڭ ئۈستى-
گە ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش بىر قېتىملىق ئىدىيىۋى ئازادلىق
ھەرىكىتى بولۇپ، مەيلى قەيەردىن كەلسۇن، بايلىق يارىتىپ، ھال-
لىق جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقارسىلا، ئۇ جۇڭگوچە سوت-
سىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تۆھپىكارلىرى بولالايدۇ. چۈنكى،
پۇقرالارنىڭ ھالال ئەمگەك بىلەن بېيىشى، قانۇنلۇق تىجارەت قىلىشى
كۈچەپ تەشەببۇس قىلىنىۋاتىدۇ، بۇلار ئەلۋەتتە يوللۇق ئىش.

تۆتىنچىدىن، يېزىلار مۇلازىمەت يوللىرىنى ئىجتىمائىيلاشتۇ-
رۇش يولىدا مېڭىشى لازىم، يەنى ۋاستىچى شىركەتلەرنى، ئۈچۈر
بىلەن تەمىنلەش، تارقاق مەھسۇلاتلارنى پارچە سېتىۋېلىپ، توپ سا-
تىدىغان مۇلازىمەتچىلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، سېتىۋېلىش، سې-
تىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، كۆلەملەشكەن تىجارەت قىلىپنى
شەكىللەندۇرۇش لازىم. چۈنكى، ھازىر ئىلغار تېخنىكا، ئىلىم - پەن
بىلىملىرى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھەمدە ئۈچۈر قاتارلىقلار سەل قارى-
غىلى بولمايدىغان مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىغا ئايلاندى. ئىل-
غار پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى سۈپىتىدە ئۈز-
لۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش يولى بىلەن كېڭىيىپ، ئىجتىمائىي بايلىق-
نىڭ توپلىنىشىغا تۈرتكە بولماقتا.

بەشىنچىدىن، دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ،
نادانلىقنى تۈگىتىشى، ئەنئەنىۋى تىرىكچىلىك يولىنى تىرىشىپ ئۆز-
گەرتىشى لازىم. جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىدا دىن ئەقىدىلىرى بىر

قەدەر ئېغىر بولۇپ، بۇ خىل ئەقىدىلەر دېھقانلارنى تەقدىرگە تەن بېرىدىغان، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئېڭىنى مۇجمەل قىلىپ قويىدىغان، تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا تىرىشمايدىغان قىلىپ قويىدۇ، ئەمەلىيەتمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. بۇنداق بولغاندا، ياخشى شارائىت، ياخشى سىياسەت بولغان بىلەن مەدەنىيەتلىك كادىر، مەدەنىيەتلىك دېھقانلار بولمىسا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايدۇ، يەنىلا قىياپەت ئۆزگەرمەيدۇ، نامراتلىق تۈگىمەيدۇ. بۇنىڭغا شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋە دېڭىز بويلىرىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ چوڭ بولۇشىمۇ يۇقىرىقى نۇقتىلارنى دەلىللەيدۇ. شۇڭا، بارچە ئامىللار بىلەن يېزا كادىرلىرىنىڭ، دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش زۆرۈر. شۇندىلا يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئەۋزەللىكلەردىن پايدىلىنىپ، ھاللىق جەمئىيەت، ھاللىق ئائىلە بەرپا قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى، دېھقانلارنى بېيىتقاندىلا، ئاندىن ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. دېھقانلار بېيىمىسا ئۇنى ھاللىق جەمئىيەت دېگىلى بولمايدۇ.

# دېھقانلارنىڭمۇ ئارام ئېلىش كۈنلىرى بولسۇن

## دېھقانلارنى پېنسىيىگە چىقىرىش ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ

كىشىلىك تۇرمۇشتا خۇشال بولۇش، ھاياجانلىنىش، غەم - قايغۇغا مۇپتىلا بولوش ئىشلىرى كۈندە دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدۇ. بۈگۈن مېنىڭ گېزىت ئوقۇۋېتىپ ھاياجانغا تولغان ياخشى بىر كۈنۈم بولدى.

ئادىتىم بويىچە گېزىت سەھىپىلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى سانىنىڭ 1 - بەت بېشىغا بېرىلگەن «دېھقانلار ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئىش ئونيار يېزىسىدا رېئاللىققا ئايلاندى» سەرلەۋھىلىك خەۋەرنى ئوقۇدۇم - دە، يېڭى بىر ھېس - ھاياجان قەلبىمنى چۇلغىۋېلىپ، ئىختىيارسىز قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

بۇ ماقالىدە 2002- يىلىنىڭ بېشىدا غۇلجا ناھىيىسىدىكى ئونيار يېزىسىنىڭ باشلىقى ئابلىمىت سەمەتنىڭ يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىدىنىڭ يىغىنىغا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا يېشى 60 قا يەتكەن ئەرلەرنى، يېشى 55 كە يەتكەن ئاياللارنى پېنسىيىگە چىقىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى ئېلان قىلغانلىقى ۋە بۇ تەكلىپ

ۋەكىللەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكى، بۇنىڭ بىلەن يېزىدىنىڭ پېنسىيىگە يېشى توشقانلارنى ئېنىقلاپ بېكىتىشكە مەخسۇس خادىم ئاجراتقانلىقى ۋە ئېنىقلاش ئارقىلىق 11- ئاينىڭ ئاخىرىدا 422 نەپەر ئەر، 598 نەپەر ئايال ئەمگەك كۈچىنى پېنسىيىگە چىقىرىشنى بېكىتكەنلىكى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھۆددىگە بېرىلگەن يېرىدىن ئېلىنىدىغان يەر ھەققى ۋە ئۇلار ئورۇنداشقا تېگىشلىك «ئىككى ئەمگەك» نى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىشنى قارار قىلغانلىقى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. بۇ قۇرلار ھەقىقەتەن كىشىگە يېڭى تۇيغۇ، يېڭى ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. ئۇنىيار يېزىسىنىڭ بۇ يېڭى ئىشى ھەقىقەتەن ماختاشقا، ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان ئىش.

نۆۋەتتە دېھقانلار ئاھالىسى مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 80% ىنى تەشكىل قىلىسىمۇ، بىراق «پېنسىيە» دېگەن ئاتالغۇ دېھقانلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن يېڭى ئۇقۇم، يېڭى ئىش. بۇ يېڭى ئىشنى ھەقىقەتەنمۇ دېھقانلار ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك. نۇرغۇن دېھقان قېرىنداشلىرىمىز باشقا سەپتە ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش ياشلىق باھارىنى، پۈتۈن ھاياتىنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، بىر ئۆمۈر جاپا - مۇشەققەت چەككەن، قوللىرى قاداقلاشقان، بەللىرى مۈكچەيگەن، چىرايلىرىغا قورۇق چۈشكەن، چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان. ئۇلار ياشىنىپ قالغانىكەن، ئاخىرقى ئۆمرىنى خۇرام، خۇشال - خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بىر قىسىم كادىرلار ۋە بەزى كىشىلەر دېھقانلارنى پېنسىيىگە چىقىرىش ئىشىنى غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، ئۇلارنى خۇددى ھاياتى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئەمگەككە، جاپاغا يارالغاندەك قاراشتا بولىدۇ، بۇ توغرا قاراش ئەمەس. دېھقانلارمۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقراسى، شۇنداق ئىكەن، ئۇلارمۇ پېنسىيىگە چىقىش ۋە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ مېنىڭچە، باشقا جايلارمۇ ئۇنىيار يېزىسىغا ئوخشاش دېھقانلار ياشانغاندا، ئۇلارنىڭ ھۆددىگە بېرىلگەن يېرىدىن ئېلىنىدىغان يەر ھەققى ۋە ئۇلار ئورۇنداشقا تېگىشلىك جۇغلانما ئەمگەك بىلەن مەجبۇ-

رىي ئەمگەكلىرىنى كەچۈرۈم قىلىپ، پىنسىيىگە چىقارسا، تۇرمۇش ياردەم پۇلى بەرسە يوللۇق ھەم قانۇنلۇق بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا دېھقانلارمۇ پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش نىزامى» دىمۇ يېزىلاردىكى ياشانغانلار مەجبۇرىيەت ئەمگىكى ۋە جۇغلانما ئەمگەك (ئىككى خىل ئەمگەك) نى ئۈستىگە ئالمايدۇ. «ئىككى خىل ھەق» نىمۇ ئۈستىگە ئالمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. دېھقانلارنى پېنسىيىگە چىقىرىش تۈزۈمى بۇ بەلگىلىمىگە زىت ئەمەس. بىراق، كۆپ جايلاردا بۇ نىزام ئىجرا قىلىنمايۋاتىدۇ؛ دېھقانلارمۇ مۇشۇنداق قانۇن- نىزاملار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق- مەنپەئەتىنى قوغداشنى بىلمەيۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال كادىرلار ۋە دېھقان-لارنىڭ تونۇشىنىڭ چوڭقۇر بولمىغانلىقىنىڭ، ئەنئەنىۋى قاراشتىن قول ئۈزۈلمىگەنلىكىنىڭ، قانۇن - تۈزۈم ئېڭىنىڭ تۆۋەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئېغىزدا ھەممە كىشى قانۇن - نىزاملارنى ئىجرا قىلىمىز دەپ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ سەۋەب، بۇ قائىدە، بۇ بەلگىلىمە دېگەن-لەر بىلەن كاللىنى چىرمىۋېلىپ، قانۇن - نىزامنى ئىجرا قىلماسلىق توغرا ئەمەس. بىز پارتىيىنىڭ سىياسەت فاڭجېنلىرىنى ئىزچىللاش-تۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئەلۋەتتە دېھقانلارنىڭ بېيىشىغا مەدەت بېرىشى-مىز، قانۇن - تۈزۈملەرنى تولۇق ئىجرا قىلىشىمىز، دېھقانلارنى ياشانغاندا ۋاقتىدا ئارام ئېلىشقا چىقىرىپ، شەرت - شارائىت ياردە-تىپ، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئۇلارغا پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇشىمىز، بېيىش يولىدا ئەركىن - ئازادە، خاتىرجەم مېڭىشىغا، ئاخىرقى ھاياتىنى بەختلىك ئۆتكۈزۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم. مانا بۇ «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى ھەقىقىي تۇردە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەنلىك.

2002 - يىل 12 - ئاي

# «ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز»

(چاتما مۇلاھىزە)

## مۇقەددىمە

مەن يېقىندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرى-
نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش خىزمىتى يىغىنى ۋە قەش-
قەر ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش خىزمىتى يىغىنى-
نىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىش جەريانىدا، رەھبەرلەرنىڭ ئىككى يى-
غىندا قىلغان سۆزلىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇدۇم، ئەمەلىي تەكشۈرۈش-
لەردە بولدۇم، دوكلات يىغىنلىرىغا قاتناشتىم، بىر قىسىم دېھقانلار
بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. قىسقىسى،
«مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن تەمسىلنىڭ راستلىقىغا
يەنىمۇ ئىشەندىم. خېلى بىر قىسىم يېزا - بازار، كەنت - مەھەللىلەردە
ئۆزگىرىش، يۈكسىلىشلەر چوڭ ئىكەن. كۆز يەتكۈسىز يېشىل بوس-
تانلىقلار، مول ھوسۇلغا تولغان رەڭگارەڭ ئېتىزلار، ئېغىل -
قوتانلاردىكى سېمىز چارۋىلار… كىشىنى سۆيۈندۈرۈپ، ئىپتىخارنى
قوزغايدىكەن. مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسەت - تەدبىرلىرى،
ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ ياخشىلىقى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا

«ئالتۇن دەۋر» نى كەلتۈرىدىكەن. تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلەر زور بولسىمۇ، بىراق خېلى بىر قىسىم دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئاشماسلىقى، مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ ياخشى سىياسەت - تەدبىرلىرىنىڭ تۆۋەندە تولۇق ئىزچىللاشماسلىقى كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ.

بەزى دېھقان تونۇشلىرىمنىڭ «سىلىنى يازىدۇ، مۇخبىر دەيدۇ، بەزى نەرسىلەرنى يازمىغانلىرى نېمىسى؟» دېگەنلىرى، يېزا - بازارلاردىكى دوست- بۇرادەرلىرىمنىڭ«ھە - ھۇ»لىرى ماڭا ئىلھام بولدى - دە، نېمىنى يېزىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىنى خېلى ئويلاندىم. ئاخىر ياخشى تەرەپلەرنىغۇ گېزىت - ژۇرناللاردا كۆپ تەشۋىق قىلدۇق، ئەمدى«كىرىم نېمىشقا ئاشمايدۇ؟ »، «سىياسەت- تەدبىرلەر نېمىشقا تولۇق ئىزچىللاشمايدۇ؟ »، «يۇقىرىنىڭ، رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنىڭ روھى بىلەن تۆۋەنىنىڭ ئەھۋالى نېمىشقا ئوخشىمايدۇ؟ » دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا مەلۇم جەھەتتىن جاۋاب بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن خىيالغا كېلىپ، بەزى يېزا - بازارلاردا ساقلىنىۋاتقان نۇقسانلارنى، تەكلىپ، تەنقىدي پىكىرلەرنى ئۆز خاھىشىمچە تىركەپ چىقتىم. «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ يېڭى دولقۇنى جەريانىدا، بۇ پىكىرلەر مۇناسىپ ھالدا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولالىسا ئەجەب ئەمەس.

## يېزا - بازار كادىرلىرىنى مۇقىملاشتۇرماق زۆرۈر

«سىياسىي لۇشيەن بەلگىلەنگەندىن كېيىن، كادىر ھەل قىلغۇچى ئامىل بولىدۇ» دېگەنىدى يولداش ماۋزېدۇڭ. بۇ سۆز ھازىرمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كادىر دۆلەتنىڭ مۇھىم بايلىقى. بۇ بايلىقنى قانداق ئىشلىتىش، قانداق پايدىلىنىش ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا باغلىق. مەن ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، «ئىككى يىغىن» روھىنى تەشۋىق قىلىش جەريانىدا، يېزا -

بازار كادىرلىرىنى ئىشلىتىشتە بەزى مۇۋاپىق بولمىغان تەرەپلەرنىڭ بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بەزى جايلاردا يېزا - بازار كادىرلىرىنى ھەر يىلى، كۆپ بولغاندا ئىككى - ئۈچ يىلدا بىر نۆۋەت ئالماشتۇرۇپ ئۆستۈرۈلىدىكەن ياكى تەڭشەپ تۇرۇلىدىكەن. مۇنداق قىلىش مەلۇم جەھەتتىن پايدىلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، مېنىڭچە بۇنداق تولا ئالماشتۇرۇش، يۆتكەش يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، كەسىپ - تۇرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ زىيانلىق تەرىپىنى نۇرغۇن پاكىتلار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مەسىلەن ئالايلۇق، يېزىنىڭ يېڭىدىن ئالماشقان بىر رەھبىرى بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بىرمۇنچە نىشان، پىلان - تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ - دە، ئىشنى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن باشلايدۇ. كېلەر يىلى يەنە بىر باشلىق ئالمىشىپ كەلسە، ئىلگىرىكىسىنىڭ ئىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، يېڭىۋاشتىن باغۋەنچىلىككە تۇتۇش قىلىپ، دېھقانلارنى باغ بەرپا قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. يەنە بىرى يۆتكىلىپ كەلسە، يەنە بىر يېڭى تۈرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن «شاختىن شاخقا قونۇش» كېلىپ چىقىپ، بىردەم ئانارنى يۇلۇپ تاشلاشقا، بىردەم تېرەكنى قومۇرۇپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. دېھقانلارمۇ ئۇلارنىڭ يېتەكلىشى بويىچە بىردەم ئۇ ئىشقا، بىردەم بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىپ، «چەمبىرەك» ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ راۋاج تاپالمايدۇ. ئالمىشىپ كەلگەن باشلىقمۇ ئۇ يەرنىڭ شەرت - شارائىتىنى، ئەھۋالىنى چۈشىنىپ بولغۇچە باشقا يەرگە يۆتكىلىپ بولىدۇ. بۇ ئىش رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىنى تۇراقسىز قىلىپ قويىدۇ - دە، خاتىرجەم ئىشلىيەلمەيدۇ. «كېلەر يىلى قەيەرگە يۆتكىلەرمەن...» دېگەندەك خىياللار بىلەن يۇقىرىراق باشلىققا ياخشى كۆرۈنۈشنىڭ كويىدا يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ، غەم - ئەندىشە، تەمە ئىچىدە بىر - ئىككى يىلنىڭ

قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالىدۇ. ئۆزلىرىمۇ قىلغان ئىش-
لىرىدىن كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم ھاسىل قىلالمايدۇ. بۇ ئىش يېزىلار-
نىڭ گۈللىنىشى، دېھقانلارنىڭ بېيىشىغا پايدىسىز. بېيىش، ھاللى-
نىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا دېھقانلارنىڭ سولغۇن چىرايلىرى جۇلا-
لانمىسا، قاپارغان، يېرىلغان قوللىرىنىڭ ھاردۇقى چىقمىسا، ئىشلە-
ۋەرسە، نەپ ئالالمىسا، خۇددى «ئۇمچى يوق مازاردىن شەيخ قېچىپ-
تۇ» دېگەندەك ئىش بولۇپ قالماسمۇ؟ مېنىڭچە، يېزا - بازار كادىر-
لىرىنى نىسپىي مۇقىملاشتۇرۇش، ئۇلارنى بىر ئورۇندا ئىمكانقەدەر
ئۇزاقراق ئىشلىتىش لازىم. ئۇلارغا شۇ يېزا - بازارنى تەرەققىي
قىلدۇرۇش، دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى،
شۇ يېزا - بازارنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى بەلگىلەپ بېرىپ، ئەگەر
شۇ ۋەزىپە، نىشانغا يېتەلىسە ياكى ئاشۇرۇۋەتسە، بۇنداق يېزا - بازار
رەھبىرىنى ئۆستۈرۈش ئىشىنى ئويلىشىش لازىم. ئەگەر ۋەزىپە،
نىشاننى ئورۇندىيالمىسا ياكى ئارقىغا چېكىنسە ۋە سەۋەنلىك ئۆتكۈز-
سە، ئۇنداق رەھبىرىي كادىرغا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، دەرىجىسى-
نى تۆۋەنلىتىش ۋە باشقا چارىلەرنى قوللىنىش لازىم. شۇندىلا يېزا-
بازارلارنىڭ تەرەققىياتى مۇقىم ۋە تېز بولۇپ، ئىقتىساد روناق تاپى-
دۇ، دېھقانلارمۇ، كەنتلەرمۇ، يېزا - بازارلارمۇ ئۆزى خالىغان كە-
سىپ - تۈرلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇ-
رۇپ، ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىغا تېزرەك يېتەلەيدۇ.

## يېزا - بازار كادىرلىرى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشى زۆرۈر

ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنلىرىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىش
خىزمىتى جەريانىدىكى 20 نەچچە كۈن ئىچىدە، مەن تۇرغان ئورۇندى-
كى بىرەر كادىرنىڭ بىرەر يېرىم كۈن ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ كى-
تاب، گېزىت - ژۇرنال، ھۆججەت - ماتېرىيال كۆرۈۋاتقانلىقىنى

ياكى رەھبەرلەرنىڭ سۆز - نۇتۇقلىرىنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ئېھتىمال ئۇلار «ئالدىراش» بولسا كېرەك. بۇ ئىشلارغا كۆڭلۈم غەش بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا، بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى گېزىت كۆرۈۋېتىپ ئۇچراتقان بىر خەۋەر ئېسىمگە كېلىپ قالدى: مەلۇم ناھىيىدىكى بىر يېزا باشلىقى ناھىيىگە مۇئاۋىن ھاكىم قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن. ئۆيىنى كۆچۈرىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ ئائىلە بىساتى بىرنەچچە ئاپتوموبىلغا بېسىلغان، بىراق شۇ ئائىلە بىساتى ئىچىدە 10 — 20 يەشىك ھاراق بار بولسىمۇ، بىرەر پارچە كىتاب كۆزگە چېلىقمىغان. بۇ ئىش شۇ مەزگىلدە گېزىتلەردە خەۋەر قىلىنىپ، جامائەت ئىچىدە غۇلغۇلا پەيدا قىلغان. ھازىرچۇ؟ مەن ئاڭلىغان، ئۇچراتقان ئەھۋاللاردىن قارىغاندىمۇ، ھازىر يېزا - بازار كادىرلىرى- نىڭ ئۆگىنىشى ھەقىقەتەن يېتەرسىز ئىكەن.

نۆۋەتتە، ھەممە يېزا - بازارلاردا «مالىيە تامىقى» يەيدىغان «ئەمەلدار كادىر» ۋە ئادەتتىكى كادىرلار« ئىشخانا» يېتىشمەيدىغان دەرىجىدە كۆپ ئىكەن. خۇددى «ئالتە ئۆچكىگە يەتتە تاكا» دېگەندەك، ئاشۇ «ئەمەلدار كادىر» ۋە كادىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس كونكرېت خىز- مەت ۋەزىپىلىرى، تەقسىم قىلىنغان تارماق - ئېچىقلىرى بار ئىكەن. بىراق، بۇلار قاچانلا قارىسىڭىز تۆۋەنگە «يۈگۈرۈش»، كەنت - مەھەللىلەرگە «چېپىش»، خىزمەت «سۈرۈشتۈرۈش» دېگەنگە ئوخ- شاش ئىشلار بىلەن «ئالدىراش» ئۆتىدىكەن. كۆپ قىسىملىرى «پار- تىزانىسكى» ئىش بېجىرىدىكەن. يىغىن ئاچىدىكەن، تۇيۇقسىز خىز- مەت «تەكشۈرۈش» كە بارىدىكەن... بەزى كادىرلار «دورغا» لارغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، ئۇلار دېھقانلارغا «بۇيرۇق» يەتكۈزۈش، «ئىجرا» قىلدۇرۇش، ئېلىش، بوغۇش، قىسىش، ۋارقىراش - جار- قىراش... قاتارلىق ئىشلار بىلەن قاتىلاڭ ئۆتىدىكەن. بەزىلىرى «كەنتكە ماڭدىم» دەپ قويۇپ، «ئاتنى ئايلىخانغا، يولنى سارىخانغا سېلىش» بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. قىسقىسى ئېتىكى كەڭ بۇ زېمىندا ئادەم نى - نى ئىشلارنى ئۇچرىتىدىكەن.

ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، ھەرقانداق بىر قەھرىمان قورالى ئارقىلىقلا قەھرىمانلىق ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرىمىزمۇ ئەلۋەتتە پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەت، قانۇن - بەلگىلىمىلىرى بىلەن قوراللىنىش ئارقىلىقلا ئۆز ئىقتىدارىنى، ئۆز رولىنى، ئۆز ئوبرازىنى نامايان قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر كەسىپ، ھەربىر تارماق، ھەربىر يېزا - بازارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، خىزمەت تەرتىپى، قانۇنىيىتى، بەلگىلىمىسى بولىدۇ. خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئۆگىنىش كېرەك، ئۆگىنىشمۇ بىر خىل خىزمەت. «كادىر» بولغان ئىكەن ئىشخانىدىمۇ ئانچە - مۇنچە ئولتۇرۇپ خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنى ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، قىلىۋاتقان ئىشلار تەرتىپسىز، قانۇنىيەتسىز بولىدۇ، تۇتىدىغان ئىشنى تۇتماي، تۇتمايدىغان ئىشنى تۇتۇش كېلىپ چىقىدۇ. يېزا - بازار كادىرلىرى سىياسەت - فاڭجېنلارنى، پارتىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە قارىتىلغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئۆگەنمىسە، بىلمىسە، گېزىت كۆرۈپ، رادىئو ئاڭلاپ، تېلېۋىزور كۆرۈپ، يېڭى پەن - تېخنىكا يېتىشتۈرۈلگەن يېڭى ئۇچۇرلارنى ئىگىلىمىسە، دېھقانلارغا قانداقمۇ توغرا يېتەكچىلىك قىلالىسۇن؟ پارتىيىنىڭ سىياسەت - فاڭجېنلىرىنى قانداقمۇ توغرا ئىزچىللاشتۇرالىسۇن؟ ئۆگەنمىسە خىزمەتتە، ئىشلەپچىقىرىشتا قانداقمۇ يېتىشتۈرۈش ياراتقىلى، نەتىجە ھاسىل قىلغىلى بولسۇن؟ دېھقانلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشتىن، دېھقانلارنى بېيىتىشتىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟! شۇڭا، ھەربىر يېزا كادىرى «تۆۋەن» گە پالاقشىپ «چېپىپ» كېتىۋەرمەي، ھەپتىدە بىر-ئىككى كۈن ئىشخانىدا بەخىرامان ئولتۇرۇپ ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، ئۆزىنىڭ سىياسەت، پەن - مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى بىلىملەرنى، قانۇن - تۈزۈم، بەلگىلىمىلەرنى، تەدبىرلەرنى پۇختا ئىگىلىشى، ئۇچۇر، بىلىم توپلىشى، سىياسىي - نەزەرىيە ئىقتىدارى، نىشاننى بەلگىلەش ئىقتىدارى، ئىس-

ـلاھات ئېلىپ بېرىش، پىلانلاش، تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارى، تەشـ
كىللەش ئىقتىدارى، كونترول قىلىش ئىقتىدارى، ئىجادچانلىق،
تەشەببۇسكارلىق، ماسلىشىشچانلىق ئىقتىدارى، ئاغزاكى ۋە يېزىقچە
ئىپادىلەش ئىقتىدارى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىقتىدارلارنى ئىگىلەپ،
ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرۇشى لازىم. يۇقىرىقىلار ئىنتايىن سەممىي،
توغرا تەكلىپلەر بولسىمۇ، بەزىلەر ئېھتىمال: «ئالدىراش تۇرساق،
ئۆگىنىشكە نەدە ۋاقىت» دېيىشى مۇمكىن. لېكىن، ۋاقىت قولىمىزـ
دا، ئىزدەنسەك ۋاقىت چىقارغىلى بولىدۇ، ھەتتا ۋاقىت دېگەن ئېـ
شىپ - تېشىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بەزىلەر تۇتامى، تايىنى يوق ئىشلار
بىلەن بەند بولۇپ، ئۆزىنى ئالدىراش ھېسابلايدۇ. مۇبادا دوستلىرى
ياكى باشقىلار بىرەر سورۇنغا تەكلىپ قىلىپ قالسا، دوپپىسىنىڭ
چۈشۈپ قالغانلىقىغا قارىماي يۈگۈرۈپ بارىدۇ، راسا «ئىچىپ» كەيپ
سۇرىدۇ. بەزىلەر ھەتتا كىشىلەر تەرىپىدىن «مەست كاللا باشلىق»
دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. بەزىلەرنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى
بىلگىلى بولمايدۇ. ۋاقىت بولسا ئۇخلايدۇ ياكى شەخسىي ئىشلارغا
شۇڭغۇپ كېتىدۇ.

بىلىش كېرەككى، نۆۋەتتە بىلىم يېڭىلىنىپ بارماقتا. ھەر يىلى
%20 بىلىمنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمەكتە. بىلىمنىڭ يېڭىلىنىش سۈرـ
ئىتى كىشىلەر ئۆگىنىپ بولالمىغۇدەك، يېتىشىپ ماڭالمىغۇدەك دەـ
رىجىدە تېزلىشىپ كەتمەكتە. «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»
مەسىلىسى نۆۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇلدى. شۇڭا، كادىرـ
لىمىز بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاش ۋە «كرىزىس ئېڭى»، بىلىم
ئىگىلەش ئېڭى، بازارغا ماسلىشىش ئېڭى، دەۋرگە يېتىشىپ مېڭىش
ئېڭىغا ئىگە بولۇشى لازىم، بولۇپمۇ يېڭىدىن گۈللەنگەن، گۈللىنىدـ
ۋاتقان كەسىپلەرنى، بازار ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان كەسپىي
تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىدـ
تىش ئىشلىرىغا پۇختا ئاساس سېلىشى لازىم. يەنىلا پىلانلىق ئىگىدـ
لىك دەۋرىدىكى «ئەنئەنىۋى خورەك» نىڭ تارتىپ، «غەپلەت ئۇيقۇـ

سى» غا غەرق بولۇپ يۈرۈۋەرسەك ياكى «بىر كۈن راھىب بولساڭ بىر كۈن داڭ ئۇر» دېگەندەك «كۈن ئۆياققا، پۇل بۇياققا» دەپ كېتىۋەرسەك، زىيان تارتىدىغىنى دەل ئۆزىمىز بولىمىز، «شاللىنىپ كېتىش» تەقدىرىدىن خالىي بولالمايمىز.

## كادىرلار ئۆز خىزمىتىنى تېپىۋالسۇن

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىچكى جاي-لاردىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يېزىدىكى ئەڭ چوڭ پەرق ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدە كۆرۈلىدۇ. لې-كىن، ئىدىيە، قاراش جەھەتتە تېخىمۇ روشەن ئەكس ئېتىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، قاراش جەھەتتىكى قالاقلىق ئەڭ چوڭ قالاقلىق بولۇپ، بۇ ھەتتا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىقتىنمۇ قورقۇنچ-لۇق. ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ بېشىدۇر، ھەرقان-داق ئىشقا ئىدىيە قوماندانلىق قىلىدۇ، ئىدىيە ئوچۇق بولمىسا، پىكىر - تەپەككۇر روشەن بولمىسا، قىلماقچى بولغان ئىشنى توغرا يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. «ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» ، ئىدىيىۋى قاراشنى يېڭىلاشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشتە ئالدى بىلەن ئىدىيە، قاراش، تونۇش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىشىمىز لازىم.

نۆۋەتتە، يېزا - بازار كادىرلىرىنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، بەزى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيە، قارىشى يەنىلا كونا، قاتمال، قالاق ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ... بەزى كادىرلارنىڭ بېكىنمىچىلىك، تار مەھكىمىچىلىك ئىدىيىسى ئېغىر، پەن - مەدەنى-يەت ساپاسى تۆۋەن، «ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەت-تىن ئىزدەش» ، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش روھى

خىلىلا كەمچىل، بيۇروكراتلىق، بۇيرۇقۋازلىق ئىدىيىسى ئېغىر، ئۆزىچە چەمبەر، رامكا سىزىۋېلىپ، ئۆزلىرىمۇ هالقىپ ئۆتەلمەيدۇ، دېهقانلارنىڭمۇ پۇت - قولىنى چۈشەپ قويىدۇ، تەشەببۇسكارلىق، يېڭىلىق يارىتىش روھى يوق. «ياخشى ئىش قىلمىساممۇ، خىزمەت كۆرسەتمىسەممۇ مەيلى، خاتالىشىپ قالمىساملا بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. بەزىلىرى سۇبيېكتىپ شارائىتتىن، دېهقانلارنىڭ نادانلىقىدىن ئاغرىنىدۇ. بەزىلىرىدە يۈلىنىۋېلىش، تەمە قىلىش، ئېلىۋېلىش، يېۋېلىش، شىلىۋېلىش ئىدىيىسى ئېغىر؛ دېهقانلارغا هەمدەم بولۇشنى، هەقىقىي ياردەم بېرىشنى بىلمەيدۇ؛ دېهقانلارنى بېيىش يولىغا، هاللىق جەمئىيەت قۇرۇش يولىغا توغرا يېتەكلىمەيدۇ؛ دېهقانلارنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىغىچە چات كىرىۋالىدۇ، سۇرۇشتۇرىدۇ؛ بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ، دېهقانلارنى ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. بەزى كادىرلار هەتتا بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا كېتىۋېتىپمۇ يەنىلا پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى كونا قاراش، ئىدىيە بىلەن دېهقانلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. خۇددى قىلىغىلى ئىش تاپالمىغاندەك، دائىم دېهقانلار ئارىسىغا «چوڭقۇر» چۆكۈپ، ئۇلارغا ئۇنى قىل، بۇنى قىل، ئۇنى تېرى، بۇنى يىغ، ئۇنى ياسا، بۇنى بىكار قىل… دېيىشنىلا بىلىدۇ. ئەنە شۇنداق قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش سەۋەبى بىلەن دېهقانلارنى هالسىرىتىپ، گاڭگىرىتىپ قويىدۇ ۋە قويماقتا. شۇنىڭ بىلەن دېهقانلاردا قىلىۋاتقان ئىش ئۆز ئىشىمۇ ياكى كوللېكتىپنىڭ ئىشىمۇ تازا ئاڭقىرالماي، «دۆت» لىشىپ كېتىپ، پۇرژىنىدەك تۈگۈلۈۋالىدىغان، سۆرۈلۈۋالىدىغان، هەيدىمىسە ئالدىغا ماڭمايدىغان، شۇكۇرقانائەتچانلىق قىلىدىغان ئىدىيىلەر كېلىپ چىققان. بۇ مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى تۈگۈن ئاساسلىقى يېزا - بازارلاردىكى «ئەمەلدار كادىر» ۋە ئادەتتىكى كادىرلاردا. مېنىڭچە، دېهقانلارنىڭ بېيىش، بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئىدىيىسى هەقىقەتەن كۈچلۈك. بىراق، بەزىلەر يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك توغرا ئىدىيە،

توغرا ھەرىكەت بىلەن يېتەكلىمىگەنلىكى، مۇھىمى ئۆز بۇرچىنى،
ئۆز ۋەزىپىسىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئورۇندىمىغانلىقى سەۋەبلىك،
دېھقانلار مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان.

بۇگۈنكى كۈندە، ھازىرقى بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە «ئەمەلدار
كادىر» ۋە باشقا كادىرلار نېمە ئىش قىلىشى كېرەك؟ بۇ مەسىلە
ھەممە كىشىگە ئايان، يەنى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — شۇ
ئورۇننىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش،
ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، دېھقانلارغا چىن نىيىتىدىن
مۇلازىمەت قىلىش. ئۇلار دېھقانلارنى بازار ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلە-
شى، پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش، ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىشقا يېتەك-
لىشى، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىغا بازار تېپىپ بېرىشى، دېھقان-
لارغا تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى ياخشى تەڭشەش، يەنى نېمىدىن پۇل
تاپقىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىشى، يېتەكلىشى،
قىسقىسى دېھقانلار نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنى قىلىپ بېرىشى
لازىم. چۈنكى، كادىر دېگەن «چاكار» ، دېھقانلار — خەلق، «خوجا-
يىن» - دە! سىزنىڭ قىلغان سۆزىڭىزدىن دېھقانلار شېكەر يېگەندەك
ھۇزۇرلىنىشى، قىلىپ بەرگەن ئىشلىرىڭىزدىن «ئالتۇن - ئاقچى»
لار تۆكۈلۈپ تۇرۇشى لازىم. مۇشۇنداق قىلالىساقلا، دېھقانلارنىڭ:
«ئاش - نېنىمىزنى يەپ، قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن ھۆكۈمەت
مائاشىنى خەجلەپ، بىزگە نېمە ئىش قىلىپ بەردىڭ؟ » دېگەن سوئا-
لىغا دۇدۇقلىماي جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساق،
دېھقانلارنىڭ چالما - كېسەكلىك تاملار ئارىسىدا ياشاش، بىرەر قوتۇر
ئېشەك، ئۈچ - تۆت تۇياق قوي - ئوغلاق، ئىككى - ئۈچ مو يەرگە
قاراپ ئولتۇرۇش ھالىتى ئۆزگەرمەيدۇ - دە، سىز بۇرچىڭىزنى ئادا
قىلالمىغان بولىسىز، دېھقانلارمۇ سىزگە نەپرەتلەنمەي قالمايدۇ.
چۈنكى، «يامغۇرى يوق بۇلۇتنىڭ، نۇرى چاقنىمايدىغان قۇياشنىڭ
نېمە پايدىسى» بار؟ «يۇرتى باينىڭ ئۆزى باي» ، دېھقان باي بولسا،
ئېغىللىرىدا مال - چارۋىلىرى تولۇپ تۇرسا، باغلىرىدا مېۋىلەر قىزى-

رىپ تۇرسا، ئېتىزلىرىدا قوغۇن - تاۋۇزلار پىشىپ تۇرسا، قولىرىدا تۆت - بەش تەڭگە پۇل - پۇچىكى بولسا، سىز ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ بولغۇچە هازىرقىدەك ئىشىكنى يېپىۋېلىش ئەمەس، بەلكى«ئۆيسەن كىرسىلە، بىرەر قاچا قېتىق ئىچىپ ماڭسىلا»، «قوغۇنغا ئېغىز تەگكۈزۈپ بەرسىلە»، «تاماق تەييار بولۇپ قالدى، بىللە قول كەلتۈرەيلى»... دېگەنگە ئوخشاش تەكەللۇپلارنى قىلماي قالارمۇ؟

شۇڭا، كادىرلارنىڭ «ئەل ئۈچۈن يىغلىمىغان كۆزسىز قالار»، «ئەل كۆكەرسە ئەر كۆكەرەر»، «ئەلگە خىزمەت — ئالىي هۆرمەت»، «ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز» دېگەن ماقال-تەمسىللەرنى ئوبدان دەڭسەپ كۆرۈپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى، بۇرچىنى ئېنىق بىلىۋالغىنى، تولۇق ئادا قىلغىنى ياخشى. ئۆز بۇرچىنى، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماي، بۇرۇنقىدەك كونا ئىدىيە، هەرىكەت، هالەت بىلەن ئىش يۈرگۈزۈۋەرسە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىغا ماسلىشالمايدۇ، ماسلاشمىغانىكەن، سەپتىن چۈشۈپ قېلىش كېلىپ چىقىدۇ. هەربىر كادىر بۇ نۇقتىلارنى ياخشى دەڭسەپ كۆرۈشى لازىم.

## ئىشلەپچىقىرىشنى سېلىشتۇرۇپ باهالاش بازار ئىگىلىكىگە ماس كەلمەيدۇ، پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ، شەكىل، مەزمۇنى يېڭىلاش زۆرۈر

ئەقلىمگە كەلسەم، ناهىيە، يېزا - كەنتلەردە ئىشلەپچىقىرىشنى سېلىشتۇرۇپ باهالاش پائالىيىتى داۋام قىلىنىۋاتقانىكەن. هېلىمۇ داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىۋېتىپتۇ، سىياسەت روهى بويىچە ئويلاپ كۆرسەم، ئىشلەپچىقىرىشنى سېلىشتۇرۇپ باهالاش پائالىيەتلىرى پىلان-

-لىق ئىگىلىك دەۋرىدە ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈ-
رۈشكە مەلۇم جەھەتتە تۈرتكە بولغان بولسىمۇ، بىراق ئىدىيىنى ئازاد
قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىسەك، بۈگۈنكى بازار ئىگىلى-
كى دەۋرىگە ماس كەلمەيدۇ، پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ.

ئىشلەپچىقىرىشنى سىلىشتۇرۇپ باھالاش ھەقىقەتەن پىلانلىق
ئىگىلىك دەۋرىنىڭ مەھسۇلى. بۈنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەنئەنە سۈپى-
تىدە «ئۈنۈملۈك شەكىل» قىلىپ قوللىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. ھا-
زىرقى بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق ئەركىنلىكى
ئۆز ئىلكىگە بېرىلدى. بۇيرۇق خاراكتېرلىك تېرىقچىلىق ئەمەلدىن
قالدۇرۇلدى. بازار نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنى تېرىپ، شۇنىڭ-
دىن پۇل تاپىدۇ. مۇھىمى ھەممە ئادەم، ھەممە كەنت، ھەممە يېزىنى
ئوخشاش بىر ئىشنى قىل دېگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ، ھەر جاي، ھەر
كىم ئۆز ئالاھىدىلىكى، ئەۋزەللىكى، ئۆز خاسلىقى بويىچە تېرىقچى-
لىق، باقمىچىلىق، باغۇەنچىلىك قاتارلىق خىلمۇخىل ئىشلارنى قى-
لىپ، ئۈنى گۈللەندۈرمەكتە. شۇنداق ئىكەن، ئىشلەپچىقىرىشنى
يىلدا، پەسىلدە بىرنەچچە قېتىم سىلىشتۇرۇپ باھالاشنىڭ ھېچقانداق
زۆرۈرىيىتى يوق. ئۈنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى بۇخىل سىلىشتۇرۇپ
باھالاش شەكىلۋازلىق، ساختىپەزلىك، بيۇروكراتلىق، بۇيرۇقۋاز-
لىق قىلمىشلىرىغا كەڭ يول ئېچىپ بېرىدۇ. ئالايلى، ئىشلەپچىقى-
رىشنى سىلىشتۇرۇپ باھالاشنىڭ شەپىسى كېلىش بىلەنلا، جايلار
بۇغداينى پالانى كۈنگىچە ئورۇپ بولۇپ، ئورنىغا پۇستانى زىرائەتنى
تېرىپ بولۇش لازىم؛ قوناقنى پالانى كۈنگىچە تاقلاپ بولۇش لازىم؛
كۈزگى بۇغداينى پۇستانى كۈنگىچە تېرىپ بولۇش لازىم؛ پالانى
ۋەزىپىنى پۇستانى كۈنگىچە ئورۇنداپ بولۇش لازىم. بولمىسا مۇنچە
يۈەن جەرىمانە قويۇلىدۇ، دېگەن «بۇيرۇق» لار، ئۇقتۇرۇشلارنى
ئۇچمۇئۇچ چۈشۈرۈشكە باشلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن يېزا- كەنت كادىرلى-
رى جىددىيچىلىك قايىنىمىغا چۈشۈپ كېتىپ، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈشكە،
پىلاننى ئورۇنداشقا ئالدىرايدۇ. مەھەللە كادىرلىرىدىن يېزا - بازار

كادىرلىرىغىچە ۋەزىپىنى ئورۇندىيالماي يەرگە قاراپ قېلىشتىن، جە-رىمانە تۆلەشتىن قورقۇپ، «ۋەزىپە» لەرنى جان - جەھلى بىلەن ئورۇن-داشقا تىرىشىپ، كۆندۈزنى كېچىگە ئۇلايدۇ - دە، دېھقانلارنىڭ پىش-مىغان بۇغدايلىرىنى، خام قوناقلىرىنى كۆك ئورۇشقا، ئەمدىلا ئۇ-نۇشكە باشلىغان مايسىلارنى تاقلاشقا، ئوسىسى كېلىشمىگەن يەرگە ئورۇق سېلىشقا، پىشمىغان كېۋەزلەرنى يۇلۇۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ، ھەتتا يالغاندىن نەق مەيدان ھازىرلاشقا، يالغان سان - سىپىرلارنى توقۇپ چىقىرىشقا، قىلىنمىغان ئىشنى قىلدۇق دېيىشكە توغرا كېلى-دۇ. بۇ ئىشلار دېھقانلارغا ھەقىقەتەن كۆپ زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ، بۇ ئىشتىن تولىمۇ نارازى بولغان دېھقانلار كۆك ئورۇۋەتكەن بۇغداي - قوناقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ناھىيە، ھەتتا ۋىلايەتكىچە كېلىپ ھال - ئەھۋال ئېيتىدىغان ئىشلار ھەممە كىشىگە ئايان.

يەنە بىر ئىشنىمۇ قىستۇرۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئىشلەپچى-قىرىش، خىزمەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا، شۇ ئورۇنلارنىڭ با-ھالىغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىشىغا قاراپمۇ ئىش كۆرۈلىدىغان، يەنى دېھقان-لار ئېيتقاندەك: «ھالۋا ياغ بىلەن، باھالاش گال بىلەن» دېگەنگە ئوخ-شاش ئىشلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بەزى يېزا - كەنتلەر باھالاشتىن ياخشىراق «ئۆتۈش» ئۈچۈن، باھالىغۇچىلارنى چوڭراق ئاشخانا، كات-تىراق باغ، ياخشىراق رېستورانلارغا باشلاشقىمۇ مەجبۇر بولىدۇ. بەزى باھالاشنىڭ «خۇلاسىسى» رېستوراندا چىقىرىلىدىغان ئەھۋاللار-مۇ بار. بۇ ئىشلار تولىمۇ بىمەنىلىك ھەم نەپرەتلىك ئىشلار جۈملىسى-گە كىرىدۇ. ئويلاپ باقايلى، بىر ناھىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر يېزا بىلەن بىر يېزىنىڭ جۇغراپىيە، تەبىئىي شارائىتى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنداقتا ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە، ئوخشاش ئۆل-چەم قويۇش، ھەممىنى بىرلا ۋاقىتتا قىلىپ بولىسەن، دەپ تەلەپ قويۇشمۇ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلمىغانلىق بولىدۇ.

يۇقىرى ئۈنۈم بولۇش ھازىرقى زامان ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى ۋە توپ نىشانىدۇر، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەر-

لىك ئالاھىدىلىكى — ئۇنۇمنىڭ ئەڭ زور بولۇشىنى قوغلىشىشتۇر. شۇڭا، ھەر خىل تۇرلەرنى يولغا قويۇشتا، كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بازارنى يېتەكچى قىلىشنى، مەجبۇريي بۇيرۇق چۈشۈرۈش، كونا ئەنئەنىگە ئېسىلىۋېلىش، شەكىلۋازلىق قىلىش، كونا قائىدە، ئۇسۇلنى «بوخچا» قىلىپ كۆتۈرۈۋېلىش قاتارلىق پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىن قالغان ئىللەتلەرنى تۈزىتىش، ئۇنۇمنى تەكىتلىگەندە خەلق ئاممىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى: «يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى دېھقانلارغا پۇل، ئەمگەك كۈچى سېلىقى سېلىپ، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە باھالاپ سېلىشتۇرۇشلارنى توختىتىشنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى» دېگەن خەۋەرنى تارقاتتى. ماقالىدە تۈرلۈك سېلىشتۇرۇپ باھالاشلارنى توختىتىش تەكىتلەنگەن ۋە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىشى، دېھقانلارنى ئۇنى، بۇنى تېرىشقا مەجبۇرلىماسلىقى، دېھقانلارغا ئىگىلىك باشقۇرۇش خاراكتېرىدىكى مۇلازىمەتلەرنى قوبۇل قىلىسەن، دەپ بېسىم ئىشلەتمەسلىكى كېرەك» . دېمەك، بازار ئىگىلىكىگە، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە ماس كەلمىگەن تۈرلۈك سېلىشتۇرۇپ باھالاشلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، سېلىشتۇرۇپ باھالاشنىڭ مەزمۇن، شەكلىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىدىن ئىجاد قىلىپ، بازار ئىگىلىكىگە، قۇرۇلمىنى تەڭشەشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان شەكىل بىلەن ئېلىپ بېرىش لازىم، يەنى يىلدا بىرەر يېرىم قېتىم چارۋىچىلىقتا ياكى تېرىقچىلىقتا ئۆزگىچە يول تۇتقان، خاسلىقى، ئالاھىدىلىكى بار ناھىيە، يېزا بويىچە ئۆرنەك - تىپ بولۇشقا لايىق كېلىدىغان ئورۇن - شەخسلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ماھارىتىنى نەق مەيداندا كۆرۈش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق ئوخشاش تۇر، ئوخشاش كەسپتىكىلەرنىڭ ئىگىلىكىنى روناق تاپتۇرۇش ماھارىتىگە ئىلھام بېرىش لازىم. بۇ

خىل باھالاشنى «ئىگىلىك تىكلەش ماھىرلىرىنى باھالاش» دېيىش، چوقۇم بۇنىڭدىن ئۇنۇم ھاسىل قىلىش لازىم. بۇ سۆزۈمگە تۆۋەندىكىلەرنى قوشۇمچە قىلسام ئارتۇق كەتمەس. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆتمۈش زاماندا كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ سەمەن يېزىسىدىكى بىر دېھقان چىلگە تېرىپ، قەشقەر بازىرىغا ھېچكىمنىڭ چىلگىسى كىرمەستە چىلگە پىشۇرۇپ، شۇ چاغدىكى قەشقەر ئامبىلىغا سوۋغا قىلغان. ئامبال خۇشال بولۇپ كېتىپ، ئۇ دېھقانغا نۇرغۇن پۇل ئىنئام قىلغان. بۇنىڭدىن ئىلھاملانغان ئۇ دېھقان ھەر يىلى چىلگە تېرىپ، ھەممىدىن بۇرۇن شەھەرگە ئەكىرگەن. قالغان دېھقانلارمۇ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، چىلگە تېرىيدىغان ھەم بالدۇر پىشۇرىدىغان بولغان. «سەمەننىڭ چىلگىسى» دېگەن گەپ شۇ چاغلاردا پەيدا بولغانىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆتمۈش زاماندا ياخشى، سەرخىل ئاتلارنى باققان، خىل قوچقارلارنى يېتىشتۇرگەن، ئېسىل مېۋىلەرنى ئۆستۇرگەن دېھقانلارنىمۇ شۇ زاماننىڭ ئامباللىرى مۇكاپاتلىغان ياكى ئىنئام بەرگەن. بۇ ئۆتمۈش زاماندىكى ئىشلار بولسىمۇ، مېنىڭچە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

## دېھقانلار خېرىدارلىق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم

باي بولۇش، ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. لېكىن ئەقىللىق، ئىرادىلىك كىشىلەرگە نىسبەتەن تەس ئىشمۇ ئەمەس. چۈنكى، «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە». دېھقانلار باي بولاي دېگەن نىيەتكە كەلسە، ئالدى بىلەن كاللىسىنى ئىشقا سېلىپ، كىشىلەر موھتاج بولىدىغان، ئىستېمال قىلىشقا ئامراق، ياقتۇرۇپ سېتىۋالىدىغان مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرى-

شى لازىم. جەمئىيەتكە ئېھتىياجلىق نەرسىلەر بازار تاپماي قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتى چوقۇم بىر-بىرىدىن ياخشى، يېڭى، سۈپەتلىك بولۇشى، باشقىلارنىڭ مەھسۇلاتى بازارغا كىرىپ بولۇشتىن بۇرۇن سىز ئىشلەپچىقارغان شۇ مەھسۇلات بازارغا كىرىپ بولۇشى، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى، خاسلىقى، ماركىسى بولۇشى لازىم. باشقىلارنى دوراپ، ئۇلار نېمە تېرىسا، شۇنى تېرىسا زىيان تارتىدۇ. شۇڭا، دېھقانلارمۇ چوقۇم بازار ئەھۋالىنى ياخشى كۆزىتىشى، تەھلىل قىلىشى زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا، بازىرى ئىتتىك، خېرىدارلىق ياخشى مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. باشنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، «تېرىدىڭمۇ، تېرىدىم» قىلىپ، ئالدىغا كەلگەننى ئىشلەپچىقىرىۋەرگەندە، بازار رىقابىتىدە دۇم چۈشمەي قالمايدۇ. ھازىرقى بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە، ھەرقانداق دېھقان بازار ئېھتىياجىغا قاراپ ئىش قىلىشى، پەن - تېخنىكا، ئىلمىي ئۇسۇلغا تايىنىپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشى، ھەرقايسى جايلارنىڭ تېرىقچىلىق، ئىشلەپچىقىرىش، بازار ئەھۋالىنى كۆزىتىشى، تەھلىل قىلىشى، تورلۇك ئۇچۇرلارنى ئىگىلىشى، مال باھاسىنى مۆلچەرلىشى، بازار خەۋپ - خەتىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى لازىم. نوپۇسىنىڭ %2 نىگىمۇ يەتمەيدىغان تۇرۇقلۇق، 280 مىليون نوپۇسنى بېقىپ، يەنە باشقا دۆلەتلەرگە ئاشلىق ئېكسپورت قىلىدىغان ئامېرىكا دېھقانلىرى، ھازىر كومپيۇتېر ئارقىلىق تورغا كىرىپ، تورلۇك يېزا ئىگىلىك ئۇچۇرلىرى، مال باھاسى، جايلارنىڭ تېرىقچىلىق ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي ئۇقۇشىدۇ؛ گېنى ئۆزگەرتىلگەن ئۇرۇقلارنى، ئېسىل سورتلارنى تاللاپ تېرىيدۇ، ھاۋارايى، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلەرنى تەھلىل قىلىدۇ؛ مەھسۇلاتنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش يولىدا ئىزدىنىدۇ. بۇلار بىز ئۈچۈن بىر ئۈرنەك. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى، ھەتتا ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلاردىكى دېھقانلارمۇ بازار كۆزىتىدۇ. ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن

تىرىشىدۇ. «ئۆردەك گۆشى يېسەڭ، غازنىڭ پېيىدە بول» دېگەنگە ئەمەل قىلىدۇ… بىراق، بىزنىڭ يېزا - بازارلىرىمىزدىكى دېھقانلار- نىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يۇقىرىقى نۇقتىلارغا ئېتىبار قىلمايدۇ، ئەنئەنىۋى قېلىپ، كونا كۆزقارىشى بويىچە ئىش قىلىدۇ. دورامچى- لىق قىلىدۇ، قايسىسى ئاسان بولسا شۇنىڭغا يۈگۈرىدۇ. «كۆيگەندىن كۆنگەن يامان» دېگەندەك، كۆنۈپ قالغىنى بويىچە باشقىلار بۇغداي تېرىسا بۇغداي تېرىيدۇ، كېۋەز تېرىسا كېۋەز تېرىيدۇ، قوغۇن - تاۋۇز تېرىسا قوغۇن - تاۋۇز تېرىيدۇ… شۇنىڭ بىلەن ھەممە كىشى بىر «يول» غا كىرىپ قېلىپ، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتى «كاسات بازار» غا ئۇچرايدۇ - دە، «دېھقاننىڭ مېلىنى پۇلغا ئالمايدۇ» غان بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەتتىن، باشقىلاردىن ئاغرىنىپ، «بىر تاغار بۇغداي پۇلىغا بىر قاپ خىمىيىۋى ئوغۇت كەلمەيدۇ» دەپ ۋايسايدۇ. بازار دېگەن شۇنداق رەھىمسىز كېلىدۇ، غەلىبە قىلىش، مەغلۇپ بولۇش ھەركىمنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە باغلىق. دېمەك، «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر» . شۇڭا، ھەربىر دېھقان بازارنى ياخشى چۈشىنىشى، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات ھەم- مىدىن بۇرۇن «يېڭىلىق» سۈپىتىدە بازارغا كىرىشى، مەھسۇلاتىدا خاسلىق، ئالاھىدىلىك بولۇشى، مۇھىمى بازارنى ئالدىن مۆلچەرلى- شى، ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇشى لازىم.

## دېھقان بىرنى ئىككى قىلىش يولىدا تىرىشىشى لازىم

بازار ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم قويغىلى 10 نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، يېزىلاردىكى بىر قىسىم كادىرلار ۋە دېھقانلارنىڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا بولغان تونۇشى ھېلىمۇ دېگەندەك روشەن ئەمەس. يەنىلا پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي «كونا يول» دا ئايلىنىپ يۈرۈۋاتىدۇ. بۇنداق مېڭىۋەرسە نامراتلىق-

تىن قۇتۇلۇش، روناق تېپىش قىيىنغا توختايدۇ.

بازار ئىگىلىكى دېگەنلىك ئاممىباب تىل بىلەن ئېيتقاندا، بازار نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا، شۇنى ئىشلەپچىقىرىش، شۇنى بازارغا ئەكىرىش، شۇنى سېتىش دېگەنلىك. بۇ تاۋار ئىگىلىكى دېگىنىمىز-نىڭ نەق ئۆزى. تاۋار دېگىنىمىز، ئەلۋەتتە ساتقىلى، ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان بۇيۇم ياكى مەھسۇلات دېمەكتۇر. شۇنداق ئىكەن، بازار ئىگىلىكىدە ياشاۋاتقان ھەربىر كىشى، ئۆز ئىقتىدارى، ئۆز ماھارى-تى، ئۆز ئەۋزەللىكى، ئۆز شارائىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ماھىر-لىق بىلەن بازارغا يۈزلىنىپ، بازارغا ئېھتىياجلىق مەھسۇلات ئىش-لەپچىقىرىپ، پۇل تېپىش، باي بولۇشقا ئىنتىلىشى لازىم. جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ كىرىمى شىمالىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ ئوت-تۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش كىرىمىدىن 563 يۈەن تۆۋەن بولۇپ كەلمەك-تە. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: بىزنىڭ كادىرلىرىمىزنىڭ، دېھقانلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسى يەنىلا ئازاد ئەمەس. كۆزقارىشى، نۇقتىئىنەزىرى يەنىلا كونا، يەنىلا مېڭىپ كۆنگەن كونا يولدىن چىقىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. كونا يول، كونا ئىدىيە، كونا قا-راش، كونا ئادەتتىن ئادا - جۇدا بولمىغاندا، يېڭى يولغا بۇرالغىلى بولمايدۇ، «ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىمىز» دېگەنلەر قۇرۇق شوئار بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، خالاس. شۇڭا، ئالغا باسىمىز، روناق تاپىمىز دەيدىكەنمىز، ئەقىل - پاراستىمىزنى ئىشقا سېلىپ، يېڭى يولدا مېڭىشىمىز، قۇرۇلمىنى يېڭىۋاشتىن تەڭشىشىمىز، ئىشنى يېڭىۋاش-تىن باشلىشىمىز لازىم.

ھازىرقى بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە، دېھقانمۇ بىر تىجارەتچى ھې-سابلىنىدۇ، تىجارەتچى بولغانىكەن، پۇل تېپىشنىڭ، باي بولۇشنىڭ ئېپىنى ئىزدىشى لازىم. ئالدى بىلەن ئەقىل - پاراسەت، دىت - پەم بولۇش، ئاندىن جاپا - مۇشەققەتنى يېڭىش، قىيىنچىلىقنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئىرادىسى بولۇش كېرەك. چۈنكى، «پۇلنىڭ بىر ئۇچى بى-لەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە». ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بولغان

دېھقان ھېچ ئىش قىلالمىسا، «مالنىڭ بېشى توخۇ» دېگەندەك، ئىشنى
بىرنەچچە توخۇ، بىرنەچچە تۇياق چارۋا ياكى بىرنەچچە ئون كەپتەر
بېقىش، ئازدۇر - كۆپتۇر مېۋىلىك كۆچەت قويۇپ، ياخشى پەرۋىش
قىلىش، بىر - ئىككى مو يەرگە ياڭيۇ، پىياز دېگەندەك كۆكتات،
قوغۇن - تاۋۇز تېرىشتىن باشلىشى لازىم. ئەجىر قىلغانىكەن، مېۋى-
سىمۇ، ھوسۇلىمۇ بولىدۇ، بازارغا ئەكىرسە ئاز - تولا پۇلى بار
بولىدۇ. موزدۇزلۇق، ناۋايلىق، ئاشپەزلىك دېگەنگە ئوخشاش ھۈنەر-
بىلىملىرى بارلار ھۈنەر - بىلىملىرىنى ئىشقا سالسا، تېرىقچىلىق،
باقمىچىلىق ئىشلىرىنى يىلدىن - يىلغا كۆپەيتسە كىرىمىمۇ يىلمۇيىل
كۆپىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر توخۇسى ئىككى بولىدۇ، كەپتىرى
بىرەر 100 گە يېتىدۇ، 10 يۈەن پۇلى 100 يۈەن بولىدۇ. دېمەك،
«تاما - تاما كۆل تولار» دېگەندەك ئىش بولىدۇ. شۇنداق تىرىشىپ
ئەجىر قىلىپ، ئۈچ - تۆت يىل ئۆتسە 1000 يۈەنمۇ، 10 مىڭ يۈەنمۇ
تاپقىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىكى مۇھىم مەسىلە، دېھقاندىكى بىرنى ئىككى
قىلىش ئىدىيىسىنىڭ بولۇش - بولماسلىقىدا. ھازىرقىدەك كالا -
قويلىرىنى ۋاقتىدا نەسىللەندۈرمەي، كالا - قوينىڭ قورسىقىنى بىكار
قويۇپ، بىر - ئىككى يىل باقسا؛ تۆت - بەش ئاي بېقىپ سەمىرد-
تىپ، ئېغىلدىن چىقارماي (بازارغا ئەكىرمەي) تېزەك چۈشۈرۈپ
تۇرۇۋەرسە؛ توخۇ بېقىپ تۇخۇم ئالمىسا، باسۇرۇپ چۆجە چىقارمى-
سا، ئۇدۇللۇق تاپقان پۇلنى ئۇدۇللۇق خەجلەپ، دەسمىسى يوق
تىجارەتچى بولۇپ يۈرۈۋەرسە، قانداقمۇ باي بولغىلى بولسۇن؟ شۇڭا،
ھەربىر دېھقاندا «پۇل تېپىش» خىيالى قاناتلىنىپ تۇرۇشى كېرەك.
شۇندىلا لېۋىنى چىشلەپ يۈرۈپ، «دەسمايە» نى ئۇدۇللۇق كۆپەيتىپ
بارسا، مەبلەغ بارغانسېرى كۆپىيىدۇ، كۆپەيگەنسېرى تىرىشقىسى،
پۇل تېپىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنگۈسى كېلىدۇ. تىرىشماي،
ئىزدەنمەي، ھۇرۇنلۇق، قاششاقلىق قىلىپ «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا
چۈش» دەپ يېتىۋەرگەندە، «ھۇرۇنلۇقنىڭ ئاقىۋىتى خورلۇق»
بولىدۇ. شۇڭا، دېھقانلار بىرنى ئىككى قىلىش ئۈستىدە كۆپرەك

باش قاتۇرۇشى لازىم.

## دېھقانلارنىڭ كۆڭلىدە قانداق گەپلەر بار

«جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش خىزمىتى يىغىنى» نىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر كونا ساۋاقدىشىمنىڭ ئاكىسى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم.

— سىلىنىڭ تەشۋىق قىلغانلىرى بەرھەق راست گەپ، — دېدى ساۋاقدىشىمنىڭ ئاكىسى ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىدا، — ئەمما، بۇ گەپلەر بىزنىڭ بۇ جايدا ئاقمايدۇ، يۇقىرىنىڭ سىياسەت، تەدبىرلىرى ناھايىتى بەلەن بولسىمۇ، بۇ يەردە ئىجرا قىلىش جەريانىدا نۇرغۇنلىرى «چۇشۇپ» قالىدۇ ياكى «غايىب» بولۇپ كېتىدۇ...

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ — دېدىم سوئال نەزەرىمدە.

— ئىشلەنمىسىلە، تەكشۈرۈپ كۆرگەيلا، — دېدى گەپنى خۇلاسىلاپ.

مەن يېزىدا قىسقا ۋاقىت تۇرۇش جەريانىدا، يۇقىرىقى گەپنىڭ ئاز - تولا ئاساسى بارلىقىنى ھېس قىلدىم. راست دېگەندەك، يۇقىرىنىڭ بەزى سىياسەت، فاكچېنلىرىنىڭ روھى ئەينەن ئىجرا قىلىنمايدىكەن. بەزى كادىرلار ھېلىمۇ ئېتىز - مەھەللىلەردە يۈرۈپ، ئۇنى تېرى، بۇنى يىغ، ئۇنى تۆلە، بۇنى تاپشۇر دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر بىلەن دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالىدىكەن. ئۇلارنىڭ «بۇيرۇق» لىرى بويىچە ئىش قىلىپ، تېرىغان مەھسۇلاتلىرىغا خېرىدار چىقمىسا، بازاردا ساتالمىسا، ئۇلار قۇيرۇقنى خادا قىلىدىغان، بېسىم ئىشلىتىدىغان، پىسەنتىگە ئېلىپ كەتمەيدىغان، ساتالمىغان لازا، سامساق، قوغۇنلارنى باشقىلارغا تېڭىپ، «لازا ماجىراسى» ، «سامساق ماجىراسى» ، «قوغۇن ماجىراسى» پەيدا قىلىدى-

غان، زىيان تارتقان دېھقانلار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، دەرد تۆكىدىغان يەر تاپالماي قالىدىغان ئىشلارمۇ بولغان. بىر كەنتكە تۆت ـ بەشتىن توغرا كەلگەن كادىرلارنىڭ بىرى بىر ئىشنى سۈرۈشتۈرگىلى، بىرى بىر ئىشقا يېتەكچىلىك قىلغىلى، بىرى جەرىمانە ئالغىلى... يەنە بىرلىرى دېھقانلارنىڭ ئىشكىلىرىنى قېقىۋېرىپ دېھقانلارنى بىزار قىلىدىغان ئىشلار ۋە يەنە قالايمىقان جەرىمانە ئالىدىغان، ھەق يىغىدىغان، مەجبۇرىي، خالىس ئەمگەك، ھاشار مەدىكارلىققا تولا ھەيدەيدىغان ئەھۋاللار ھېلىمۇ تۈگەپ كەتمەپتۇ. شۇڭا، دېھقانلار بەزى كادىرلارنى كۆرسە، كۆرمەسكە سالىدىغان، مەھەللىگە كەلسە ئىشىكنى يېپىۋالىدىغان، ئاستا گەپ قىلسا چىڭ گەپ قىلىدىغان، «چېچىمدىن تولا خوجايىن، قايسىبىرىدىن قورقاي» دەيدىغان ئەھۋاللارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدىكەن.

ئۇنداقتا دېھقانلارنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا قانداق گەپلەر بار؟ ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدى نېمە؟

— بىزنىڭمۇ باي بولغىمىز يوق ئەمەس، — دېدى بىر دېھقان، — بىزنىڭ پۇت ـ قولىمىزدىكى «كىشەن» لەرنى ئېلىۋېتىپ، مەيلىمىزگە قويۇشى، ئۆزىمىز خالىغان تۈر ـ كەسىپلەرنى قىلىشىمىزغا، كەنت ـ مەھەللىلەرنىمۇ ئۆز ئەۋزەللىكى بار، ئۆز ئەمەلىيىتىگە باب كېلىدىغان تۈر ـ كەسىپ تاللىشىغا يول قويۇشى لازىم. باشقا دېھقان قېرىنداشلارمۇ مۇنداق دېيىشتى: بازار ئىگىلىكى دەۋرى بولغاچقا، كادىرلار بىزگە تېرىقچىلىق ئەركىنلىكىنى تولۇق بېرىشى، ھەممە ئىشقا تەڭ چات كىرىۋالماسلىقى، ئورمان قويساق باغ قىلىمىدىڭ، دەپ، ئانار قويساق ياڭاق قويمىدىڭ، دەپ «خاپا» قىلماسلىقى، خالىس، مەجبۇرىي ئەمگەك، ھاشار ـ مەدىكارلىققا تولا ھەيدىمەسلىكى، جەرىمانە، ھەقلەرنى تولا يىغماسلىقى، قىسقىسى، يۇقىرىنىڭ سىياسەت، فاڭجېن، تەدبىرلىرىنى ئەينەن ئىجرا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

دېھقانلار كادىرلاردىن يەنە يېڭى ـ يېڭى ئۇچۇر، سىياسەت،

تەدبىرلەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرۇشنى، ئىشلارغا پەن - تېخنىكا، ئىلمىي روھ بىلەن يېتەكچىلىك قىلىشنى، ئەڭ مۇھىمى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىغا بازار تېپىپ بېرىشنى، سېتىشقا ھەمكارلىشىشنى، ھەل قىلالمىغان قىيىن ئىشلارنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىشكە ياردەملىشىشنى، «چاكار» لىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى، قىسقىسى، «ئۇسسىغاندا سۇ، توڭلىغاندا كۆمۈر» يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىكەن.

## دەم ئېلىشمۇ بولسۇن

ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئەمگەك، خىزمەتكە يىغىنچاقلىنىدۇ. ئەمگەك، خىزمەت جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كىشىلەرنىڭ گۈزەل ئائىلە بەرپا قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەمگەك، خىزمەت بار يەردە، ئەلۋەتتە دەم ئېلىشمۇ بولىدۇ. دەم ئېلىش ئەمگەك، خىزمەتكە كۈچ تولۇقلاشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى. ئىنسانلار ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندىن بۇيان، ئەمگەك بىلەن دەم ئېلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ كەلگەن. دۆلىتىمىز نەچچە يىل ئىلگىرى «قوش دەم ئېلىش كۈنى» تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتا ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت بىلەن دەم ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ كەلمەكتە.

بىراق، كۆرگەن، ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، قىسمەن ناھىيە، يېزا - بازار، كارخانىلاردا « قوش دەم ئېلىش كۈنى» تۈزۈمى ئاساسىي جەھەتتىن تولۇق ئىجرا قىلىنمايدىكەن، بۇ جايلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر شەنبە - يەكشەنبە كۈندىكى دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ «خىزمەت» ، «ئىشلەپچىقىرىش» بىلەن ئالدىراش ئۆتىدىكەن. ئىدارە - ئورگانلارمۇ دەم ئېلىش كۈنلىرىگە «يىغىن» ، «باھالاش» ، «ئۆگىنىش» قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، كادىرلارنى قىمىر قىلالماس قىلىپ قويىدىكەن.

دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى خىزمەتلەرمۇ بەك راۋانلىشىپ كەتمەي-
دىكەن، «قۇلىقى يۇمشاق» گەپ ئاڭلايدىغانلار ئىشلەۋېرىدىكەن. بەزى
چاققانراق كادىرلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان «خىزمەت» لەرنى ئەپلەپ -
سەپلەپ ئادا قىلىپ بولۇپ، «غايىب» بولىدىكەن. بەزى كادىرلار
«كەنتكە كەتتىم» دەپ قويۇپ «ئاتىنى ئايلىخانىغا، يولنى سارىخانىغا»
سالىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، دەم ئېلىش كۈنىمۇ «ئىشلەيمىز» دې-
يىلگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە قىلغان ئىشنىڭ دېگەندەك ئۈنۈمى بولماي-
دىكەن، دەم ئېلىش ياكى خىزمەت ئاقماي، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى
كېلىپ چىقىدىكەن. بۇنداق دەم ئېلىش كۈنلىرىدە كادىرلارنىڭ كەي-
پىياتىمۇ تازا جايىدا بولمايدىكەن، بۇلارنى ئۇلار ئېغىزدا دېيەلمىگىنى
بىلەن كۆڭلىدە نارازى ئىكەن.

دەم ئېلىش — خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى قىلىشنىڭ
كاپالىتى. «دەم ئېلىشنى بىلمىگەن ئادەم خىزمەت قىلىشنىمۇ بىلمەي-
دۇ» ، ئۇلارنىڭ خىزمەت سۈپىتى، تۇرمۇش سۈپىتىمۇ تۆۋەنلەپ
كېتىدۇ. خىزمەتتە ئۈنۈم هاسىل قىلىمەن دەيدىكەنمىز، ئىشلەش
بىلەن دەم ئېلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم. يېزا - بازارلار-
دىكى كادىرلار ئارىسالدى ۋاقىتلاردا نورمال دەم ئالسا، ئىشلەپچىقى-
رىشنىڭ جىددىي پەيتلىرىدە دەم ئالمىسىمۇ ياكى ئازراق دەم ئالسىمۇ
بولىدۇ. بۇنىڭغا ئىشچى - خىزمەتچىلەر باشقىچە پىكىردە بولماسلىقى
مۇمكىن. لېكىن، «ئۇزمەي جەڭ قىلىش» بەك ئۇزاق داۋاملاشماسلى-
قى لازىم. بۇنداق بولغاندا، «كوماندىر - ئەسكەرلەر» هالسىراپ
قالىدۇ... مۇۋاپىق دەم ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلسا، ئىشچى - خىزمەت-
چىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىنى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇۋا-
لىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن بولغان باردى -
كەلدىنى نورمال داۋاملاشتۇرالايدۇ. توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم
ئىشلىرىغا ۋاقىت ئاجرىتالايدۇ. كىشىلەرگە ئادەمگەرچىلىك روھىنى-
مۇ ئىزهار قىلالايدۇ. بۇ كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق بولۇپ، پېنسى-
يىگە چىققاندا ئارىلىشىدىغان ئادىمى بولىدۇ، تەنها قالمايدۇ. ۋاقىت

چىقىرالىسا كۈتۈپخانىلارغا بېرىپ گېزىت - ژۇرنال، كىتاب ئوقۇيالايدۇ، كىتابخانىلارغا بېرىپ كىتاب - ماتېرىيال سېتىۋالالايدۇ، ئائىلە سەيلە - ساياھىتىنى ئېلىپ بارالايدۇ. قىسقىسى، ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرالايدۇ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ روشەن تونۇپ يېتەلەيدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، ئىجتىمائىي دۇنيا مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئىش تۈگىمەيدۇ. بىراق، ئىشنىڭ مۇھىم تەرىپى، ئاساسىي تەرىپى، مۇھىم بولمىغان تەرەپلىرى بولىدۇ. يېزا - بازارلار خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى پىلانلىغاندا، ئاساسلىقى، مۇھىم ئىشلارنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشى، كادىرلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ خىزمەت تاپشۇرۇپ، ۋاقتىدا دوكلات ئېلىپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇش، قىلغان ئىشتا جەزمەن ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى لازىم. بىر كۈندە تۈگەيدىغان ئىشنى بىر ھەپتىگىچە سوزغاندا، ئىشنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ، شۇڭا ئىشلىگەندە قاتتىق ئىشلەش، خىزمەتكە كۈچ سەرپ قىلىش، دەم ئالغاندىمۇ ياخشى دەم ئېلىش لازىم. ۋاقىت بىلەن ئۈنۈمنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

(2003 - يىل 9 - ئاي «شىنجاڭ گېزىتى»،
«قەشقەر گېزىتى»لىرىدە ئېلان قىلىنغان).

# تەننەرخ ھېساباتىغا سەل قارىماڭ

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ، تەننەرخ ھېساباتىنىمۇ ئىنچىكە قىلماي بولمايدۇ. نۆۋەتتە، دېھقانلارنىڭ بازار ئىگىلىكى ئېڭى ۋە بازارغا ئۇيغۇنلىشىش ئېڭى كۈنسېرى ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قىممەت قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈش، تەننەرخ ھېساباتى قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز بولماقتا. بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتمىگەندە، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشى، بېيىشى، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشى تەسكە توختايدۇ.

قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئەڭ ئاز ئەمگەك، ئەڭ ئاز سەرپىيات بىلەن ئەڭ زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشتۇر. بۇ قائىدە كارخانىلارغىلا ئۇيغۇن كېلىپ قالماي، يېزا ئىگىلىكىگىمۇ باب كېلىدۇ، چۈنكى دېھقانچىلىقمۇ بىر خىل تىجارەت، دېھقانمۇ بىر تىجارەتچى. ھازىر خېلى بىر قىسىم دېھقانلاردا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشتا خام چوت بولماسلىق، تەننەرخ ھېساباتى قىلماسلىق، قارىغۇچىلارچە مەبلەغ سېلىش، تەكرار ئەمگەك قىلىش، چىقىمنى تېجەشكە سەل قاراش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە ئۆزىنى ئورۇنسىز ئۇپرىتىشقا ئوخشاش مەسىلىلەر ساقلانماقتا. دېھقانلار بۇ مەسىلىلەرگە سەل قارىسا، قىلغان ئەمگىكى ئۈنۈمسىز ئەمگەك بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئۈنۈمسىز ئەمگەك قىممەت يارىتالمايدۇ، ئۈنۈمسىز ئەمگەك قىلىش نادانلىقتۇر. شۇڭا، نادانلىقتىن قۇتۇلماي

تۇرۇپ باي بولغىلى بولمايدۇ. دېھقانلار «ئۆگەنگەن كۆڭۈل ئۇچمە
پىشقىچە» دېگەندەك ئىلگىرىكى كونا پەدە بويىچە ئىش قىلىۋەرسە
زىيان تارتىشتىن قۇتۇلالمايدۇ، زىيان تارتماي پايدا ئالىمەن دەيدى-
كەن، چوقۇم يىل بېشىدا بۇ يىل نېمە تېرىيمەن، نېمە ئىش قىلى-
مەن، قايسى خىل زىرائەتنىڭ بازىرى ئىتتىك، قانچىلىك مەبلەغ،
قانچىلىك ئەمگەك سەرپ قىلىمەن، قانچىلىك مەھسۇلات ئالىمەن،
قانچىلىك كىرىم قىلىمەن دېگەنلەرنى ئىنچىكە ھېساب - كىتاب قىلى-
شى، يىلى ئاخىرىدا ئەمگەك سەرپىياتى، كىرىمنى خۇلاسە قىلىپ،
پايدا - زىياننى ئايرىشى، كېلەر يىلى ئۇچۇن ساۋاقلارنى قوبۇل
قىلىپ، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا كۈچ سەرپ
قىلىشى لازىم. ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئامېرىكىدا دېھقانچىلىق مەي-
دان خوجايىنلىرى بىر يىلدا تۆت ئاي يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللان-
سا، قالغان سەككىز ئايدا كېلەر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇن
ئىدىيە ۋە ماددىي جەھەتتە تەييارلىق كۆرىدىكەن، ھەرقايسى دۆلەتلەر-
گە ۋە خەلقئارا بازارغا كىرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىكەن، بازار
ئەھۋالىنى كۆزىتىدىكەن ۋە تەھلىل قىلىدىكەن، ئۇچۇر ئىگىلەيدى-
كەن، شۇ ئاساستا نىشاننى بەلگىلەيدىكەن، پىلان تۈزىدىكەن ۋە ئۇنى
ئىشقا ئاشۇرۇش تەدبىرلىرىنى بېكىتىدىكەن. ھازىر مەملىكىتىمىزدى-
كى بىر قىسىم دېھقانلار تور ئارقىلىق بازار ئەھۋالىنى، يېزا ئىگى-
لىك ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلەپ، ئاندىن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش،
سېتىشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ. لېكىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم
دېھقانلىرىمىز ھېلىمۇ كونا ئەنئەنە بويىچە «تەۋەككۈل دەرياسىغا سال-
غىن كېمە، خاھى ئاقسۇن، ئاقمىسۇن غەم يېمە» دېگەن تەمسىلدىكى-
دەك ئىش كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە نېمە تېرىيمەن، قانچىلىك
مەبلەغ سېلىپ، قانچىلىك ئەمگەك سەرپ قىلىپ، قانچىلىك مەھسۇ-
لات ئالىمەن، دېگەنلەر توغرىسىدا ئېنىق سان يوق. قىسقىسى ئۇلار
تەننەرخ ھېساباتى قىلمايدۇ. تەننەرخ پايدا - زىياننى ئايرىيدىغان
مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. سالغان مەبلەغ، سەرپ قىلغان ئەمگەكتىن

قىلىنغان ھاسىلات ئەلۋەتتە سەرپ قىلىنغىنىدىن كۆپ بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانلار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغاندا، تەننەرخ ھېساباتى، پايدا ـ زىيان ھېساباتىنى ياخشى قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش سەرپىياتى، ئەمگەك سەرپىياتى جەھەتلەردە كۆڭۈلدە ئېنىق سان تۇرغۇزۇشى لازىم. شۇنداق ئادەتنى يېتىلدۈرگەندە خىراجەتنى ئازايىتىپ، چىقىمنى كونترول قىلىش، ئۈنۈمدارلىقنى ئۆستۈرۈش، ئاز مەبلەغ، ئاز ئەمگەك كۈچى ئارقىلىق يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىش ئۈستىدە سۆز ئاچقىلى بولىدۇ.



# «مېھىر ـ شەپقەت» ئەبەدىي باھار ئاپتىپىدەك يېقىملىق تۇيۇلسۇن

«مېھىر ـ شەپقەت» دەپ قەلەمگە ئېلىنۋاتقان مۇشۇ مىنۇتلاردا بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ ئاجايىپ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى يېڭىۋاشتىن چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمەن.

«مېھىر ـ شەپقەت» كىشى كۆڭلىنىڭ ھەرقانداق ئېغىر، مۇرەككەپ قۇلۇپىنى، ھەرقانداق كىشىنىڭ قەلب ئىشىكىنى ئاچالايدۇ. «مېھىر ـ شەپقەت» ھەرقانداق ئېغىر مۇشكۇلاتلارنى ناھايىتى يەڭگىل، ئوڭۇق، داغدام قىلالايدۇ. «مېھىر ـ شەپقەت» كىشى چېھرىگە كۈلكە، ئاۋازىغا ياڭراق سادا، كۆزلىرىگە نۇر ئاتا قىلىدۇ ھەمدە ھەرقانداق كىشىگە دۇنيانىڭ يېقىملىقلىقىنى، ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ؛ كىشىنى مۇھەببەتكە، غەلىبە ـ مۇۋەپپەقىيەتكە باشلىيالايدۇ. «مېھىر ـ شەپقەت» سېخىي، مېھرىبانلىق روھىنى، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، خالىس ياردەم بېرىش روھىنى، ئېتىقاد روھىنى، ئەلگە ساداقەتمەنلىك روھىنى، كەڭ قول، كەڭ قورساقلىق روھىنى، ھۆرمەت، ئۇلۇغلۇق روھىنى نامايان قىلىدۇ ھەمدە ھاياتلىقنىڭ گۈزەللىكىنى، تۇرمۇشنىڭ مەپتۇنكارلىقىنى ئاشۇرىدۇ. قىسقىسى «مېھىر ـ شەپقەت» — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كەڭ داستىخىنى، سېخىي، ھىممەتلىكىنىڭ يارقىن كۆرۈنۈشى، ئادىمىيلىكنىڭ مۇنارى ھەم تاجى.

تۇرمۇشىمىزدا نۇرغۇن كىشىلەر سان ـ ساناقسىز ئۆملۈك گەۋ-دىلەر، مېھىر ـ شەپقەت دوستىخانىنى كەڭ يېيىپ، قېرىنداشلىرىغا سېخىي، كەڭ قورساقلىق، مەردلىك ئەيلەپ، ئاجىز ـ يوقسۇللارغا مېھرىبانلىق ياغدۇرۇپ، يېتىم ـ يېسىر، پېقىر ـ مىسكىنلەر ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش قىلىپ بېرىپ، ئالەمشۇمۇل ھۆرمەت، شۆھرەت قۇ-چۇپ، ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكەتلىرى كۆنسېرى نۇسرەت ـ كامالەت تاپماقتا.

بۇ تەرىپلەرنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە قەشقەر «تاختىكۆۋرۈك» ئېگىزلىكىگە جايلاشقان «مېھىر ـ شەپقەت دوختۇرخانىسى» نى تىلغا ئالساق ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. بۇ دوختۇرخانا ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «مېھىر ـ شەپقەت» ئىگىسى، كىشىلەرگە سەمىمىي، خالىس ياردەم قىلىشنىڭ ئۈلگىسىدۇر. بۇ دوختۇرخانا قۇرۇلغان 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، يىراق يېزا ـ سەھرا، شەھەردىن بولسۇن، تاۋى يوق بولۇپ چىققان ئاجىز، مىسكىن، نامرات دېھقانلار، كەمبەغەل، «بەشتە كاپالەتلەنگۈچى» ئاھالىلەرنىڭ كېسىلىنى ئىمكانىيەتنىڭ با-رىچە ھەقسىز ياكى ئېتىبار بېرىپ داۋالاپ، ئۇلارغا 300 مىڭ يۈەن-لىك دورا، داۋالىنىش جەھەتتە ئېتىبار قىلىپ ھەم پايدا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى داۋالىنىش غەم ـ قايغۇسىدىن خالاس قىلدى. ئاقتۇ ناھىيە-سىدىكى كەمبەغەل ـ نامراتلاردىن ئېلىشقا تېگىشلىك 500 مىڭ يۈەنلىك داۋالىنىش چىقىمىنى كۆتۈرۈۋەتتى. دوختۇرخانىدا داۋالىنى-ۋاتقان نامرات، قىيىنچىلىقتا قالغان كىشىلەرگە خالىس پۇل ياردەم قىلىپ، ئاش ـ تاماق ئېلىپ بېرىپ، «مېھىر ـ شەپقەت دوختۇرخانى-سى» نىڭ ئىللىق ماكان ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ھېس قىلدۇردى. شۇ ۋەجىدىن، «مېھىر ـ شەپقەت دوختۇرخانىسى» نىڭ ئىخلاسمەنلىرى كۈنسېرى كۆپىيىپ باردى. دوختۇرخانا باشلىقى، مۇدىر دوختۇر ھاكىم مۇھەممەت ئۆزلىرى داۋالىغان ئاغرىقلارنىڭ سانىنى تەخمىنەن سان بىلەن ھېسابلاشنى راۋا كۆرمىدى بولغاي، پەقەت ئۆزلىرى يولغا قويغان 30 نەچچە خىل ئوپېراتسىيە تېخنىكىسى بىلەن 4000 دىن

ئارتۇق ئاغرىقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاپ ساقايتقانلىقىنى جەزم قىلىپ ئېيتتى. ئۇلار يەنە ھەرخىل تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت، تېببىي تېخنىكومىلارنى پۈتكۈزۈپ ئىش كۆتۈپ تۇرغان 80 دىن ئارتۇق ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتتى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ھەسسە قوشتى. ئۇلار خۇددى مۇنتىزىم ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىدەك ھەر خىل كلىنكىلىق بۆلۈملەر، رېنتگېن، CT ئاپپاراتى، B تىپلىق ئوتتۇرا ئاۋازلىق تەكشۈرۈش ئاپپاراتى، ئالىي دەرىجىلىك قان تەكشۈرۈش ئاپپاراتى، كۆپ ئىقتىدارلىق ناركوز ئاپپاراتى قاتارلىق ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى يۈرۈشلەشتۈردى. بۇ دوختۇرخانىدا ئالىي ئۇنۋانغا ئىگە تەجرىبىلىك دوختۇرلار، قابىل سېستىرالار ۋە خىزمەت كۈتۈپ تۇرغان ئالىي - ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولۇپ، 100 دىن ئارتۇق ئادەم ئەل - ئاۋام ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۇلارغا مېھىر- شەپقەت يەتكۈزۈپ كەلمەكتە.

دۇنيا ھەقىقەتەن مېھىر- شەپقەت بىلەن تولغان. دۇنيادا مېھىر-شەپقەت بولمىغان بولسا، ئالەم تۇمان، غۇۋالىق بىلەن تولۇپ كەتكەن بولاتتى. پەقەت مېھىر - شەپقەتلا ئالەمنى يورۇق، دىللارنى ئوچۇق قىلىپ، ھاياتلىقنى جان دېنى، جان سۆيى بىلەن ياشارتىپ، كۆلدۈرۈپ كەلمەكتە. بىراق، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئورۇن، شەخسلەرنىڭ ھەمدە بەزى قول ئىلكىدە بولسىمۇ پىخسىقلىق تەن - تېنىگە سىڭىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ مېھىر - شەپقەت داستىخىنى يوق، بولسىمۇ كىچە - كۈندۈز يېپىقلىق بولۇپ، كەمبەغەل، يېتىم - يېسىرلارغا، بېشىغا تاسادىپىي «كۈن چۈشكەن» غېرىب - غۇرۋالارغا ئېچىلغۇسى كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ پۇل - بېساتى، مال - دۇنياسى بىھېساب بولسىمۇ، جايىدا ئىشلەتمەيدۇ، ئىشلەتكەن تەقدىردىمۇ چەكتىن ئاشقان مەئىشەت، ساختا شۆھرەت، قۇرۇق ئابرۇي، ھوقۇق - مەنپەئەت ئۈچۈن بۇزۇپ چاچىدۇ، نامرات - كەمبەغەللەرگە، مىسكىن - پېقىرلارغا ئۇمىد بېغىشلىيالمايدۇ، يېتىم - مىسكىنلەرگە ھاياتلىق ساۋابى يەتكۈزەي دېمەيدۇ، بۇلار كەڭ ئالەم-

نىڭ بۆلۈك - پۇچاقلىرىدىكى كىچىككىنە بىر قاراڭغۇ بۇرجەك بولۇپ، بۇلارنىڭ پىخسىق، نادان، مەنىۋىيەتسىز ھالىتى كەڭ مېھىر، شەپقەت دۇنياسىغا نوقسان يەتكۈزەلمەيدۇ. بىپايان، چېكى يوق مېھىر- شەپقەت دۇنياسى يەنىلا كىشىلەر كۆڭلىنى رام قىلىپ، ئالەمنى نۇرلاندۇرۇپ بارىدۇ، ھەرقانداق كەسىپ، ھۈنەر تىرىشچانلىق، سېخىيلىق، ھىممەتلىك بىلەن روناق تاپىدۇ، گۈللەپ ياشنايدۇ، پاسىقلىق، ھۇرۇنلۇق، پىخسىقلىق بىلەن زاۋال تاپىدۇ، تەپەككۇر، ئانالىز، پىلان - تەدبىرلەر بىلەن كامال تاپىدۇ؛ دوراش، شاختىن- شاخقا قونۇشتىن، نىيىتى ئالىلىقتىن ۋەيران بولىدۇ.

ھەي ئادەملەر مېھىر - شەپقەت ھىممىتىڭ بىلەن دۇنيانى ئۆزۈڭگە مېھرىبان قىل، كەڭ قورساق، سېخىي داستىخان بول، ھەرگىز زىيان تارتمايسەن! بۇ دۇنيا «مېھىر - شەپقەت» بىلەن سۈيۈملۈكتۇر.



# يەنمۇ كامال تاپ



دۇنيانىڭ، دۆلىتىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئۆزگىرىشى، تەرەققىيا- تى دىيارىمىز خەلقىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، دۇنيا- غا، ۋەتەنگە تەلپۈندۈرمەكتە. بىر قىسىم غايى- لىك، ئۈمىدۋار، پىداكار ياشلىرىمىز ئىقتىسا- دىي جەھەتتىكى نامراتلىقىمىز، پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى قالاقلىقىمىزغا قارىماي، دۇنيا ھەم دۆلىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەر قاتارىدا دەۋر رىتىمىغا توغرىلىنىپ، يېڭىلىققا، تەرەققىياتقا قاراپ نەرە تارتماقتا. «شىنجاڭ 〈ئامىنە〉 يېزا ئىگىلىك يۇقىرى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى» قۇرغان «قەشقەر 〈ئامىنە〉 مۇسۇلمانچە يېمەكلىك چەكلىك مەسئۇلى- يەت شىركىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ئابدۇقەييۇم مۇھەممەت- ئىمىن ئۇلۇغۋار غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، تەرەققىيات بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقان ياش كارخانىچىلارنىڭ بىرى. «قەشقەر سانائەت رايو- نى» غا جايلاشقان ئومۇمىي يەر كۆلىمى 52 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3800 كۋادرات مېتىرلىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىگە ئىگە، يىلىغا 80 مىليون خالتا تەييار چۆپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بۇ شىركەتنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئابدۇقەييۇم مۇھەممەتئىمىن، 1970- يىلى قەشقەر چاسا كوچا باشقارمىسى قازانچىيارىبېشى مەھەللى-

سىدە بىر ئىلىم سۆيەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچىلا ئوقۇيالىغان بولسىمۇ، دادىسى مۇھەممەتئىمىن ھاجىنىڭ بىر ئۆمۈر جاپالىق ۋە ھالال ئىشلەش، ھالال ياشاشتەك ئېسىل روھىنى ئۈرنەك قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئاكا - ئۇكىلىرى بىلەن بىللە كىچىك تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر خىل بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىدا ئوقۇپ، ئۆزىنى چېنىقتۇردى. ئۇ، قانات - قۇيرۇقلىرى يېتىلىشكە باشلىغان 1992 - يىلدىن باشلاپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قاراپ قانات قېقىشقا باشلىدى. جېجياڭ، گۇاڭدۇڭ، شەندۇڭ، ئەنخۇي قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ سودا - تىجارەت قىلىپ قالماي، قىرغىزىستان، پاكىستان قاتارلىق جايلاردىمۇ سودا - تىجارىتىنى ياخشى يۈرۈشتۈردى، باشقىلارغا ئوخشاش ئازراق پۇل تاپسا كېرىلىپ كەتمەي، بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلمىدى، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلمىدى، بەلكى «ئىلىم قەلبنىڭ زىننىتى»، «بىر كىتاب مىڭ ئادەمگە ئۇستاز»، «ئىلىمسىز تۇرمۇش تۇزسىز ئاش» دېگەن ھېكمەت - ئەقىدىلەرنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، قەيەرگە بارسا يېنىدىن كىتابنى ئۈزمىدى، كىتاب، بىلىم، جەمئىيەت، رېئاللىقتىن ئەقىل، يول، پۇل تاپتى، خەنزۇ تىلى ۋە باشقا تىللارنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، سودا - تىجارەت يولى ئۈچۈن پۇختا «كۆۋرۈك» سالدى. شۇنداق قىلىپ 13 يىل سودا - تىجارەت دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، بارا - بارا تەرەققىي قىلىپ، راۋۇرۇس پىشقان ھەقىقىي ئۇيغۇر سودىگىرىگە، پىشقان بىر كارخانىچىغا ئايلاندى. ئۇ 2005 - يىلى «شىنجاڭ 〈ئامىنە〉 ئالاھىدە يېزا ئىگىلىك يۇقىرى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى» 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان، «قەشقەر 〈ئامىنە〉 مۇسۇلمانچە يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى بولۇپ تەيىنلىنىپ، بىر چوڭ زامانىۋى، ئىلغار كارخانىنىڭ باشقۇرغۇچىسىغا ئايلاندى. بۇلتۇر6- ئايدا ئىشقا كىرىشتۇرۈلگەن، ئۇسكۇنىلىرى ئىلغار، زامانىۋى بۇ زاۋۇت ھازىر ھەر خىل تەملىك

تەييار چۆپلەرنى ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سالدى. بۇلارغا ئالىي دەرىجىلىك بۇغداي ئۇنى، تۇخۇم ۋە چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلىدىغان ئالىي سۈپەتلىك پالما يېغى ۋە ئادەم بەدىنىگە كېرەكلىك بولغان ئوزۇقلۇق ماددىلارنى خام ئەشيا قىلدى، ئارىلاشتۇرۇشقا قوي، كەپتەر گۆشىدىن كىچىك قىيام خالتىسى ئىشلەپچىقاردى، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىگە تولىمۇ ماس كېلىدۇ ھەم ئۆزگىچە پۇراق، تەم، لەززەتكە ئىگە پاكىز، ھالال تەبىئىي يېمەكلىكتۇر.

ئابدۇقېيۇم مۇھەممەتئىمىن دۆلەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۈكىنى يېنىكلىتىشكىمۇ تۆھپە قوشتى. بۇ شىركەت ھازىر ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرۇس، مەخسۇس كۇرۇس ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتكۈزگەن 80 دىن ئارتۇق ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلار ئۆز تەقدىرىنى شىركەت ئىشلىرى بىلەن زىچ باغلاپ، ئىش ئورنىنى قەدىرلەپ، يۇقىرى تەلەپ بويىچە بېرىلىپ ئىشلىمەكتە. يېقىندىن گۈللىنىۋاتقان «قەشقەر تەرەققىيات باغچىسى»غا گۈزەل قىز مەڭزىدىكى «خال»غا ئوخشاش گۈزەل ھۆسن بېغىشلىغان بۇ زاۋۇت گەرچە نۇرانە چېھرىنى جامائەتكە كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ زاۋۇت كۈنلۈكى ئىشلەپچىقارغان 3000 يەشىك، ئون نەچچە خىل تەييار چۆپ مەھسۇلاتلىرى ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى 60 نەچچە ئورۇندا ۋاكالىتەن سېتىلىپ، تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى تۇرمۇشىغا ئۆزگىچە تەم - پۇراق كىرگۈزمەكتە ھەم قىرغىزىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقىرىلىپ، بۇ دۆلەتلەردىكى خەلقلەرنىڭمۇ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشمەكتە.

«قەشقەر 〈ئامىنە〉 مۇسۇلمانچە يېمەكلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى»نىڭ ئىشلىرى يەنىمۇ كامال تاپقاي!

本书选录作者最近几年以来创作的50余篇谈论作品。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئوسمانجان زۇنۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۇل سىدىق

# ئاخىرلاشمىغان پاراڭلار
(مۇلاھىزە - مۇھاكىمىلەر توپلىمى)

ئاپتورى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر قەشقەرى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880مم 1/32
باسما تاۋىقى: 8.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006- يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرىژى: 3080 —— 1

---

ISBN7 — 5373 — 1493 — 4
باھاسى: 14.80 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق





ISBN 7-5373-1493-4

9 787537 314930 >

ISBN 7－5373－1493－4
（民文）定价:14.80元